

# تارىم

AltunOq

5

1985

# ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇرپاندا ئېچىلغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مۇھاكىمە يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى ئابلىز نازىرى يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىمەكتە.



شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ مۇھاكىمە يىغىنىدا شېئىرىيەت ئىجادىيىتى توغرىسىدا نۇقتىلىق پىكىر بايان قىلماقتا.



«تارىم» ژورنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئەخەت تۇردى يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى نامىدىن ئېچىش نۇتقى سۆزلىمەكتە.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

AltunOq

28 - يىل نەشرى

1985

# مۇندەرىجە

## نەسرىي ئەسەرلەر


يېشىل مەرۋايىت (پوۋېست) ...... قەييۇم تۇردى 21

ئاتا كەسپى (ھېكايە) ...... سۇلتان ھاشىم 55

تەستەك (ھېكايە) ...... غوپۇر قادىر 62

خانتەڭرى قىزى (پوۋېست) ...... ئېزىز ساۋۇت 64


## شېئىرلار


قۇرلار ۋە ئۈنچىلەر ...... ئەخمەتجان ئوسمان 4

ئەركىم، بەختىم تولۇق ئۆزەمنىڭ ...... ياسىن زىلال 7

شېئىرلار ...... ئىلغارجان سادىق 11

لىرىكىلار ...... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 46

شېئىرلار ...... جاپپار ئەمەت 49

ئاي قارايدۇ رۇجەكتىن ...... جېلىل خېلىل 52

سۇنىڭ تويى ...... مۇنى تابىلدى 53

قانچىلىك گۈزەلسەن ئۇلۇغ ۋەتىنىم (سىكىل) ...... ئابابەكرى ئەمەت 94

ئۈچ شېئىر ...... ئابلىكىم خېۋىر 96

قىسقا شېئىرلار ...... خەلىم سالىخ 98

«ساھىپخان» ...... ئابدۇراخمان مامۇت 100


## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز


ھارماس قەلەمكەش — ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ...... 101

يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار ...... 104


## تەرمە گۈللەر


قارا دولان (ھېكايە) ...... نۇر روزى 115

# تارىم


مەن ئاق بايراق ئەمەس (شېئىر) ........................ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 120


### ئەينەك


ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ ........................ ئەلقەم ئەختەم 123
مەدھىيە ئۇچۇن ھەدىيە ........................ ئابلىمىت روزى 127


### ئوبزورلار ۋە ماقالىلار


شېئىرىيىتىمىزدە يېڭى بۆسۈش ۋەزىيىتى يارىتايلى ........................ 12
شېئىرىي ئىجادىيىتىمىز ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم ........................ سىدىق ھاجى روزى 106
ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر ........................ 129
ئەدەبىي ئاتالغۇلارنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى ........................ 134


### چەتئەل ئەدەبىياتىدىن


شېئىرلار ........................ ئابدۇللا ئارسىپوۋ 139


### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


نەيرەڭۋاز (چۆچەك) ........................ 145


### يۇمۇر ۋە ساتىرا


مەسەللەر ........................ زۇنۇن قادىر 157
مەسەل ۋە ھەجۋىي شېئىرلار ........................ ئۆمەرجان روزى 159
تامچە ........................ مەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا 160



رەسىم ۋە ھۆسنخەتلەرنى مەھەممەت ئايۇپ سىزغان ۋە يازغان.

# قۇرلار ۋە ئۈنچىلەر

## ئەخمەتجان ئوسمان

ئۆمىلىك ياش شائىر ئەخمەتجان ئوسمان 1964 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1981 - يىلى ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىۋىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. مەكتەپ ئۇنىڭ ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1982 - يىلى 11 - ئايدا سۇرىيە دەمەشىق ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن، هازىر بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىدا ئوقۇۋاتىدۇ.

ئەخمەتجان ئوسمان ئەدەبىيات سېپىگە 1980 - يىلدىن كېيىن قەدەم قويغان ئىدى. هازىر - غىچە ئۇنىڭ 80 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرىي ئەسەرلىرى «تارىم»، «شىنجاڭ گېزىتى» ، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. 1983 - يىلى ئۇنىڭ «ئۇ مەكتەپكە بارسۇن» ناملىق شېئىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمۈرلەر ئەدەبىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ئۇنىڭ دەمەشىقتىن ئەۋەتكەن بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى باستۇق.

— تەھرىردىن.

### سەھەر ئېرىكىسى

كەڭ ئۇيۇقتا تۇتۇپ زەر جىيەك،
چۇققىلاردىن ئۆرلىدى قۇياش،
جىلۋىدىلەندى چىمەنلەر تۇتاش،
ئوتقاش كەبى تاۋلىنىپ چېچەك.
ئېپار چېچىپ ئۇچۇدۇ سابا،
شۇنچە لەرزان تەۋرىنىدۇ گۈل.
گۈل شېخىدا سايرايدۇ بۇلبۇل،
زوقى بىلەن قىلىپ شوخ ناۋا.
قوتانلاردا مەرەيدۇ موزاي،
تېپچەكلەيدۇ، كىشنەيدۇ تايچاق.
تاتلىق كۈلۈپ ئويغاندى بوۋاق،

بۇدرۇققىنە، ئەركە، ئاي چىراي.
قونداقلاردا كۆرۈنمەس خوراز،
ئوتلاقلاردا يۈرەر پادىلار.
شامال بىلەن كېزىپ ۋادىلار،
نەي ئاۋازى قىلىدۇ پەرۋاز.

نەي چالىدۇ پادىچى بالا،
چۆمۈپ قەلبى سەھەر پەيزىگە.
كۆيى چىقسا راسا ئەۋجىگە،
يۈرەكلەرنى قىلار مۇپتىلا.
كۆندە سەھەر ماڭغاندا ئىشقا،

مەن ئۆتەرمەن ئۇنىڭ يېنىدىن،
ھەر ئۆتكەندە،
نەيىنىڭ كۈيىدىن
داۋالغۇيدۇ قەلبىم نىمىشقا؟!

ئىخ!
تاڭ ـ سەھەر سۆيۈمەن سېنى،
سۆيۈمەن شۇ گۈزەل ھاياتنى.
سەن بېرىسەن سۇنماس قاناتنى،
ۋە چوققىغا ئۈندەيسەن مېنى.

## يامغۇر

1

يىراق ئۇپۇقتىن
ئۇچۇپ كەلگەن بۇلۇتـلار
سۆيگۈسىمۇ يەرگە دېڭىزنىڭ؟

2

ئۈنچىلەر
تۆكۈلدى يەرگە تاراسلاپ.
ئۇرۇپ دىماققا
ھىد كېلىدۇ تۇپراقتىن
ھىدى ئەمەس تۇپراقنىڭ،
ۋە يا يامغۇرنىڭ،
ئۇ كېلىدۇ
ئىككىسىنىڭ قۇچاقلىششىدىن،
مېھرى بىلەن سۆيۈششىدىن.

3

دېڭىزنىڭ كۆز يېشى بۇ،
قايغۇلۇق كىرپىكلەرنى نەملىگەن.
سىڭىپ كەتمەكتە،
قۇياش كۆيدۈرگەن قەۋرىلەرگە.
قاچانقى قەۋرىلەر بۇ؟
كىم تاشلىغان ئاڭا
يەتتە كەتمەن سېرىق تۇپىنى؟
كىملەر ئۇخلايدۇ ئۇندا؟
يەنە ئۇخلايدۇ قاچانغىچە؟
قايسى قىز،
قايسى كېلىن،
قايسى ئانا
ئاچچىق تولغاق يىگەن ئۇلاردىن؟
يامغۇر بىلمەس بۇنى تېخىچە ...

4

قۇياش نۇرى
تارتىلدى يەرگە يىپەك يىپ بولۇپ،
ئەتلەس توقۇغاندەك.
ئاسماندىكى ھەسەن ـ ھۈسەن
تويلىغىمۇ سېرىق تۇپراقنىڭ؟

5

داڭگالنى يېرىپ چىققان
قىزىلـگۈل،
مەڭزىدە شەبنەم يالتىرايدۇ ...

## ئىككى قۇياش قەسىدىسى

گۈزەللەردىن ئەمەسسەن، جېنىم،
سەندە يوقتۇر گۈلنىڭ ياشنىشى.
ئاھۇ كۆزى ئەمەس كۆزلىرىڭ،
ئەمما ئۇندا نۇرنىڭ چاقنىشى.
بېزدەيدۇ سېنى نەۋ باھار،
تېزۇتمايدۇ كەچكۈز جۇدۇنى.
ئىككى قۇياش يانسا يۈزۈڭدە،
ئۇنىڭ ئەكسى تۇرسا كۆزۈمدە،
سۆيگۈمىزنىڭ نەدىكەن تۈنى؟!

## بۆشۈك

ياغاچتىن ئويۇلغان،
چىرايلىق ياسالغان
بۆشۈك بۇ،
تەۋرىتىدۇ، ئانا
يۈزىنى قورۇق باسقان،
بېشىغا قار ياققان.
سەن ياتقان،
مەن ياتقان
بۆشۈك بۇ.
كۆرمەي تۇرۇپ
ئاينى، قۇياشنى،
تۈننى، كۈندۈزنى،
مۇڭلۇق ئەللەيلەشنى ئاڭلىغان،
بەزەن كۈلۈپ بەزەن يىغلىغان.

كىچىكنى چوڭ قىلغان،
تەتۈرنى ئوڭ قىلغان
بۆشۈك بۇ.
تېخى تۈنۈگۈنلا،
ياتمىغانمىدى ئۇندا
«دىۋان» نى يازغان؟ ...
سادىر پالۋان؟ ...

تېگى يۇمشاق،
مېھرى ئوچاق
بۆشۈك بۇ.
تېختاپ قالدىڭمۇ تەۋرەشتىن؟
ئاچچىق يىغلايدۇ يېڭى بوۋاق.
قېنى سەن، ئانا؟!
مەشغۇل قىلدىمۇ سېنى
ئۆتنى ئۇلۇغلاتماق،
بولماق قايناتماق؟

## تاۋۇت

1

قېرى قۇياش
ئالدى ئۆزىنى بىلۇت كەينىگە،
نۇرسىز ۋە غەمكىن.

2

ئاق باغلىغان بالا
يىغلاپ كېلىدۇ تاۋۇت ئالدىدا،
سۆگەت شېخىغا قونغان قۇشلار
تەكرارلايدۇ قوشاقلىرىنى:
«جېنىم دادا ...
جېنىم بىلەن كەتكەن دادا ...»

3

ئاق ماتاغا ئورالغان ۋۇجۇت
ئېيتالىغانمىدۇ ئارمانلىرىنى
يېتىم بالىسىغا؟
غۇنچىدەك يۇمران لەۋلەر
سۆيەلىگەنمىدۇ
يىللار خەنجىرى تىلغان ماڭلايدىن
ئەڭ ئاداقىتى سۆيۈشنى؟

4

تۈپا - چاڭدا،
ئويۇن ئويناپ تويماس بالىلار،
چىمچىقلىتىدۇ بۈركۈت كۆزلىرىنى
قاراپ تاۋۇتقا.
نىمىلەرنى ئويلايدىغاندۇ؟
بىر - بىرىدىن
نىمىلەرنى سورايدىغاندۇ؟

5

مۇڭلۇق، سۈرلۈك، قەدىمىي ئاھاڭ
تىترەتمەكتە قەۋرىلەرنى ...
غۇلاتماقتا ئەرشلەرنى ...

# دېڭىز ئوغلى

(بەلەستىنلىك دوستۇمنىڭ يانچۇق دەپتىرىدىن)

ئوتقاشنىڭ لاۋۇلدىشى ئۇپۇقلاردا
دېڭىزغا قان رەڭگىنى چاچار شۇ دەم.
كۆيدۈرگۈچ نۇرى بىلەن يانماس قۇياش،
ئۇپۇقتا يېقىلدۇ ھالسىز، بىغەم.
كېزىدۇ سۇ ئۈستىدە ئۇچقۇر شامال،
رىتىمسىز ئاھاڭلارغا قىلىپ تەڭكەش.
تەۋرىنىپ دېڭىز كۆچلۈك كۆۋۈكلەيدۇ،
كۆۋۈكلەر داۋالغۇيدۇ ياساپ ئۆركەش.
چۆچۈتۈپ ئۇخلىغان قۇم - شېغىللار
قىرغاقتا ئۇرۇلۇدۇ، دولقۇن كېلىپ
سوقۇلار قىيا تاشقا ھەيۋەت بىلەن،
ئۇ ئېغىر سۇكۇناتتا چۇقان سېلىپ.
قىيا تاش ئۈستىدە مەن،
دېڭىز ئوغلى
تامچىلار چاچرىتىدۇ ۋۇجۇدۇمغا.
مەن ئويغاق،
ياكى مېنى ئوخشاتتىمۇ،
قىرغاقتا ئۈيقۇ باسقان ئاشۇ قۇمغا.
مەن ئويغاق،
ئۈگدەيدۇ پۈتۈن ئەتراپ،
دېڭىزغا شۇڭغۇماقتا نۇرسىز قۇياش.
ئۆرتەيدۇ يۈرىگىمنى بىر ھاياجان
ۋە كۈچلۈك داۋالغۇيدۇ دولقۇن ئوخشاش.
ئاھ، دولقۇن! ھاياتشۇمۇل دېڭىز ئوغلى،
سەن جەسۇر، سەن ئىسيانكار، سەن ئۇ-
لۇغسەن.
ئەسلىتىپ ئارسلاننىڭ ھۆۋلىشىنى،
نۇر ئۆلگەن تۇمانلاردا داۋالغۇيسەن.
ئاھ، دولقۇن!
كەل، قوينۇڭغا ئالغىن مېنى،
مەن ياشاي ئۇندا مەڭگۇ قۇندۇز كەبى.
يانىدۇ يۈرىگىمدە ئىستەكلىرىڭ
زۇلمەتلىك تۈندە يانغان يۇلتۇز كەبى.

قارايدى ئۇپۇقتىكى قىزىللىقلار،
دېڭىزغا قانات يايدى قارا گۈگۈم.
ئۇرۇلۇپ قىيا تاشقا، قىرغاقلارغا
تىنىمسىز شاۋقۇن سالار ئۇلۇغ دولقۇن.
مەن ئويغاق،
ئۈگدەيدۇ پۈتۈن ئەتراپ،
دېڭىزغا شۇڭغىماقتا نۇرسىز قۇياش.
ئۆرتەيدۇ يۈرىگىمنى بىر ھاياجان
ۋە كۈچلۈك ئۆركەشلەيدۇ دولقۇن ئوخشاش.

1985 - يىل، فېۋرال، سۈرىيە — دەمەشىق.

# ئەركىم، بەختىم تولۇق ئۆزەمنىڭ

**ياسىن زىلال**

ياش شائىر ياسىن ئىمىن (زىلال) 1961 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيىسىدە بىر زىيالى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1984 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر ئۇيغۇرچە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئەدەبىياتقا ھەۋەس باغلىغان ئىدى. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى «قەلەم» 1981 - يىلى شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىندى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ 50 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ھەرقايسى گېزىت - ژورناللاردا جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

— تەھرىردىن

## يول

چەكسىز ئالەم،
ھېساپسىز ئادەم.
رەڭمۇ - رەڭ ھايات،
خىلمۇ - خىل خۇلق،
تۈمەن مىڭ مىجەز...
ئەجەپ دۇنيا بۇ:
ئوخشىماس تىلەك، ھەر خىل ئېتىقات.
ھەركىمدە
ئۆزگىچە خىيال ۋە ئۈمىت
ھەر بىر مىڭىدە
ئۆزگىچە سېزىم،
ئۆزگىچە تۈيغۇ، ئەقىل، ئېتىقات.
زېمىندە شۇنچە كۆپ چوڭ - كىچىك يوللار،
كېتىدۇ سوزۇلۇپ ھەر بىر تەرەپكە؛
بەزىسى غەرپتىن - شەرققە،
بەزىسى جەنۇپتىن - شىمالغا،
بەزىسى تۇتاشقان ھەتتا ئۇپۇققا.
ساناپ بولماس
بۇ قانداق ئەھۋال؟
زېمىننى گەر بىر تەخسە دىسەك،...
يوللار بىر تەخسە لەغمەندەك.
بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن،
كېسىشىپ ئۆتكەن.
شۇنچىلىك نۇرغۇن،
بۇ ئاددى مىسال!
لېكىن قايسى يول بىلەن
ماڭغىن قاياققا،
ئايرىلىپ كېتەلمەيسەن ئانا زېمىندىن!
شۇڭا كىم، قايسىنى خالىسا
مېڭىپ كۆرسۇن خالىغىنىدىن.
تېسمايلى ئۇنى
ئۆزىنىڭ يولى!
مەن سېنى «ئۇنداق» دەپ،
سەن مېنى «مۇنداق» دەپ،
تاپماقچى ئىدۇق زادى نىمە نەپ؟!
بىر ئېغىزلا گەپ:
ياشاپ - ياشاپ،
كېتىمىز ئاخىر بىر - بىرلەپ!
ئۆلمەيدۇ ھايات،
قالىدۇ تارىخ،
ياشايدۇ ئەۋلات.
ھاياتىمىزدىن،
ئىش ئىزىمىزدىن،
نەسلىمىز بىر كۈن
قىلار ھېساۋات!

## تىلىگىم

جاھان گۈلزار گۈللەرگە تولغان،
ھەر بىر ئىنسان ئۇندا بىر چىچەك.
تالاي قىسمەت كۆرۈدۇ ئادەم،
تېچ ئۆيتۇغا پاتقۇنچە يۈرەك.
بولغىنىدەك پەقەت بىر يىلنىڭ
باھار - يازى، قىش ۋە ئايازى؛
ھاياتنىڭ بار ھەر ئىنسان ئۈچۈن،
شەپقەت، غەزەپ، كۈلكە ۋە نازى.

گۈل نورۇزغا يەتكەن دەمدىمۇ،
سوقۇپ تۇرار باھار جۇدۇنى.
كەچكۈز تۆكەر ئۈششۈك بەرگىنى،
قىش مۇز بىلەن ئورايدۇ ئۈنى.

دىمەك قىسمەت شۇنداق ئىگىز ـ پەس،
گاھ پەسلەپ، گاھ تاشقان دەريادەك.
گاھ دىڭىزدەك بوغار گىلىكىدىن،
گاھ قۇچاقلاپ سۆيەر رەنادەك.

مەن دۇنياغا يىغلاپ تۇغۇلغان،
دىلغا زاھىر بولغاچ قىسمىتىم.
يىغلىغۇالغان زاكامدا تازا،
پۈتكەن بارچە يىغام شۇ قېتىم.

مەن ئىنسانمەن، ئىنسان بىلەن تەڭ
بىر ئىنسانلىق ھوقۇق ئۆزەمنىڭ!
بۇيرۇقلارغا مەھكۇم ئەمەسمەن،
ئەركىم، بەختىم تولۇق ئۆزەمنىڭ!

مەيلى قېلىچ ئوينىسۇن باشتا،
مەيلى دارغا سۆرىسۇن ئارقان،

قەسەمبىللا، تۆكسەم تامچە ياش
ۋەتەنداشلار دىمەگىلار ئوغلان.

يەڭگىگەندە، سورىغاندا ئەل ـ يۇرت،
پەخىرلەنگەن «ئوغۇل!» دەپ ئانام.
ئىش قىلمىسام ئوغۇلغا لايىق،
ئانام بەرگەن سۈت ماڭا ھارام.

ئايان بىزگە ھايات ھۆكمىدىن
كۆكتە بولسا قۇياش ئاي ... پەقەت؛
يەردە دەريا، ئورمان، تاغۇ ـ تاش
بولسا،
ھايات ئۈزۈلمەس ئەبەت.

مەن كېتىمەن، ئوغلۇم قالىدۇ،
ئوغلۇمغا يوق ئالتۇن مىراسىم.
ئىشىنىمەن، ھازا ئېچىپ ماڭا،
بولمىسۇن چوڭ ماتەم مۇراسىم.

ئۈمىدىم شۇ قالسا ئۆمۈرلۈك
مىراس بولۇپ ئوغلۇمغا خۇلقۇم.
تىلىگىم شۇ بولسا ئەپئالىم
نەۋرە، چەۋرە، ئەۋرەمگە ئۇدۇم!

## دېڭىزغا خىتاپ

ساھىلدا تۇرۇمەن، چايقىلار دېڭىز،
دولقۇنلار تىرلىنار ئەجدىھا كەبى.
«ھاپ!» قىلىپ ئالەمنى يۇتاي دىگەندەك،
ئۇرۇلار قىرغاققا شۇنداق ئەسەبى.

دىدىم: بەس! كۆز يەتمەس چەكسىز ـ
لىكىڭدىن،
ئەي دېڭىز، كۆرەڭلەپ كۆتەرمە شاۋقۇن.
زىمىن كەڭ، زەررە سەن، غەرق ئەتمە ـ
گىڭ تەس،
مىڭ يىللاپ كۈندە مىڭ ئاتساڭمۇ ئۇپقۇن.

ۋاراقلا تارىخنى، ئېھتىمال تاقىر —
گىياسىز چوقچايغان تاغ سەن بىرزامان.
جەبىرىڭدىن جاق تويغان زىمىن قەھرىدىن
ماگمىلار لاۋا ئېتىپ بولغانسەن ئويمان.

مىليارت يىل قاغجىراپ ياتقانسەن بەلكى،
گىدەيگەن ۋوجۇدۇڭ چوشۇپ تۆمەن گەز.
ئالغاندۇ باغرىڭنى خارابەزارلىق،
ئۆزەڭنى ئۆلگەندەك قىلغانسەن پەرەز.

تەبىئەت سېخىدۇر، زېمىن كەرەملىك،
ئىستىغپار - زارلىرىڭ بولغاندۇ مەقبۇل.
ھاياتلىق ئىلاھىي ساخاۋىتىدىن
دەريالار ئالغاندۇر باغرىڭ تامان يول.

مىڭ يىلالاپ تېرىشماي ئاققان سۇلاردىن
بولغانسەن دولقۇنلۇق چەكسىز بىر دېڭىز.
كىم سېنى خارلىقتىن قىلغانتى ئەزىز؟!
ئويلىغىن،
ئېسىڭدىن چىقارما ھەرگىز!

ئۆزەڭنى بېسىۋال،
پەسرەك ھۆكىرە،
ئۇپقۇنلاپ زېمىنگە ئۇرمىغىن كاچات.
يەر ئانا، ئۆزەڭمۇ شۇنىڭ باغرىدا،
بىۋاپا بولۇدۇ ئاقىۋەت بەربات.

باققىنە، نى چەكسىز قۇملۇقلار ئەنە،
بىلەمسەن، ئۇ ئەسلى سېنىڭدەك دېڭىز.
ئەبەتنىڭ شەيئى يوق كۆللى جاھاندا،
ئۇ ئەزەل زاماندىن قالغان ياخشى ئىز!

## غۇرۇرۇم

كېلىمەن ھاياتنىڭ چەكسىز يولىدا،
ئالدىمدا ئىستىقبال، ئارقامدا ئىزىم.
لەكمىڭلاپ نىگاھلار تاشلىنار ماڭا،
قوزغىتىپ دىلىمدا رەڭمۇ - رەڭ سېزىم.

كېلىمەن مەردانە قول سېلىپ مەغرۇر،
نەزىرىم پەس ئەمەس، قۇياشتەك يۈكسەك.
تاپانلار تېگىگە باقماق نومۇستۇر،
ھامانە يۈكسەككە تەلپۈنەر يۈرەك.

«دوست باقار بېشىڭغا، رەقىپ پۇتۇڭغا»
بۇ ئەزەل زاماندىن كەلگەن ھەق ماقال.
بوۋايلار قالدۇرغان گۆھەردەك سۆز - بۇ،
ھەقىقەت يۈزىدە رىئال ئۇشبۇ ھال.

مەن كۆزگە باقىمەن، كۆزگە كۆز تىكىپ،
ماڭا شۇ كۆزلەرنىڭ نىشانى ئايان.
بېشىمغا باققانلار بېشىمدەك يۈكسەك،
تېگىمگە باققاننىڭ قەدرى خەس - سامان.

ئاياغنىڭ تېگىگە يوقمايدۇ نېمە؟!
ھە، ئۆزەڭ ئويلىۋال، بەس بولدى يازماي.

ئىختىيار، قايسىغا باغلىساڭ ھەۋەس،
مەن ساڭا شۇنچىلىك ئەسلىتىپ قوياي.

ئىزلىسەڭ تاپارسەن، بۇمۇ بىر ھەق سۆز،
تىلىگىم گۈزەللىك، نىجاسەت ئەمەس.
باقىمەن شەپەقتە، شەپەق رەڭ يۈزگە،
پەستە خۇي نامەرتتىن بولۇمەن پەخەس.

قاغىنىڭ رىسقىغا ئولتۇرغان دوكلار،
بۇ گىگانت تۇرقۇمدىن كېتەر ھودۇقۇپ.
بىلمىنى ئېگەلمەي كەتتى ھوشىدىن،
مېنىمۇ ئۆزىدەك دوك قىلماق بولۇپ.

ئومۇرتقام قايرىلىپ ئۇشتۇلىسىمۇ گەر،
قەددىمنى تىك تۇتۇپ ياشايمەن مەغرۇر.
يەر يۇتسۇن تاپانغا باقسام، ئېگىلسەم،
يىگىتلىك ھىسسىدىن ئۆركەشلەر تېمۇر.

چېھرىمگە بېقىڭلار، چېھرىدە سۆيگۈ،
چېھرىمدە قەلبىمنىڭ بار گۈزەللىگى.
مەن كەلدىم ئاشۇنداق، شۇنداق بارىمەن،
گۈل ئاچقاي ئىقبالدا مەرتلەر تىلىگى!

# شېئىرلار

## ئىلغارجان سادىق

### مېنىڭ كۆڭلۈم چەكسىز بىر كەڭلىك

ئەتلەس كىيگەن ئۇيغۇر قىزىدەك
گۈزەل بولۇپ كۈلمەكتە زېمىن.
تاغ بېشىدا پارلىغان قۇياش،
يانار چوغدەك گۈزەل ۋە يارقىن.

جىلۋە قىلىپ بىپايان گۈللۈك
مېنى ئالدى رەڭدار قوينىغا.

سۆيگۈ كۈچى بولۇپ پەرۋانە،
گىرە سالدى گۈللەر بوينىغا.

پەرۋانىدەك يېقىپ لېۋىمنى،
گۈل شىرنىسىن ئالدىم سۈمۈرۈپ.
مېنىڭ كۆڭلۈم چەكسىز بىر كەڭلىك،
گۈل ھىدىغا تولسۇن كۆمۈلۈپ.

### تولۇنئاي

قىزغۇچ شولا چېچىپ باھار ئاخشىمى
ئاي ئاسماندا يېلىنجىدى گۈلخاندەك.
كېچە ئۇچقان تۇرنىلاردەك بۇلۇتلار
كۆرۈنۈدۇ چوققىلارغا قونغاندەك.

ئالتۇن نۇرى تولۇنئاينىڭ باغلاردىن
بالقىپ چىقىپ جۇلالايدۇ قىرغاقتا.
مەجنۇنتاللار پەرۋانىدەك تولغىنىپ،
كۆز تاشلايدۇ شۇ نۇرلارغا يىراقتا.

دېمەك كۆكتىن بالقىپ چىققان تولۇنئاي
ئالتۇن شولا چېچىپ تۇرار دۇنياغا.
تاڭ پەيتىدە ئاستا - ئاستا يوقايدۇ،
باش قويۇدۇ ئاقباش ئېگىز تاغلارغا.

ئۇنىڭ يارقىن ئالتۇن رەڭلىك نۇرلىرى
كەڭلىكلەرگە سىڭىپ كېتەر سەھەردە.
سالار ھايات ئىشقىنى ئۇ دىللارغا،
قۇياش ئوخشاش نۇرلۇق يېنىپ كۆكلەردە.

### ماۋزۇسىز

ئۇپۇقلاردا تاڭ قۇياشى يانغاندا،
چەكسىز كەڭلىك زەر جىلاغا ئورالدى.
غۇۋا يېنىپ ئۆچكەن چوغدەك ھىلال ئاي
ئاقۇش يورۇق پەردە ئىچرە يوقالدى.

ئاق چوققىلار قىزغۇچ رەڭدە تاۋلىنىپ،
ئوخشاپ قالدى تۈندە يانغان يالقۇنغا.
ئالتۇن يوپۇق يېپىندى كەڭ دەريالار
ۋە شۇ رەڭدە سۈپەت بېرىپ دولقۇنغا.

تاڭ پەيتىدە ئۆچكەن ئاشۇ ئاي كىدىي،
قارا تۈنەك غايىپ بولدى دۇنيادىن.
ئەركىن قۇشلار پەرۋاز قىلدى كۆكلەردە،
نەپەسلىنىپ شەپەق تۇققان ھاۋادىن.

قۇياش ئۆرلەپ يۈكسەلمەكتە ئېگىزگە،
ئالتۇن نۇرى يىراقلارغا تارالدى.
دەريا سۈيى يورۇقلۇقتا يول تېپىپ،
سائادەتلىك قىرغاقلارغا تارالدى.

# شېئىرىيىتىمىزدە

## يېڭى بوسۇش ۋەزىيىتىنى يارىتايلى

— شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تۇرپاندا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ خاتىرىسى —

«تارىم» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىلەن «تۇرپان» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىرلىكتە 1985 - يىلى 15 - فېۋرالدىن 22 - فېۋرالغىچە تۇرپاندا ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. مۇھاكىمە يىغىنىغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان 56 نەپەر شائىر، ئەدەبىي ئوبزورچى ۋە ئەدەبىي مۇھەررىر قاتناشتى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا «تارىم» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئەخەت تۇردى يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى نامىدىن ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى چوڭقۇر ھەم ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىپ، تەجرىبىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقىپ، شائىر ھەم ئەدەبىي ئوبزورچىلىرىمىزنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى گۈللىنىش دەۋرىگە قاراپ دادىل قەدەم تاشلاشقا سەپەرۋەر قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. جوڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ھەمدە كۆپچىلىكنىڭ قۇرۇلتاي روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىنى جەزمەن ياخشى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە يېڭى گۈللىنىش ۋەزىيىتى يارىتىشنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، جوڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى ئابلىز نازىرى شۆبە جەمئىيەت نامىدىن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەمدە بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى توختى سابىر، ئاپتونوم را-

يولۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىۋى مەمەت ئىسمايىل قاتارلىق مەسئۇل يولداشلارمۇ ئالاھىدە ۋاقىت ئاجرىتىپ، يىغىنغا قاتنىشىپ، كۆپچىلىك بىلەن كۆرۈشتى، شۇنىڭدەك تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى يۈسۈپ ئەيسا، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىسى قۇربان نىياز قاتارلىق مەسئۇل يولداشلارمۇ يىغىنغا بىر قانچە قېتىم كېلىپ كۆپچىلىكتىن سەمىمى ھال سورىدى، يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى. مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان مەسئۇل يولداشلار بۇنداق يىغىنلارنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى شەھەر ھەم ۋىلايەتلىرىدە ئىمكان قەدەر كۆپرەك ئېچىپ، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، خەلقىمىزنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە كۆپچىلىككە ئىلھام ۋە مەدەت بەردى.

مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بۇ مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا جۈرئەت ۋە ئىلھام بېغىشلاپ، يىغىن كەيپىياتىنى ئىنتايىن جانلاندۇرۇۋەتتى. يولداشلار چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا بەس - بەس بىلەن ئەركىن پىكىر بايان قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلدى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، تالانتلىق شائىر ئابدۇكېرىم خوجا؛ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى، پىشقەدەم شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر؛ پىشقەدەم شائىر، تارىخچى تۇرغۇن ئالماس؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى، شائىر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن؛ ياش ئەدەبىي ئوبزورچى سىدىقھاجى روزى ۋە «تارىم» ژورنىلىنىڭ مۇھەررىرى جاپپار ئەمەت قاتارلىق يولداشلار چوڭ يىغىنلاردا نۇقتىلىق پىكىر بايان قىلىپ، شېئىرىيىتىمىزدىكى بىر مۇنچىلىغان كونكرېت، رېئال مەسىلىلەرنى ئىلمىي ئاساستا ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن يورۇتۇپ بەردى.

كۆپچىلىك مۇزاكىرە جەريانىدا ئالدى بىلەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇلار مۇنداق دەپ ھېساپلىدى: پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن كېيىن، ئىجات قىلىنغان شېئىرىي ئەسەرلىرىمىز مەيلى سان جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تېمىسىنىڭ كەڭ ھەم خىلمۇ - خىللىقى، ئۇسلۇبىنىڭ رەڭدارلىقى ھەم بەدىئى تەسىرچانلىقىنىڭ كۈچلۈكلىگى قاتارلىق جەھەتلەردە بولسۇن، تارىختىكى ھەر قانداق چاغدىكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. 10 يىللىق مالىمانچىلىق دەۋرىدە مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىگىنىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنغان بىر تۈركۈم شائىرلىرىمىز قولىغا قايتىدىن قەلەم ئېلىپ، شېئىرىي ئىجادىيەتكە يېڭىچە روھ، يېڭىچە غەيرەت - شىجائەت بىلەن قىزغىن كىرىشىپ كەتتى، شېئىرىيەت سېپىگە يېڭىدىن زور بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق، ئۈمىتلىك ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق شائىرلار قوشۇلۇپ، شېئىرىيەت قوشۇنىمىزنى جۇشقۇنلۇق ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى، شېئىرىيىتىمىزنىڭ پارلاق ئىستىقبالىدىن بىشارەت بەردى. شېئىرىيەت سېپىمىزگە خېلى

يۇقۇرى سەۋىيە، ۋە پۇختا تەييارلىق بىلەن كىرىپ كېلىۋاتقان ياش بوغۇنلارنىڭ دادىللىق بىلەن ئىزلىنىش، يول ئېچىش، يېڭىلىق يارىتىش ۋە سەنئەتنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەش روھى ھەم ئەمەلىيىتى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتىنى روشەن ئىپادىلەپ، خەلقىمىزگە ئۈمىت، ئىشەنچە ھەم شاتلىق بېغىشلىدى. شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمىزنىمۇ زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى. يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا بىر مۇنچىلىغان شائىرلارنىڭ شېئىر توپلاملىرى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىندى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىسى ئەسلىدىكى 6 باسما تاۋاقتىن 10 باسما تاۋاققا يەتكۈزۈلۈپ، شېئىرىيەتكە ئاجرىتىلغان سەھىپىسى مۇۋاپىق دەرىجىدە كۆپەيتىلدى. جايلارمۇ مەخسۇس ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرناللىرى چىقاردى، ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللارمۇ مەخسۇس شېئىرىيەت سەھىپىلىرىنى ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن شائىرلار ۋە شېئىر ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن ئۆز ئىجادىيىتىنى كېرەك قىلىدىغان زېمىن يارىتىلدى. بىزنىڭ ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىزمۇ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، تېگىشلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشقا كىرىشتى. كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى، خەلق ناخشا - قوشاقلىرىنى توپلاش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشرگە تەييارلاش ئىشلىرىدىمۇ كىشىنى شاتلاندۇرىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بىر قىسىم شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرى مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان باھالاش پائالىيەتلىرىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيەت قوشۇنىغا شان - شەرەپ بېغىشلىدى. بىر قىسىم شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرى خەنزۇ تىلىغا ۋە چەتئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. خەنزۇ ۋە چەتئەل شائىرلىرىنىڭ بىر قىسىم مۇنەۋۋەر شېئىرلىرىمۇ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇلدى. يىغىنچاقلىغاندا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شېئىرىيىتىمىزدە مەيدانغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

كۆپچىلىك مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ روھىدىن ئىلھاملىنىپ، مۇنداق دېيىشتى: مەركىزىي كومىتېتنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ياخشىلاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىشى «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى يېڭىش ھەم تازىلاشتا چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ چاقىرىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرگە ئىشىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، قوللايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا نۆۋەتتە ئېلىمىز ئەدەبىياتى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدىغانلىقىنى ۋە سەنئەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم روشەن ھالدا ئىسپاتلاپ بەردى. ئەمەلىيەت تولۇق ئىسپاتلىدىكى، «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ قالدۇق زەھەرلىرىنى تازىلىماي تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئەركىن ئەدەبىياتنى ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ. ئۆز - ئۆزىنى چەكلەش، چۈشەپ قويۇش ۋە بىر ئىزدا توختاپ قېلىش — سەنئەتنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى مەمۇرى كۈچ ۋە چۇقان ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرغىلى بولمايدۇ. ساختىلىق، رەزىللىك ۋە خۇنۇكلۇكنىمۇ قالپاقتا تايىنىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ ۋە ئېلىمىز تارىخىدا دەل ھازىرقىدەك ئىقتىسات راۋاجلانغان، سىياسىي تىنچلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، ئىسلاھاتقا دادىل قەدەم تاشلانغان، سىياسەت ئۆز يولىغا چۈشكەن، ھەر قايسى سەپلەردە گۈللەپ - ياشناش مەنزىرى-

AltunOq

سى بارلىققا كەلگەن، خەلق ئاممىسى مەنىۋى ئوزۇقىنىڭ مول ۋە سۈپەتلىك بولۇشىنى جىددىي تەلەپ قىلىۋاتقان، شائىر، يازغۇچىلىرىمىزمۇ مول ئىجادىيەت جۇشقۇنلۇقى بىلەن يۈكسەك قىزغىنلىققا ئىگە بولغان مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەت ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەمەس. يېڭى دەۋر خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە، تۇرمۇش شەكلىدە ۋە ئىدىيىۋى كۆز قارىشىدا ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق بىر چاغدا بىز ئۆزىمىزنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق دەۋرنىڭ يېڭى مەنىسىنى، تۇرمۇشنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى، خەلق قەلبىدە يېتىلىۋاتقان يېڭى ئىخلارنى، كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولۇۋاتقان يېڭىچە مۇناسىۋەتلەرنى، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ روشەن ھەم كۈچلۈك مۇھەببەت - نەپرىتىنى، ئارزۇ ھەم غايىلىرىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ۋاقتىدا ھەم كەڭ ئەكس ئەتتۈرمەي، ئەكسىچە، ئادەتتىكە ئايلىنىپ كەتكەن ئۆلۈك رامكا - قېلىپلار بىلەن ئۆزىمىزنى چۈشەپ، چەكلەپ، قورۇنۇپ، قىسىلىپ، ئالدىكەينىمىزگە قاراپ، بىر يەردىلا تېپىرلاپ يۈرۈۋەرسەك، ئۇ ھالدا دەۋرنىڭ تەرەققىياتىدىن جەزمەن كېيىن قالىمىز. دەۋرنىڭ روھى ئالدى بىلەن ئىسلاھات روھى، ئىزلىنىش، يول ئېچىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىدۇر. مەمۇرى كۈچ ئارقىلىق بىر خىل ئۇسلۇپ ۋە بىر خىل ئېقىمنىلا يولغا قويۇپ، باشقا ئۇسلۇپ ۋە ئېقىملارنى چەكلەش ياكى قامال قىلىش يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن قىلچە سىغىشالمايدۇ، شۇنداقلا يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنىمۇ بوغۇپ قويىدۇ. سەنئەت دېموكراتىيىسىنى بوغۇدىغان ئىدىيىۋى قاتماللىق ۋە جاھىل كونا ئادەت كۈچلەرنى يېڭىشتە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان يولداشلارنىڭ، نەشرىيات تارماقلىرىنىڭ، جۈملىدىن، ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژورنال تەھرىر بۆلۈملىرىنىڭ ئوينايدىغان رولى ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن چوڭ، لېكىن شائىرلار پەقەت يۇقۇرىغىلا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۆز ئىدىيىسىنى تولۇق ئازات قىلمىسا، خىلمۇ - خىل رامكا - قېلىپلارنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاشقا، باشلامچىلىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشقا، تۇرمۇشنىڭ يادرىسىغا بۆسۈپ كىرىشكە جۈرئەت قىلمىسا، يېتەرلىك بىلىم ۋە چوڭقۇر تۇرمۇش تەسىراتلىرىغا ئىگە بولمىسا، شېئىرىي ئىجادىيەت ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق بەدىئىي ۋاستىلارنى پۇختا ئىگەللىمىسە، ئەڭ كەڭ سەنئەت دېموكراتىيىسىدىمۇ تولۇق پايدىلىنالمايدۇ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى قۇرۇق چاقىرىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىجادىيەتچىلەرنىڭ داددىللىق بىلەن ئىجاد قىلغان مول ۋە سۈپەتلىك مەنىۋى مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق ياراتقىلى بولىدۇ.

مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلار «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا داۋاملىق دەخلى يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى نۇرغۇنلىغان جانلىق پاكىتلار ئارقىلىق كۆرسىتىپ، ئۇنى قەتئىي، ئۈزۈل - كېسىل تازىلاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: ئېلىمىزدە ئۇزۇن يىل ھۆكۈم سۈرگەن «سول» ئىدىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، جۈملىدىن، شېئىرىيەت ساھەسىگە تارقاتقان زەھىرى ئىنتايىن كەڭ، تارتقان يىلتىزى ئىنتايىن چوڭقۇر، سالغان زىيىنى ئىنتايىن زور. «سول» ئىدىيە پەيدا قىلغان ئادەت كۈچلەرمۇ ناھايىتى جاھىل، رامكا - قېلىپلارمۇ ناھايىتى جىق. شۇڭلاشقا پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى «سول» ئىدىيىنىڭ ئەدە-

بىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى جاھىللىق بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەركىن ۋە راۋان يۈكسىلىشىگە داۋاملىق دەخلى يەتكۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ. يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، «سول» چىللىقنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ئىدىيىۋى قاتماللىق، قامال قىلىش ۋە بۇرۇقتۇملۇقنىڭ خىلمۇ - خىل ئىپادىلىرى تېخى ئۈزۈل - كېسىل تۈگەپ كەتكىنى يوق. بەزى يولداشلار شېئىرىيەتكە سەنئەت نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى نوقۇل سىياسىي تەشۋىقات نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىپ، شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلماي، خەلقىمىزنىڭ كۈندىن - كۈنگە بېيىپ ھەم يېڭىلىنىپ بېرىۋاتقان ئىستېتىك تەلەپلىرى بىلەن ھېساپلاشماي، قالايمىقان چات كىرىپ، شائىرلارنىڭ ئۆز شېئىرلىرىنى مەلۇم قېلىپقا سېلىشنى يولسىزلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بوغۇپ قويۇۋاتىدۇ. «سول» ئىدىيە شېئىرىيەت ساھەسىدە پەيدا قىلغان كونا، ئۆلۈك، تار رامكا - قېلىپلار شېئىرىيىتىمىزدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تۈزىتىلمەي كېلىۋاتقان شوئارۋازلىق، يالىڭاچلىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش، تەقلىدچىلىك، ئاددىلىق، تەكرارلىق قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ تېخىچە ساقلىنىپ كېلىشىگە يول قويۇلۇۋاتىدۇ. گېزىت - ژۇرناللاردا قاپىيەلەشتۈرۈلگەن قۇرۇق، يالغان گەپلەر، دەبدەبىلىك شوئارلار ياكى قۇرۇق ۋەز - نەسىھەتلەر تىزمىسى «شېئىر» سۈپىتىدە ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. شائىرلارنىڭ ئۇسلۇبىغا ھۆرمەت قىلمايدىغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى بۇزۇپ قويىدىغان نورمالسىز ھادىسىلەر تېخىچە يۈز بېرىۋاتىدۇ. بەزى يولداشلار جەمئىيەتتىكى خۇنۇك، چۈشكۈن، چاكىنا شەيئى ھەم ھادىسىلەرنى قامچىلايدىغان، ھەجۋىي قىلىدىغان شېئىرلارنى كۆرسىلا، ئۆزىگە ئېلىپ كېتىپ، شائىرلاردىن ئورۇنسىز ئاغرىنىپ ياكى گۇمانلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا سوغ سۇ سېپىشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، ۋاھاكازالار. يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان بۇ خىل مەسىلىلەر شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىسىز.

كۆپچىلىك «سول» چىللىقنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسى جەھەتتىمۇ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ، مۇنداق دېيىشتى: بىر قىسىم ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسى تېخى تولۇق ئازات بولۇپ كەتكىنى يوق. ئۇلاردا ئەندىشە ھەم قورۇنۇش بار، دادىللىق ھەم يېڭىلىق يارىتىش روھى كەم. ئېلىمىزدە ئۇزۇن يىل ھۆكۈم سۈرگەن «سول» ئىدىيىۋى ئېقىم سالغان خىلمۇ - خىل روھىي جاراھەتلەر تېخى ئۈزۈل - كېسىل ساقىيىپ كېتەلمىدى. شۇڭا شائىرلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى شېئىرنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان ھەقىقىي، چىن قايناق ھېسسىياتىغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ئابستراكىت ئۇقۇمغا، قاتمال چۈشەنچىگە ياكى يۇقۇرىنىڭ رايىغا بېقىپ يازىدىغان يامان ئادەتتىن تېخىچە قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۇرمۇشقا شائىرانە نەزەر تاشلاپ، ئۇنىڭ يادروسىغا دادىللىق بىلەن بۆسۈپ كىرىشكە، شەيئى ھەم ھادىسىلەر پەيدا قىلغان ھەقىقىي تەسىراتىنى ئاشكارا ئىپادىلەشكە، جەمئىيەتتىكى رېئال مەسىلىلەر توغرىسىدا راستچىللىق بىلەن مۇستەقىل ھالدا پىكىر بايان قىلىشقا پېتىنالماي، ئالدى - كەينىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى ھۈركۈپ، ئۆزىنى ئۆزى چۈشەپ قويۇۋاتىدۇ. ساختا مەدھىيە بىلەن تولغان، باشقىلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان

ئېيتىپ بولۇنغان پىكىرلەرنى ئەزمىلىك بىلەن تەكرارلايدىغان، بىرلا قېلىپتىن چىقىرىلغان قۇرۇق، يالىڭاچ شېئىرلارغا ئۆگىنىپ قالغان بەزى يولداشلار ئۆزىگە خاس يېڭىلىقتا، ئۆزىگە خاس چوڭقۇر پىكىرگە، ئۆزىگە خاس بەدىئىي سېھرىي كۈچكە، ئۆزىگە خاس روشەن ئۇسلۇبقا ئىگە شېئىرلارنى كۆرسىلا، غەلىتىلىك، بىنورماللىق ھېس قىلىپ، ھەزىم قىلالماي ياكى چۈشىنەلمەي، شائىرلاردىن ئورۇنسىز گۇمانلىنىۋاتىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى ئەيىپلەۋاتىدۇ. ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى «سول» ئىدىيىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىدىن قۇتۇلالمىغان شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئەركىن ئەدەبىياتقا تېگىشلىك تۆھپە قوشالمايدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سۈپەتسىز، ناچار شېئىرلارنىڭ خېلىلا كۆپىيىپ قالغانلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرسى، «سول» ئىدىيىۋىي ئېقىمنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنىڭ كاشىلىسى بولسا، يەنە بىرسى، بەدىئىي ماھارەتنىڭ كەملىكى دەپ قارىدى. ئۇلار مۇزاكىرە جەريانىدا مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى: ھازىر جەمئىيەتتە، كىشىلەر ئارىسىدا «شېئىر كۆپ بولۇپ كەتتى»، «كىشىلەر شېئىردىن بىزار بولۇپ كەتتى» دېگەنگە ئوخشاش گەپ - سۆزلەر بار. بىزدە چىن ھەم قايناق ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، بەلكى مەلۇم مەۋھۇم ئۇقۇم ئاساسىدا زومۇ - زو قاپىيىلەشتۈرۈلۈپ يېزىپ چىقىلغان، مەزمۇنى قۇرۇق، يۈزە ياكى تەكرارلانغان، تىلى قاتمال، مەنتىقىسىز، پىكرىنى تۈپتۈز، توغرىدىن - توغرا، يالىڭاچلا ئوتتۇرىغا قويغان، نە پوئېتىك تەسەۋۋۇر، نە پوئېتىك ئوبرازلار بولمىغان، ھەم تەمسىز «شېئىر»لار ھەقىقەتەنمۇ خېلى بار. كىشىنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئىستېتىك زوقىنى بۇزۇدىغان بۇ خىل «شېئىر»لاردىن كىتابخانلارنىڭ بىزار بولۇپ كەتكىنى راست، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن قانداقتۇر «شېئىرلار كۆپ بولۇپ كەتتى»، «كىشىلەر شېئىرنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالدى» دېگىلى بولمايدۇ. يالقۇنلۇق ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلغان، ئىدىيىۋىي مەزمۇنى چوڭقۇر، پىكرى يېڭى، ئىجادىي تەسەۋۋۇرغا باي، تىلى ئوبرازلىق شېئىرلارنى بىزنىڭ سەنئەتخۇمار خەلقىمىز مەڭگۈ سۆيۈپ ئوقۇيدۇ، شېئىرنىڭ ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىي تۇرمۇشىدا تۇتۇدىغان ئورنى بىلەن ئوينايدىغان رولىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. مىللىي ئەدەبىياتتا پوئېزىيە ئۆزىگە خاس قىممەتكە ئىگە. مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى خەلققە قانداق مەنىۋىي مەھسۇلات تەقدىم قىلىشتا. ماھارەتلىك شائىرنىڭ ياخشى يېزىلغان بىركۇپلېت شېئىرى خەلقنىڭ ئاغزىدىن ئەسىرلەر بويى چۈشمەي، زامانلاردىن زامانلارغىچە ياشايدۇ. ھەر قانداق شېئىرنىڭ قىممىتى ۋە ھاياتىي كۈچى، ئاساسەن، شائىرنىڭ بەدىئىي ماھارىتىگە باغلىق بولۇدۇ. يېتەرلىك بەدىئىي ماھارەت ئىگەللىمىگەن شائىرنىڭ «سول» ئىدىيىۋىي ئېقىمنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى تازىلانغان چاغدىمۇ ئىستېتىك قىممىتى يۇقۇرى شېئىرلارنى يازالىشى ناتايىن. ۋاھالەنكى، بەزى يولداشلار ماھارەت يېتىلدۈرۈشكە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەي، شېئىر يېزىشنى بەكمۇ ئوڭاي ئىش چاغلاپ، ھېچقانداق تەييارلىقسىزلا «شېئىر» يېزىپ ياكى «ئىتتىك بازارغا ئۈلگۈرتۈپ مال سېلىش»قىلا بېرىلىپ كېتىپ، خەلقىمىزنىڭ بەدىئىي ئەسەرلەرگە قويۇدىغان سۈپەت تەلىۋى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقى بىلەن ھېساپلاشمايۋاتىدۇ. ئۇلار يازغان «شېئىر»-

لارنىڭ قاپىيە، تۇراقلىرى جاي - جايىدا بولسىمۇ، لېكىن كىتاپخانلارنى بىرئازمۇ تەسىر - لەندۈرەلمەيدۇ، ھەتتا ئۇلارغا ئېنىق بىر چۈشەنچىمۇ بېرەلمەيدۇ. ئۇقۇملاشتۇرۇلغان، شوئار بىلەن تولغان ياكى باشقىلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىدىن قوراشتۇرۇپ چىقىلغان بەزى «شېئىر»لار كىتاپخانلارنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇدۇ. خەلقىمە سۇنۇلغان مۇنداق سۈپەتسىز، ناچار شېئىرلار شائىرغا شان - شەرەپ بېغىشلاش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئابرويىنى تۆكىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق شائىر خەلقىمە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن خام، تەمسىز مەنىۋي ئوزۇق تەكلەشتىن ساقلىنىپ، تىرىشىپ بەدىئىي ماھارەت يېتىلدۈرۈشى كېرەك. شېئىر ئۆزىگە خاس پوئېتىك پىكىر، پوئېتىك تەسەۋۋۇر، پوئېتىك تىل ۋە پوئېتىك ئوبرازغا ئىگە بولغاندىلا، كىتاپخاننىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ ياكى ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئىستېتىك زوق بېغىشلاپ، ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتەلەيدۇ. تۇرمۇشنى، ئومۇمى بىلىملەرنى پىششىق ئىگەللىگەن، توغرا دۇنيا قاراش تىكلىگەن، ئىجادىيەت قانۇنىيىتىنى، شېئىرىي ئىجادىيەت ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق بەدىئىي ۋاستىلەرنى پىششىق ئىگەللىگەن شائىرلار ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋي قىياپىتىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان مۇنەۋۋەر شېئىرلارنى يېزىپ چىقالايدۇ.

مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلار شېئىرلارنىڭ شەكلى، تىلى ۋە ئۇسلۇبى ئۈستىدە توختىلىپ، مۇنداق دېيىشتى: «ئىجادىيەت ئەركىنلىكى پەقەت شائىرلارنىڭ مەزمۇن تاللاش ئەركىنلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى شەكىل تاللاش ئەركىنلىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، مەلۇم بىر خىل شەكىلنىلا تەكىتلەپ، باشقا شەكىللەرنى چەتكە قاقماسلىق، شەكىلنىڭ خىلمۇ - خىل بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. بىز ھەربىر شائىرنىڭ ئۆزى پىششىق بىلىدىغان ۋە ئۆز ھېسسىياتىنى ئەركىن، تولۇق ئىپادىلىيەلەيدىغان شەكىلنى توغرا تاللىشىنى تەلەپ قىلىمىز. مەيلى بارماق ۋەزنى، مەيلى ئارۇز ۋەزنى ياكى چاچما شېئىر شەكلى بولسۇن، ھەر قايسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ۋە ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىككە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەكىل مەسىلىسىدە شائىرلارنىڭ ھەۋىسى بىلەن كىتاپخانلارنىڭ تەلىۋىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلە تاللانغان شەكىلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتا ماھىر بولۇش - بولالماسلىقتا. ئۆزى پىششىق بىلمەيدىغان شەكىلدە زورۇقۇپ شېئىر يازغان شائىرنىڭ ئەمگىكى زايا كېتىدۇ. ھازىر بىزدە غەزەل، رۇبائىي يازىدىغان ئاپتورلار ئاز ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنىڭ ئىچىدە ھەقىقىي رۇبائىي، غەزەل بولالايدىغانلىرى ناھايىتى ئاز. ھازىر بەزى ياش ھەۋەسكارلار پىشقان پىكىر ۋە يېتەرلىك بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە بولماي تۇرۇپلا، شەكىل ۋە قاپىيە قوغلىشىپ، ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يېزىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يېزىشىنى چەتكە قاقمايمىز، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ شەكىلدە شېئىر يېزىشنىڭ ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەسلىكىنى، ئارۇز ۋەزنىدە ئىسمى - جىسمىغا لايىق ياخشى شېئىرلارنى يېزىش ئۈچۈن، ئۇزۇن مەزگىل تىرىشىپ ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىش زۆرۈرلىكىنى ئۇلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇشنى زۆرۈر دەپ قارايمىز. بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا غەزەل ۋە رۇبائىيلارنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرى ئىنتايىن جىق. بىز كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز، ئەنئەنە زېمىنىگە چىڭ دەسسەپ تۇرۇشىمىز كېرەك. ھازىر دۇنيا شېئىرىيىتىنىڭ سەۋىيىسىمۇ

ئىنتايىن يۇقۇرلاپ كەتتى. شۇڭلاشقا بىز ئىسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرلىكتە يېڭى شېئىرىي شەكىللەرنىمۇ دادىللىق بىلەن يارىتىشىمىز لازىم. يېڭى مەزمۇن يېڭى شەكىلنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. پىكىرنى ئەركىن ۋە تولۇق ئىپادىلىيەلەيدىغان خىلمۇ - خىل يېڭى شەكىللەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى جەزمەن ئىلگىرى سۈرىدۇ. تىرىشىپ ئۆگەنمىسەك، تەتقىق قىلمىساق، ئىزلەنمىسەك، يېڭىلىق يارىتالمىساق، ۋاقتىنى قولدىن بېرىپ قويساق، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىدىن كېيىن قالىمىز. ھازىر بىزدە شېئىرىي ئەسەرلەرگە ئىستىمالدىن قالغان سۆزلەرنى، ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشمىگەن پارىسچە، ئەرەبچە سۆز - ئىبارىلەرنى زومۇ - زو سۆرەپ كىرىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بۇ خىل ھالەتتىن كەڭ كىتابخانلار رازى ئەمەس. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە قېلىپلاشقان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى قوللىنىلىشى شەرت. چۈنكى بىزنىڭ شېئىرلىرىمىزنى بۈگۈنكى دەۋرنىڭ كىتابخانلىرى ئوقۇيدۇ. ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، بىزنىڭ ئانا تىلىمىز ئىپادىلەش كۈچىگە ئىنتايىن باي تىل بولۇپ، قەدىمقى زامانلاردىن بېرى شائىرلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجىدىن تولۇق چىقىپ كەلمەكتە. شېئىرىي ئەسەرلەرگە چۈشىنىكسىز پارىسچە، ئەرەبچە سۆز - ئىبارىلەرنى قالايمىقان سۆرەپ كىرىش شېئىرنىڭ بەدىئىي تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئۇنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. بىز شائىرلارنىڭ، بولۇپمۇ ياش ھەۋەسكارلارنىڭ ئانا تىلىدىن چەتنەپ، چۈشىنىكسىز پارىسچە، ئەرەبچە سۆز - ئىبارىلەرنى قوغلىشىدىغان تۇيۇق يولغا كىرىپ قالماسلىقىنى ئۈمىت قىلىمىز. شائىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىشى مۇھەررىرلەرنىڭ تەھرىرلىك ئىستىلى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. بىز ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تەھرىر بۆلۈملىرىدە جاپالىق مەنىۋىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇھەررىر يولداشلارنىڭ شېئىرلارنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنى خالىغانچە قىرقىپ تاشلىماسلىقىنى، ئاپتورلارنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلىشىنى، ئۇلارنىڭ پىكىرىگە ھەم ئۇسلۇبىغا ھۆرمەت قىلىشىنى، شۇنداقلا شائىرلار ئۈچۈن شېئىر يېزىپ بېرىشتىن ساقلىنىپ، شېئىرلارنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىشىنى سەممىي ئۈمىت قىلىمىز.

مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلار ئەدەبىي تەنقىت بىلەن ئىتتىپاقلىقنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: ئەدەبىي تەنقىت — شېئىرىيەتنىڭ يېقىن سەپدىشى. شائىرلار ئەدەبىي تەنقىتچىلەرنىڭ ئىلھام بېرىشىگە، ياردىمىگە، كۆڭۈل بۆلۈشىگە، تېخىمۇ كۆپرەك چۈشىنىشىگە ۋە ئاسرىشىغا مۇھتاج. ئەدەبىي تەنقىتنىڭ مەقسىدى، شائىرلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئىشەنچ ۋە جاسارەت بېغىشلاشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ئەدەبىي تەنقىت سەممىي، ئىلمىي، دەل ۋە توغرا بولغاندىلا، شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىيالايدۇ. ئەسەرگە ئەمەس، بەلكى ئادەمگە قاراپ يېزىلغان، شەخسىي غەرەز ئارىلاشتۇرۇلغان، دەل ۋە ئىلمىي بولمىغان چاكىنا تەنقىت شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇ جەھەتتىمۇ «سول» ئىدىيىۋىي ئېقىمنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى تازىلاش زۆرۈر. يەنە بىر تەرەپتىن، شائىرلار تەنقىتتىن قورقماسلىقى لازىم. توغرا، ئىلمىي تەنقىت شائىرلار ئۈچۈن پايدىلىق. بىز ئەدەبىي تەنقىتچىلەرنىڭ ئامىي قىممەتكە، يېتەكچىلىك خاراكتېرگە ئىگە ئوبزورلارنى كۆپرەك يېزىپ، شېئىرىيىتىمىزدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا يورۇتۇپ بېرىشىنى

AltunOq

ئۈمىت قىلىمىز. ھەر قانداق بىر شېئىر ۋە ئۇ ھەقتە يېزىلغان ھەر قانداق بىر ئەدەبىي ئوبزور، مەيلى ئۇ قانداق ئادەمگە تەئەللۇق بولمىسۇن، ئوخشاشلا، ئەمەلىيەتنىڭ، ئاممىنىڭ ھەم ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتىدۇ. سەنئەت مۇنازىرىسى جەزمەن باراۋەرلىك، دېموكراتىك، ئىلمىي ۋە قائىدە سۆزلەش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم، جاھىللىق بىلەن ئۇزۇننى قىسقا ياكى كىچىكنى چوڭ دەپ تۇرىۋېلىش، ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلماسلىق — شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زىيانلىق. تېنچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش — زامانىۋىلىشىشنىڭ تەلىۋى، خەلقنىڭ ئارزۇسى، تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكى ۋە دەۋرنىڭ سەلتەنەتلىك بۇيرۇقى، شۇنداقلا ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشىنىڭمۇ ئالدىنقى سىياسىي شەرتى. ئىتتىپاقلىق بولمايدىكەن، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىمۇ بولمايدۇ. يولداش ۋاڭ مېڭنىڭ: «ئىقتىدارى بىلەن ئاممىغا تونۇلغان، كىتاپخانلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بەزى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى جارى قىلىپ، پۈتۈن نىيىتى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئورنىغا، ئۆزلىرىنىڭ شۇنچىلىك قىممەتلىك بولغان يۈرەك كۈچىنى ھۇجۇم ۋە مۇداپىئە بىلەن باشقىلارنى تارتىش ۋە پارچىلاشقا سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلىساق، ھەقىقەتەن، ئازاپلىنىمىز. بۇ ھەقىقەتەن بىر پاجىئە! بىز بۇ خىل تىراگېدىيىنىڭ داۋاملىق ئوينىلىشىغا، ئۇنىڭ تارقىلىشىغا ھەم كېڭىيىشىگە ئەمدى يول قويالمايمىز» دېگەن سۆزى بىزنىڭ ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشىمىزگە ۋە قوبۇل قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بىز قوشۇنىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدىغان، ساغلام ۋە مەدەنىي بولغان ئەدەبىي مۇسابىقىنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك. بىز بۇ مۇسابىقىدىن كىمنىڭ كىمگە ئۈستىلىق بىلەن قىلتاق قويۇۋاتقانلىقىنى ئەمەس، بەلكى كىمنىڭ ئەڭ تېز يۈگۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈشنى خالايمىز. مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى بىزنى سوتسىيالىستىك ئەركىن ئەدەبىياتىمىزنى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. بىز جەزمەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيىمىز يارىتىپ بەرگەن ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپ، خەلقىمىزگە يۇقۇرى سەۋىيىلىك شېئىرىي ئەسەرلەرنى كۆپلەپ تەقدىم قىلىشىمىز لازىم.

مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلار يىغىن جەريانىدا يېڭى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قەۋرىسىنى، قەدىمىي مىڭ ئۆي بېزەكلىكىنى، ئىدىقۇت ۋە يارغول قەدىمىي شەھەرلىرىنى، تۇرپان مۇنارىنى، قەدىمىي قەۋرىستانلىقنى، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ساقلاش، ئاسراش ئورنىنى ۋە ئۈزۈمچىلىك يېزىسىدىكى بېيىغان ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلىپ، يېڭى تارىخىي بىلىم ۋە چوڭقۇر تۇرمۇش تەسىراتلىرىغا ئىگە بولدى.

يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا «تۇرپان» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى روزى نىياز يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى نامىدىن يېپىش نۇتقى سۆزلەپ، يىغىننىڭ ئىنتايىن ياخشى ئېچىلغانلىقىنى، يىغىندا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە كۆپچىلىكنىڭ يىغىن روھىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مول مېۋە بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا باشلامچىلىق رول ئوينىشىنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرى مەھكىمە باھار بايرىمى مەزگىلىدە مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان يولداشلارغا چاي زىياپىتى بەردى.

ژورنىلىمىز ئوبزورچىسى.



# يېشىل مەرۋايىت

(پوۋېست)

قەييۇم تۇردى

## 1. خىسلەت

ئايروپىلان بىلىتى شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قولۇمغا تەگدى ۋە مەن ئەتە چۈشتىن بۇرۇن ئۈزەمنى خوتەندە كۆرۈدىغانلىغىمغا قىلچە گۇمان قىلمىدىم.

ئەلۋەتتە، بۇ قېتىمقى سەپەر مېنى بەكمۇ قىزىقتۇراتتى. چۈنكى مەن ئۇ يەرگە نام - شەرىپى بىر - ئىككى ئاي ئىلگىرى گېزىتتە زىكرى قىلىنغان ھېلىقى «يۈز مىڭجىڭچى» كەسپىي ئائىلە — بەش ئوغلى، بەش كېلىنى ۋە قولى ئىشقا ياراپ قالغان يەتتە نەۋرىسى بىلەن چۆلنى ئېچىپ ئىگىلىك تىكلىگەن يېڭى خوجايىن روزىمەت تاغىنى زىيارەت قىلغىلى كېتىۋاتىمەن. روزىمەت تاغىنىڭ قانداق قىلىپ ئۈچ - تۆت يىلدىلا «ئونمىڭ» جىڭدىن «يۈزمىڭ» جىڭغا سەكرىگەنلىگىنى چۈشىنىش ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە نىمىلەرنى قىلماقچى بولغانلىغىنى بىلىش — بۇ قېتىمقى سەپەرىمىنىڭ ئاساسىي مەقسىدى.

مەن ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئايرودرومغا چىقتىم، كۈتۈش زالى يولۇچىلار ۋە ئۇزاتقۇچىلار بىلەن تولغان ئىدى. مەن كىيىم-كېچەكلىرىم سېلىنغان كىچىككىنە چامىدانىم بىلەن فوتو ئاپارات ۋە يېزىقچىلىق ساي-

ماڭلىرىم سېلىنغان سومكامنى ساقلاش ئورنىغا ئۆتكۈزۈۋېتەي دەپ تۇرغىنىمدا، مەرمەر تۈۋرۈككە ئېسىپ قويۇلغان رادىيو كانىيىدىن تۇيۇقسىزلا:

— يولۇچىلار دىققەت، خوتەنگە بارىدىغان يولۇچىلار دىققەت! خوتەنگە يۈتكەيدىغان بىر كېسەل بار، ئۇنىڭ ئەھۋالىدا بۈگۈن ئازراق ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا ھەمرا بولغۇچىنىڭ بېلىتى بولمىغاچقا ئىشى ئالدىراش بولمىغان يولۇچىلارنىڭ بېلىتىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشىنى سورايمىز. خالىغۇچىلار دەرھال ئۆزەكلەرنى مەلۇم قىلغىلار، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى.

بۇ سۆز گويا ماڭىلا قارىتىپ ئېيتىلغاندەك، ئورنۇمدا ئىختىيارسىز توختاپ قالدىم. بېشىمنى كۆتىرىپ ئەتراپقا قارىغىنىمدا، ھەممىلا ئادەم ماڭىلا سىنچىلاپ نەزەر سېلىۋاتقاندەك، گويا مېنىڭ ئەخلاق ۋەزنىمنى دەڭسەپ «ئىمتىھان» ئېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى... «قانداق قىلىش كېرەك؟... ئىشقۇ راستىنلا جىددى ئىكەن، كېسەل كىشىگە قارايدىغان ھەمرا بولمىسا بولامدۇ؟ بىراق ...»

مەن بىر قارارغا كېلەلمەي ئارسالدا بولۇپ تۇرغىنىمدا رادىيو كانىيىدىن يەنە:

— يولۇچىلار دىققەت! ئۈچ كىشى ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. ئۆزىنىڭ تەلىۋى بويىچە يولداش مەتسايىتنىڭ بېلىتىنى قوبۇل قىلدۇق، بىز ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمىز، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىردىنلا يېنىكلىشىپ ئەركىن نەپەس ئالدىم. بىراق، يەنە نىمە ئۈچۈندۇر بىردىنلا كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالدى. شۇ غەشلىك ئىچىدە چامادانىم بىلەن سومكامنى ساقلاش ئورنىغا ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن ۋاز كەچتىم ـ دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بىر بوش ئورۇننى تېپىپ ئولتۇردۇم. ۋۇجۇدۇمنى بارغانسېرى بىر خىل پەرىشانلىق قاپلىۋالدى. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن كۆزۈمنى قاچۇرغاندەك، بېشىمنى سېلىپ ئولتۇرۇمەن، كۆڭلۈمدىن «نىمانداق ئۇزۇن كۈتۈش بۇ؟ ئايروپىلان خىزمەتچىلىرىگە ۋاقتىنىڭ قەدرى ئەھمىيىتى يوقمىكىنا! بىزنى تېزرەك يولغا سېلىۋەتسە بولماسمىدى...» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزۈمەن.

شۇ ئەسنادا كۈتۈش بىناسىنىڭ 2 ـ قەۋىتىدىن ماڭا تونۇش بىر ئايرودروم خىزمەتچىسى چۈشۈپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر دانە ئايروپىلان بېلىتى تۇراتتى. زىلۋا، ئىگىز بويلۇق، خۇشچىراي كەلگەن بۇ خىزمەتچى قىزغىن مۇئامىلىسى، تېتىكلىكى، ئۆز كەسپىنىڭ ئېپى ـ جېپىنى پۇختا بىلىدىغانلىقى بىلەن كۆپتىن بېرى يولۇچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. ھەتتا مەنمۇ ئۇ كىشى ھەققىدە بىر چاغلاردا گېزىتكە بىر پارچە نەسىر يازغان ئىدىم.

بىراق، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىدىن قانداقتۇر بىئاراملىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. نىمىگىدۇر ئالدىرىغاندەك قىلاتتى ۋە ھەر بىر كىشىگە سىنچىلاپ قارايتتى، كىشىلەرنى ئارىلاپ كېلىۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا ماڭا چۈشتى:

— ئوھۇ!... مۇخبىر يولداش، سەپەر قاياققا، خوتەنگىمۇ؟ مانا ناھايىتى ياخشى بولدى! — ئۇ قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە قولۇمنى قاتتىق قىستى، — ئەمدى ئىش ئوڭدىن كەلدى دېگەن سۆز! قاراڭا سىزنى، بۇ قېتىم بىلەت ئېلىشتا نىمىشقا مېنى ئىزدىمىدىڭىز؟ راست گەپنى قىلىڭ، بەش ـ ئالتە يىلدىن بۇيان سىز قاچان، قەيەرگە بارىمەن دېسىڭىز بىلەت ئېلىپ بەرمىگەن يېرىم بار؟ تېلېفون بېرىپ قويسىڭىزلا

ئىش پۈتەتتى ئەمەسمۇ؟ خوپ، بۇ گەپ مەشەدە تۇرۇپ تۇرسۇن، ھازىر مېنىڭ سىزگە جىددى ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى، قېنى، بۇ بىر جۈپ قىز - يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قويۇڭ ...

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇمىتكە تولغان كۆزلىرى بىلەن كىمنىدۇر ئاختۇردى ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئايرۇپىلان سۈپىسى تەرەپكە قاراپ پاراڭلىشىپ تۇرغان بىر جۈپ قىز - يىگىتنى قولى بىلەن شەرەت قىلىپ چاقىردى.

يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرىگە بېقىپ كۈلۈمسىرىشىپ قويۇپ، بىز تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بايا رادىيو كانىيىدىن ئاۋاز چىقىشى بىلەن تەڭ، 2 - قەۋەتكە ئالدىراپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كەينى تەرىپىدىن كۆرگەن ئىدىم، مەن نىمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي ئۇلارغا سەپسالدىم.

يىگىت يىگىرمە ئىككى، يىگىرمە ئۈچ ياشلاردا بولۇپ، بېشىدا چىمەن دوپپا، ئۈستىدە زىغىر رەڭ سارجىدىن تىكىلگەن كاستيۇم - بۇرۇلكا، بويىندا تېگى كۆك، ئاق يولى بار گالستۇك، پۇتىدا پاقىراپ تۇرغان خۇرۇم بەتىنكە بار ئىدى، ساغلام، گۆشمۇستەك بەستىگە كىشىنىڭ زوقى كېلەتتى. ئۆتكۈر كۆزلىرى ئەتراپقا نىمىشقىدۇر ئەيمىنىۋراق قارايتتى. قولىنى نەگە قويۇشنى بىلمىگەندەك، تۇرۇپ كاستيۇمنىڭ تۈگمىلەنگەن قېتىغا، تۇرۇپ يانچۇقىغا سالاتتى؛ تۇرۇپ بۇرنىنىڭ ئۈچىنى چىمدىپ - چىمدىپ قويسا، تۇرۇپ قىزنىڭ بىلىگىنى تۇتاتتى.

قىز بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزىنى ناھايىتى ئەركىن تۇتاتتى. يىگىتكە پات - پات مۇھەببەتكە تولغان كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قارايتتى، مەن قىزغا قارىدىم، ئۇ گويا كوچار «ملك ئۆيى» نىڭ تاملىرىغا سىزىلغان پەرىزاتلاردەك گۈزەل ئىدى. ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىگە، قان تەپچىپ تۇرغاندەك قىپ - قىزىل مەڭىزلىرىگە بېشىدىكى زەر دوپپا، ئۈستىدىكى ھاۋارەڭ دېلون كاستيۇم - يوپكا ۋە بويىندىكى گۈللۈك كەشمىر ياغلىق ياراشقان ئىدى.

— قېنى، تونۇشۇڭلار، بۇ يولداش مەتسايىت، بۇ قىز تۇنسايىم، — ئايرۇدرۇم خىزمەتچىسى بىزنى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا قاراپ دېدى:

— ھە، مۇخبىر يولداش، سىز ھەقىچان بۇلارنى داشۆنى پۈتتۈرۈپ يېڭىلا خىزمەتكە چىققان ياش زىيالىلار دەپ ئويلاۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟ ئۇنداق ئەمەس. بىلەمسىز، بۇلار دېھقانلار، روناق تاپقان كەسپىي ئائىلىنىڭ ئەزالىرى، زامانىمىزنىڭ يېڭى كىشىلىرى، يەنە كېلىپ تازىمۇ قاملاشقان بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلار، دەڭا! ...

قىز «ئاشىق - مەشۇق» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ۋىلىلدە قىزىرىپ، چاچلىرىنىڭ ئۇچىنى ئوينىغاچ كۆزىنى چەتكە ئالدى ۋە يەنە ھېچنىمىنى پەمىنىتكە ئالمىغاندەك، بېشى بىلەن يىگىتنىڭ مۈرىسىگە يۆلەندى. يىگىت بولسا، سەل تەمتىرەپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى چىمدىپ - چىمدىپ قويۇپ، قىزنىڭ بىلىگىنى تۇتتى.

ئايرۇدرۇم خىزمەتچىسى داۋام قىلدى:

— بىز بۇنىڭدىن ئىككى ئايچە ئىلگىرى مۇشۇ يەردە تونۇشقان، ھازىر سىرداش بولۇپ قالدۇق دەڭا! تېخى مەرىكىسىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، يولداش مەتسايىت بوۋىسىنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە قىزنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن. بوۋاي بۇلارغا جاھاننى كۆرۈڭلار، دۇنيانىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ

بېقىنغىلار» دەپتۇ. كېيىن ئۇلار پويىزغا ئولتۇرۇپ شىمالدىن دالىيەنگىچە نۇرغۇن شەھەرلەرنى سەيلى قىلدى، بېيجىڭدا بولدى، مانا ئەمدى ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى. ئويلاپ بېقىڭ، قاندااق مەنىلىك، يېڭىچە ھايات! خېپ، ئۆز گېپىڭگە كەلسەم، بابا يولداش مەتسايىت ئۆزىنىڭ ئايروپىلان بىلەتىنى بىر جىددى كېسەلگە ھەمرا بولغۇچىغا بېرىۋەتتى. بىراق ھازىر قىزنى ئۇزاتساق يىگىت، يىگىتنى ئۇزاتساق قىز قېپقالىدىغان بولۇۋاتىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئۇلارنى قانداقمۇ ئايرىۋەتكىلى بولار؟ شۇ تاپتا ئۇ يەردە ھەممەتلىك بوۋاي كېلىنى بىلەن نەۋرىسىنىڭ دىدارىنى كۆرۈش ئۈچۈن تەقەززا بولۇپ كۈتۈۋاتقاندۇ، كىم بىلىدۇ، بۇ چاقىچە ئۇ يەردە ئۆرۈك ـ نۈشتان، خولۇم ـ خېشىنلار يىغىلىپ سويۇلىدىغان قوي، كاللار باغلىنىپ، قازانلارمۇ ئېسىلىپ پولارنى كۈتۈۋېلىشنىڭ جىددىي تەييارلىقى كېتىۋاتقاندۇر... بابا مېنىڭ سىزگە ھاجىتىم چۈشتى دېگىنىم مۇشۇ ئىدى...

«ياپىرىم... بۇ خىزمەتچى ئەۋلىيادەك ئىش قىلىۋاتىدىغۇ! ئۇ بۇ ئوچۇق كۆڭۈللۈكلىگى بىلەن مېنى كۆڭۈل غەشلىكىدىن ئازات قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەمدىكىنا!» مەن دەرھال بىلەتنى چىقىرىپ بەردىم.

بىراق، قىز بۇنى ياقتۇرمىدى. بوينىنى يىنىك قېقىپ بىردىن جىددىيلىشىپ قالدى. كۆزلىرىدە نارازىلىق ئۇچقۇنلىرى يالتىراپ ئىتتىك يىگىتكە قارىدى. يىگىت بولسا، گويا خەققە قىلغان ياخشىلىقىنىڭ ئۆتىنىسىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئالدىراپ سەت ئىش قىلىپ قويغان ئادەمدەك ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇ ئادىتى بويىچە بۇرنىنىڭ ئۇچىنى چىمدىپ ـ چىمدىپ قويدى ـ دە، قەتئىي يوسۇندا:

ـــ يولداش، بولمايدۇ. ئاۋارە بولماڭ، نىمىشقا بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى چۈشەنمەيسىز؟ بىز دىخان بولساقمۇ، ئەلگە نەپ بەرمەيدىغانلاردىن ئەمەس! ـــ دېدى خىزمەتچىگە قاراپ.

ـــ يۈرۈك، گەپ دېگەن بىر! ـــ دېدى قىزمۇ يىگىتنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ.

ئەمما ئايرودرۇم خىزمەتچىسى بوش كەلمىدى:

ـــ بولدى، تالاشماڭلار. يولداش مەتسايىت، مەن بۇ مۇخبىرنىڭ ھەر قاچان كۆڭلىنى ئېلىۋالالايمەن، قېنى، تارتىشماڭلار، كەتتۇق، ـــ دېدى ـ دە، مەتسايىت بىلەن تۇنىسايىمنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي قوللىرىدىن تارتىپ ئايروپىلان سۇپىسى تەرەپكە كەتتى...

## 2. يېڭىلىنىش

كۆڭلۈمدىكى پەرىشانلىق كۆتىرىلىپ، خېلى يېنىكلىشىپ قالدىم. ئايروپىلانلار تېخى ئۇچمىغاچقا، شەھەرگە قايتىدىغان ماشىنىلارنىڭ قوزغىلىشىغا بىرئاز ۋاقىت بار ئىدى، مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گۈللۈك ئالدىدىكى بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم ـ دە، خاتىرە دەپتىرىمگە مەندە قىزىقارلىق تەسىرات قالدۇرغان بايىقى

بىر جۈپ قىز ـ يىگىت ـــ مەتسايىت بىلەن تۇنىسايىمنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىۋالدىم. تەكلىماكان بوپلىرىغا بارغانىدا، ئۇلارنى قانداقلا بولمىسۇن ئىزلەپ تېپىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم.

ھايال ئۆتمەي، ئايروپىلانلار ئارقا ـ ئارقىدىن پەرۋاز قىلىپ كۆككە كۆتۈرۈلدى. زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسماندا سەھەر قۇياشى

AltunOq

نۇرىغا چۈمۈلۈپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان كۈمۈش لاچىننى ئۇزىتىپ تۇرغىنىمدا، كۈتۈش بىناسىنىڭ چوڭ ئىشىگىدىن بايىقى خىزمەتچى ئالدىراش چىقىپ كەلدى.

— مانا، مانا، قاراڭا سىزنى، بىردەمدە نەگە قاچتىڭىز؟ خوش دەيمۇ قويماپسىز ماڭا! بىلەمسىز، سىلەر مۇخبىرلار تاجىسىز پادىشا - دە، يەنە ئىشىڭىز ئۇڭدىن كەلدى. يۈرۈڭ، سەپەر قىلىسىز.

مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەستىن ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ قارىدىم.

— مۇنداق گەپ، — دىدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، — خوتەنگە بارىدىغان ئىككى تىك ئۇچار ئايروپىلان چىقىپ قالدى، دەڭا! بىرى ھەربى ئايروپىلان، يەنە بىرى، ئىجارىگە بېرىلگەن ئىلمىي تەكشۈرۈش ئايروپىلانى. مەن سۆزلىشىپ ماقۇل قىلدىم، سىز ھەربى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇسىز، خوتەنگە ناھايىتى ئىككى سائەتلا كېچىكىپ بارىسىز...

مەن ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭغا ئەگەشتىم، ئۇ رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش ئۈچۈن 2 - قەۋەتكە چىقىپ كەتتى ۋە بىردەمدىن كېيىن يېنىپ چۈشۈپ، مېنى قولتۇقلاپ ئايروپىلان سۇپىسى تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى، دەل شۇ پەيتتە رادىيو كانىيىدىن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ:

— سىزگە جىددى تېلېفون، دەرھال 2 - قەۋەتكە چىقىڭ، — دىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى.

ئۇ بىرئاز ئارىسالدى بولۇپ ماڭا قارىدى:

— سىز مېڭىپ تۇرۇڭ، مەن ھازىرلا يېتىپ كېلىمەن...

مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئايروپىلان سۇپىسى تەرەپكە ماڭدىم. ئالدىمدا ئىككى تىك ئۇچار ئايروپىلان تۇرۇپتۇ. بىرى يېقىن، يەنە بىرى چەتتىرەك ئىدى. يېقىنراق تۇرغان ئايروپىلاننىڭ ئىشىگى ئوچۇق بولۇپ، ئايروپىلان ئىشىگىدە ئوتتۇرا بوي، قارا قاش كەلگەن بىر ئۇيغۇر يىگىت ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىمەكتە ئىدى.

مەن ئىشەنچلىك ھالدا شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىپ ئايروپىلانغا كۆتىرىلىپ چىقتىم. ئايروپىلان ئۆيىدە ئۇيغۇر يىگىتتىن باشقا يەنە ئىككى كىشى بولۇپ، ئۇلار كىنوغا ئېلىش ئاپاراتى، ھەر خىل فوتو ئاپاراتلار، ئۆلچەش سايمانلىرى ۋە دۇربۇن، خەرىتىگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئالدىراپ تەرتىپكە سالماقتا ئىدى.

بايا قارا قاش ئۇيغۇر يىگىتنى يىراقتىن كۆرگەندە، ئەجەپمۇ ئوبدان بولدى، ئۆزەمگە ھەمرا تېپىلدى دەپ خوشال بولغان ئىدىم. بىراق مەن ئايروپىلانغا چىققاندا ئۇ ماڭا ھېچبىر مەرھەمەت كۆرسەتمىدى، ئەكسىچە، بىرنىمىدىن تەشۋىش بولۇۋاتقاندەك، زۇۋانىمۇ سۈرمەي، بىردە ماڭا، بىردە ھەمرالىرىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

شۇ چاغدا، سايمانلارنى رەتكە سېلىۋاتقان چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان، كەڭ كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر خەنزۇ كىشى بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى ۋە بىر قۇر سەپسېلىۋالغاندىن كېيىن سورىدى:

— بايا ئايرودروم خىزمەتچىسى دىگەن كىشى سىزمۇ؟

— ھەئە، — دىدىم مەن جاۋاپ بىرىپ.

— بىز ئۇنىڭغا دىگەنتۇققۇ، — دىدى ئاق چاچلىق كىشى، — دۇرۇس، بىز خوتەنگە بارىمىز، لېكىن بۇگۈن ئەمەس ئەتە بېرىشىمىزمۇ ناتايىن...

— ماڭا بەرىبىر، ئۆگۈنلۈككە يېتىپ

بارساقمۇ بولۇۋېرىدۇ...

ئاق چاچلىق كىشى بىر خىل قىزىقسىنىش بىلەن قارا قاش ئۇيغۇر يىگىتكە قاراپ قويدى. ئۇيغۇر يىگىت ماڭا قاراپ:

— سىزنىڭ قولىڭىزدا ...— دەپ توختاپ قالدى.

مەن دەرھال تۆش يانچۇقۇمدىن مۇخبىرلىق كىنىشكامنى ئېلىپ تەڭلىدىم. ئۇيغۇر يىگىت كىنىشكىدىكى رەسىمگە غىل-پال كۆز يۈگۈرتتى-دە، ئۇنى كۆزەينەكلىك كىشىگە سۇندى.

— مۇنداق دەڭ، مۇخبىر ئىكەنسىز-دە!— ئاق چاچلىق كىشى مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى،— ياخشى، قارشى ئالىمىز، مەن سىزگە دىسەم،— دىدى ئۇ،— بىزنىڭ بۇ ئاسماندا مەشغۇلات قىلىدىغان گورۇپپىمىز ئۈچ ئايدىن بۇيان تەكلىماكان چۆللىگىنى قىدىرىپ يۈرۈدۇ. بىزگە بىرمۇ مۇخبىر ھەمرا بولغان ئەمەس، ناۋادا سىز مەنزىلىڭىزگە بىر-ئىككى كۈن كېچىكىپ بېرىشتىن ئەنسىرىمىسىڭىز بىللە كەتتۇق...

مەن بۇ ئايروپىلانغا يېڭىلىشىپ چىقىپ قالغانلىقىمنى بىلدىم. لېكىن بۇ كۆڭۈلدىكىدەك يېڭىلىش ئىدى. چۈنكى مەن ھېچبىر كۈتۈلمىگەندە، مومام ئاغزىدىن نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىغان ۋە بىر قېتىم كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغان ئاجايىپ سىرلىق تىلسىمات — بىپايان قۇم ئالىمىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇۋاتاتتىم. مومامنىڭ نەزىرىدىكى تەكلىماكان مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنداق قۇرغاق دەشتى-باياۋان ئەمەس، بەلكى بۇ ئالەمدە تەڭدىشى يوق گۈزەل بىر ئىقلىم ئىدى. يەنى مومامنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ يەردە «ئىشىك-دەرىزىلىرى ئالتۇن-كۈمۈشتىن، بىنا-ئىمارەتلىرى كۆك ئەينەك، يېشىل كاھىشتىن، مۇنار-قۇببىلىرى رەڭلىك قاش تېشىدىن ياسالغان قەسىرلەر، ئوردا-سارايلار، يوللىرى مەرمەر تاشتىن ياسالغان ئاۋات رەستىلەر، قايناق گۈزەرلەر بار ئىدى؛ ھەممە يەر يېشىل زەيتۇن دەرىخى بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئېقىن سۇلىرىدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى...»

مەن مومامنىڭ چۆچەكلىرىنى ئەسلەپ ھاياجانلىنىپ ئولتۇرغىنىمدا، يەر جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرۈپ ئايروپىلان يېنىككىنە كۆتۈرۈلدى، يىگىرمە مىنۇتچە يۇقۇرى كۆتۈرۈلگەندە، ئەينەكتىن بايىقى ئايرودرۇم خىزمەتچىسىنىڭ ئايروپىلان تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ھە-دەپ قوللىرىنى ئىگىز-پەس پۇلاڭلىتاتتى. بۇ پۇلاڭلىتىشنىڭ يا مېنى ئۇزىتىۋاتقانلىقىنى ياكى بىر نىمىگە ئەپسۇسلۇق بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئاستاغىنا: «قەدىرلىك يولداش رەھمەت سىزگە، بىلەمسىز، سىزنىڭ ھەممە ھاجەتمەنلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان خىزمەت سەنئىتىڭىز مېنى بىر ئۆمۈرلۈك ئارزۇيۇمغا يەتكۈزۈۋاتىدۇ» دەپ پىچىرلىدىم.

## 3. ئېھ، بىپايان ئاسمان!

بىر ئاسماندا ئۇچۇۋاتىمىز، ئاسماندا سۆزلىشىۋاتىمىز.

مەن قارا قاش ئۇيغۇر يىگىتى بىلەن بىردەمدىلا چىقىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئىسمى ئالىمجان بولۇپ، 1981-يىلى گېئولوگىيە ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، «504»

ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكە قاتنىشىپ جەنۇبىي شىنجاڭنى، بولۇپمۇ تەكلىماكان چۆللىكىنى ئومۇمىي يۈزلۈك قىدىرىپ تەكشۈ- رۈش پىلانىنى ئىجرا قىلىۋاتقان ئىكەن. ئۇ مەن ئويلىغاندەك «زوۋان سۆزمەس» ئەمەس، بەلكى چاقچاقچى، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىپ بېرىشكە خۇشتار ۋە ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغان سۆھبەتداش بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۆز خىزمەتداشلىرىغا بولۇپمۇ ئاق چاچلىق مۇي- سىپىت كىشىگە ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ تىلىغا «چىڭ» دىگەن بىر سۆز ئادىتى يېپىشىۋالغان ئىكەن، لېكىن ئۇ بۇنى زادىلا سەزمەيتتى:

— سىز، بۇ كىشىنى چىڭ، بوش چاغ- لىماڭ، — دىدى ئۇ ئاق چاچلىق كىشىنى ئىما قىلىپ، — بىلەمسىز، ئۇ پروفېسسور، ھازىر مەخسۇس تەكلىماكان بىلەن ھەپىلى- شىۋاتىدۇ، تەكلىماكانغا خاس قۇم جىنسلىرى- نىڭ خۇبېي تۈزلەڭلىكىدە پەيدا بولغانلىقىنى چىڭ، ھەممىدىن بۇرۇن بايقىغان كىشى مۇ- شۇ. ئۇ مەكتەپتە مېنىڭ ئوقۇتقۇچۇم ئىدى، مانا ئەمدى خىزمەتداش بولۇپ قالدۇق! — ئالىمجان بىر خىل پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن شوخلۇق قىلىپ تىلىنى چىقاردى، — مەن گېئولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ بىر ئاي بولغاندا، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چاقىرىپ، ئۇزاق سۆھبەتلەشكەن ۋە خاتىرە دەپتىرىمگە ماكسىم گوركىنىڭ: «تۇرمۇشنىڭ مەنىسى گۈزەللىك ۋە نىشانغا ئىنتىلىدىغان كۈچتە» دىگەن سۆزىنى يېزىپ بەرگەن ئىدى. ھازىر بۇ ھېكمەت ھەر ئىككىمىزنىڭ ئورتاق غايىسى بولۇپ قالدى. شىنجاڭنى ئېچىش ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ياشانغانلىقىغا قارىماي، ئۆزى تەلەپ قىلىپ «504» ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكە قاتناشتى. مەخسۇس تەكلىماكانى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان، چىڭ، بۇ پايانسىز قۇملۇقنى بەزىدە ماشىنى- دا، بەزىدە تۆگىدە، بەزى چاغلاردا بولسا پىيادە مېڭىپ قىدىرىپ يۈرۈمىز، سانسىز جەۋرى - جاپالارنى باشتىن كەچۈردۇق.

مەن ئويلىنىپ سورىدىم:

— ئالىمجان، ئېيتىڭا، تەكلىماكانى تەكشۈرۈشتىن بىرەر ئۈمىت بارمۇ؟

— نېمە، چىڭ، ئۈمىت دەمسىز!؟ — ئالىمجان بىردىن كۆزلىرى چاقنىغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — چىڭ، قانداق سوئال؟ بايا سىز تيانشان ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتۈۋېتىپ: «غەلىتە ئىش، تەڭرى تېغىنىڭ شىمال تەرىپى بەئەينى يېشىل مەخمەل — گۈل - گىيا، يېشىل قارىغايلار بىلەن قاپلانغان ئىكەنۇ جەنۇپ تەرىپى نىمىشقا تېرىسى سويۇۋېلىنغان ئورۇق كال- دەك تاكراڭ - سىدام؟ دەپ سورىغانتىڭىز، دەرۋەقە، تەكلىماكان دىسە، كىشىلەر ئەزەل- دىن ئۇنى ئەتراپقا يامراپ تېشىۋاتقان تىزگىنسىز قۇم دېڭىزى دەپ بىلىدۇ، مەنمۇ بىر چاغلاردا، چىڭ، ئاشۇنداق ئويلىغان، كۈنلەردىن بىر كۈنى بەڭۋاش قۇملۇق جەنۇپتىكى بوستانلىق يېزا - كەنتلەرنى يەپ كەتمىگىدى، دەپ ئەنسىرىگەن. ھازىر بىز، چىڭ، ئۇنداق ئويلىمايمىز. پروفېسسور ئۇنى ئاستى غايەت زور نېفىتلىك ۋە يېقىلغۇ گا- زى بىلەن تولغان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ گۆھىرى بولۇپ قالىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى. بۇ گەپ، چىڭ، ھازىر قۇرۇق تەسەۋۋۇر ئەمەس! ...

مەن بۇ سۆھبەتكە شۇنچىلىك قىزىق- قان ئىدىمكى، ئەپسۇس، ئۇنى داۋاملاشتۇ-

رۇشقا مۇمكىنچىلىك بولماي قالدى. ئايروپىلان ئاقسۇ ئايرودرومىدا يېتەرلىك ماي قاچىلىۋالغاندىن كېيىن، يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، تىپ - توغرا چۆلۈك قۇملۇق تەرەپكە قاراپ ئۇچتى. ئايروپىلان ئىچىدىكى خادىملار ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. ئالىمجاننىڭ مەن بىلەن سۆزلىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ماڭا قاراپ قويۇشقىمۇ چولىسى تېگىدىغاندەك ئەمەس. ئۇ تۇرۇپ پىشقەدەم پروفېسسور بىلەن نىمىنىدۇر مەسلىھەتلىشەتتى، تۇرۇپ بىردە خەرىتىلەرگە، بىردە دۇربۇن بىلەن كۆزنەكتىن يەرگە قارايتتى؛ تۇرۇپ، سىمسىز تېلېگراف ئاپاراتىنى ئاغزىغا تۇتۇپ، يەر ئۈستىدىكى پونكىتلار بىلەن ئالاقىلىشاتتى ۋە يەنە خەرىتە ئۈستىگە قانداقتۇر بەلگىلەرنى سىزاتتى. قۇلىقىمغا ئۇنىڭ «چىك - چىك» قىلغان تاۋۇشى پات - پات ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەن نائىلاج ئايروپىلان ئەينىكىگە مەڭزىمنى ياقتىم - دە، مومام ئاغزىدىن ئاڭلىغان سىرلىق ئالەمنى ئېگىزدىن تاماشا قىلىشقا باشلىدىم.

كۆز ئالدىمدا چېكى يوق قۇملۇق يېيىلىپ ياتىدۇ، قاتمۇ - قات گىرەلەشكەن قۇم بارخانلىرى بەزىدە ئۈزلۈكسىز دولقۇنلىنىپ تۇرغان شاۋقۇنلۇق دېڭىزغا ئوخشاپ كەتسە، بەزىدە قېتىپ قالغاندەك تىم - تاس، سۈرلۈك بىر قىياپەتكە كىرىپ قالاتتى.

بىردىن رەڭ ئۆزگىرىپ، چۆل ئىچىدە بولۇۋاتقان غەلىتە بىر «توپىلاڭ» غا كۆزۈم چۈشتى. نەچچە ئون يەردە ئاسمانغا بوي سوزغان سېرىق، قىزغۇچ قۇم مۇنارىلىرى شىددەتلىك پىقىراپ قىنىغا پاتمىغان لەھەڭلەردەك ئايروپىلانغا خىرىس قىلماقتا ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ چۆل قويۇنى ئىدى. مومام بۇ كۆچكۈچى چۆل قويۇنلىرىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنىڭ ئۆزىگە توغرا كېلىپ قالغان ئات - تۆگىلىك، ھارۋىلىق كارۋانلارنى تەرەپ - تەرەپتىن قورشىۋېلىپ، كۆزگە كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن قامالاپ ئاسمانغا كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى، قۇرۇق غازاڭدەك پىقىرىتىپ نەچچە كۈنلۈك يەرگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭ جان - جەھلى بىلەن تىلىنى سوزۇپ ئايروپىلانغا ئېتىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ قەھىرلىك زەربىسىدىن ئايروپىلاننىڭ دىرىلداپ تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

قويۇنلار كەينىمىزدە قالدى، كېيىن بىز خېلى ئۇزۇنغىچە تىپ - تىنىچ سۈررەڭ قۇملۇقلار، كىرىستالدەك پاقىرىغان شورلۇقلارنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتۇق، چېچەكلىرى تۆكۈلگەن قىزىل يۇلغۇنلۇق، قۇم دېڭىزى ئىچىدىكى يالغۇز ئارالدەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان قەدىمىي توغراقلىق، ھەتتا چۆل قۇملۇقنىڭ غەربىدە ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۈمۈش لېنتىدەك «يالت - يۇلت» قىلغان بىر دەريامۇ ئارقىدا قېلىپ كەتتى. شۇ پەيتتە، كۈنگەي تەرەپتىكى قۇم بارخانلىرى گويا ئۈستىگە سانسىز ئۈنچە - مەرۋايىت، ئالتۇن - كۈمۈش ئۇۋاقلىرىنى چېچىۋەتكەندەك، ئۇشتۇمتۇت يالقۇنلىنىپ يالتىراپ كەتتى. كۆزۈمنى قاماشتۇرغان بۇ مەنزىرە شۇنچىلىك گۈزەل، سېھىرلىك ئىدىكى، گوياكى مەن ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ قاراپ مومام دەپ بەرگەن ھېلىقى «ئىشىك - دەرۋازىلىرى ئالتۇن - كۈمۈشتىن، ئىمارەتلىرى كۆك ئەينەك، يېشىل كاھىشتىن، مۇنار - قۇببىلىرى رەڭمۇ - رەڭ قاش تېشىدىن ياسالغان قەسىرلەر، ئوردا - سارايلار» نى كۆرگەندەك بولدۇم.

بىراق ئايروپىلان بۇ مەنزىرىگە ئانچە

تارتىشمىدى، ئۇ ھامان بىردە ئىگىز، بىردە پەس، بەزىدە تېز، بەزىدە بىر نۇقتىنى قايتا - قايتا ئەگىپ ئۇچۇپ، ئۆز مەشغۇلاتى بىلەن بەنت ئىدى...

كۈن پېشىندىن ئۆتكەندە، ئايروپىلان تۇيۇقسىز پەسلەپ بىر دائىرىنى چۆگىلىدى. باياتىن بېرى ئادەمنى بىزار قىلىۋېتىدىغان بىر خىل قۇم مەنزىرىسىگە قاراۋېرىپ كۆزۈم تالغانلىقتىن، بىردەمچىلىككە كۆزۈمنى يۇمۇۋالغان ئىدىم. ئايروپىلاننىڭ پەسلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ كۆزۈمنى ئېچىپ يەرگە قارىدىم.

— پاھ، بۇ نېمە كارامەت!؟

ئالدىمدا رەڭدار خوتەن گىلەمدەك جۇلالىنىپ، گويا شۇ تاپتا غايىپتىن ئاپىرىدە بولغاندەك كەڭ بىر پارچە ئېكىنزارلىق پەيدا بولۇپ قالدى. تۆت ئەتراپى سۇرەڭ قۇملۇق بىلەن قورشىلىپ تۇرغان بۇ ئېكىنزارلىق بىپايان چۆل ئىچىدە خۇددى نۇرلىنىپ، يېشىل مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇراتتى.

مەن ھەيران بولۇپ، ئىتتىك ئالىمجانغا قارىدىم، شۇ تاپتا ئالىمجانمۇ، ئاق چاچلىق پروفېسسورمۇ ئېكىنزارلىققا قاراۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئالىمجان پېشقەدەم پروفېسسوردىن:

— ئەسلەۋاتامسىز؟ چىك، زادىلا ئۇنتالمايسىز - ھە؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ياشسىز - دە، يىگىت، — دېدى پروفېسسور تۆۋەندىن كۆزىنى ئۈزمەي، — ئۇ كۈنلەرنى قانداقمۇ ئۇنتۇش مۇمكىن! بۇ دېگەن ھاياتلىق قىرغىقى. ناۋادا تەلىيىمىز ئوڭ كېلىپ مۇشۇ قىرغاق قۇتقۇزمىغان بولسا، ئاللىقاچان ھەممىمىز قۇم ئاستى شەھەرلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك پۇقرالىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتۇق!

ئالىمجان چاقچاق قىلدى:

— ئۇ چاغدا ئىش تېخىمۇ ئوڭاي بولاتتى. چىك، يەرنىڭ قېتىدا نېمىلەرنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى بىۋاستە كۆرگەن بولاتتۇق.

— بەلكىم...

ئۇلار كۈلۈشتى، مەن تېخىچىلا ھېچنەرسىنى ئۇقالماي سورىدىم:

— ئالىمجان، بۇ نېمە، قارىڭا، مەن نېمىنى كۆرۈۋاتىمەن؟ ئەينەكلىك ئۆيلەر، تال ئۈزۈم، كاۋا - قاپاق باراڭلىقى، جا باغلانغان قۇدۇق، خۇددى سېپىل سوقۇپ قويغاندەك ئورمان بەلۋېغى، تىراكتور، كۆردىڭىزمۇ، ئەرلەر، ئاياللار، بالىلار، قوغۇنلۇق، قوناقلىق، كېۋەزلىك، پاھ، پاھ، قاراڭا، تونۇرغا يۆلەپ قويغان ئۈچ ۋېلسىپىتنىمۇ، قول تىراكتورنىمۇ ئېنىق كۆردۈم... ئېيتىڭا، كۆزۈم مېنى ئالداۋاتمىغاندۇ؟

ئالىمجان پېشقەدەم پروفېسسورغا قاراپ قويۇپ ماڭا دېدى:

— بىلەمسىز؟ چىك، مانا سىزگە يەنە بىر يېڭى تېما چىقتى: بۇ بىر ئاجايىپ ۋەقە...

ئايروپىلان قۇم ئالىمىگە زىننەت بېرىپ تۇرغان ئېكىنزارلىقنىڭ ئۈستىدىن لەرزان ئەگىپ ئۆز يولىغا چۈشتى. بىز شۇ كۈنى كەچتە چۆل ئىچىدىكى بوستانلىققا ئانچە يىراق بولمىغان دەريا ساھىلىدىكى نېفىت بۇرغىلاش - تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باش شتاۋىغا چۈشۈپ مېھمان بولۇپ تۈندۇق. ئەتىسى يەنە يولغا چىقتۇق ۋە خوتەنگە يېتىپ بارغىچە ئالىمجان بۇ «ئاجايىپ ۋەقە» توغرىلىق ھېكايە قىلىپ بەردى.

## 4. ھېكايە مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ

— چىك، ئەلۋەتتە بۇ ئۈچ يىل ئىلگىرىكى ئىش، — دەپ باشلىدى ئالىجان ھېكايىسىنى، — 9 - ئاي مەزگىلى ئىدى، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىمىز ئۇ چاغدا تەكلىماكاننى تۇنجى قېتىم كېسىپ ئۆتۈۋاتاتتى. پىيادە كېتىۋاتىمىز. يول باشلىغۇچى بىلەن قوشۇلۇپ ھەممىمىز بەش كىشى ئىدۇق. يول باشلىغۇچىمىزنىڭ مۆلچەرىگە قارىغاندا، ئادىمىزات بار دېيىلگەن جاي ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى، ئاسانلا يېتىپ بارىمىز دەپ ئويلىغان ئىدۇق، چىك، ئەپسۇسكى، بەشىنچى كۈنگە بارغاندىمۇ ئادىمىزاتتىن نىشان كۆرۈنمىدى. ئوزۇقلۇق، بولۇپمۇ ئىچىدىغان سۈيىمىز تۈگەپ كەتتى. ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىزلىنىپ، پۇتىمىزنى ئاران - ئاران سۆرەپ مېڭىۋاتقانلىقىمىزنى ئۆزىمىز بىلىمىز، لېكىن بىر - بىرىمىزگە تىنمايمىز، چىك، ئالتىنچى كۈنى ھەممىمىزنى بىر خىل ئەنسىزلىك، ۋەھىمە ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئالدىمىزدىكى نىشان غۇۋا، كەينىمىزگە قايتىش مۇمكىن ئەمەس، چىك، ھەممىمىزنىڭ كۆزى يول باشلىغۇچىدا، ئۇ بولسا، زادىلا گەپ قىلمايتتى، پات - پات بېشىنى كۆتىرىپ ئەتراپقا قاراپ قويۇپ كېتىۋېرەتتى.

شۇ كۈنى چۈش قايرىلغاندا، يول باشلىغۇچى بىزنى توغرىسىغا سوزۇلغان ئېگىز قۇم دۆڭىنىڭ ئۈستىگە باشلاپ چىقتى. ھەممىمىز گويا بىر نىجاتلىق يولى تېپىلغاندەك تۆت ئاياقلىق بولۇپ ئالدىراپ قۇم دۆڭگە ياماشتۇق. بىردىنلا يۈز - كۆزىمىزگە كۈچلۈك شامال ئۇرۇلدى، مەن ھەمرالىرىمغا بىرەر خۇشخەۋەر يەتكۈزۈشكە تەقەززا بولۇپ مۇدۇرۇپ - يىقىلىپ يۈرۈپ ھەممىدىن بۇرۇن دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىم - دە، ئالدىمىزدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ، ھاياجاندىن سەكرەپ كەتتىم:

— دەريا!... يولداشلار، دەريا! قاراڭلار، دەريا! — دەپ بار ئاۋازىم بىلەن ۋاقىرىدىم، چىك.

ئىشىنى دەيسىز، كۆز ئالدىمىزدا بىر كىلومېتىرچە كەڭلىكتىكى تەكشى كەتكەن ساي ئىچىدە ھەقىقەتەنمۇ كاتتا بىر كۆلرەڭ دەريا لىۋمۇلدەپ ئاقماقتا ئىدى. يۇقىرى تەرەپتىكى قۇم بارخانلىرى ئۈستىدىن لەيلىشىپ چۈشۈۋاتقان كەلكۈن ساي ئىچىدە قوشۇلۇپ، چوڭ ئېقىن ھاسىل قىلىپ، دولقۇنلىنىپ، شىۋىرلاپ ئاقماقتا ئىدى، چىك.

كەينىمىزدىن يېتىشىپ چىققان پروفېسسور بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ:

— راستىنلا دەرياغا ئوخشايدىكەن، — دېدى ۋە يېنىدا تۇرغان يولباشلىغۇچىغا قارىدى.

يول باشلىغۇچى — ئوتتۇرا بوي، كەم سۆز، قاڭشالىق كەلگەن ساقاللىق ئادەم ئىدى. بىز ئۇنى ھۆرمەتلەپ بەزىدە «ئاتا»، بەزىدە «ئاق ساقال» دەپ ئاتايتتۇق. ئۇ پروفېسسوردىن باشقا ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى، لېكىن يول باشلاشتا ئۆزىنى خوجايىنىدەك تۇتۇپ، ھېچكىمگە قۇلاق سالمايتتى، ئۆز قارارىدىن يانمايتتى. ئاچچىقى كېلىپ قالسا، ساللىۋا تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ مىجىقلاش ئادىتى بار ئىدى.

مانا ھازىرمۇ، چىك، ئۇ ئالدىمىزدىكى دەرياغا قاراپ، تۇمىقىنى مىجىقلاشقا كىرىشتى. رەڭگى - رويى ئۆچكەن ھالدا بېشىنى تەۋرەتتى:

— نېمە تۇرۇمىز، ماڭىلى، قۇم ئېقىۋېتىپتۇ. بۇ دېگەن بوراننىڭ شەپىسى، يەنە بىردەمدىن كېيىن بۇ قۇم دەرياسى ساي ئىچىدە ئەمەس، ئۈستىمىزدە ئاقىدۇ،— دېدى.

پروفېسسور ئالقىنىنى كۆزىنىڭ ئۈستىگە سايىۋەن قىلىپ تۇرۇپ، ئەتراپنى كۆزەتكەندىن كېيىن:

— دۇرۇس، ساينىڭ يۇقۇرى تەرىپى بوزىرىۋاتىدۇ، تېزرەك ساينىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۆتىۋالايلى، مەن ئۇ يەردە دۆڭدەك بىر نەرسىنى كۆرۈۋاتىمەن،— دېدى.

بىز دۆڭدىن سىرىلىپ سايغا چۈشتۇق. يول باشلىغۇچى كېتىۋېتىپ پات-پات:

— پەخەس بولۇڭلار، ئېقىۋاتقان قۇم قېلىن ئەمەس، لېكىن-زە، ئازراق بىخەستەلىك قىلساق، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە كۆمۈلۈپ قالىمىز،— دەپ ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇمايتتى. چىك، لۆمۈلدەپ ئېقىۋاتقان كۆلرەڭ دەريا راستىنلا ئۇشۇغىمىزغا كەلمەيتتى. لېكىن ئۇ، قانداقتۇر بىر قۇدرەتلىك كۈچ بىلەن كىشىنى ئۆزىگە تارتاتتى. مۇز ئۈستىدە مېڭىۋاتقاندەك پات-پات تېيىلىپ يىقىلاتتۇق، ئەگەر دەرھال قەددىمىزنى رۇسلاپ ئورنىمىزدىن تۇرۇۋالمىساق چىك، قۇم ئۈستىدە قۇرۇق يېپۇرماقتەك لەيلەپ، ئاياق تەرەپكە سۇرۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى سەزمەي قالاتتۇق.

مۇشۇ تەرىقىدە، بارغانسېرى غالجىرلىشىۋاتقان قۇم كەلكۈنىنى بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن كېچىپ ئۆتۈپ چىك، مىڭ تەسلىكتە نېرىقى قىرغاققا چىقىۋالدۇق.

بىراق، بىز قىرغاققا پۇتىمىزنى قويۇشىمىز بىلەن تەڭ، ئاسماننى دەھشەتلىك قۇم بورىنى بېسىپ كەلدى. ئۈستىمىزدىن چېلەكتىن قۇيۇلۇۋاتقان يامغۇردەك چۈشۈۋاتقان قۇم كەلكۈن يەلكىمىزنى بېسىپ مۈكچەيتتى، كۆزنى ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، نەپەس ئېلىشمۇ تەس، چىك، قورقۇنچلۇق بىر ۋەھىمە ھەممىمىزنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. پروفېسسورنىڭ تەكلىۋى بويىچە ھەممىمىز بىر-بىرىمىزنىڭ بىلەكلىرىنى چىڭ قامالاپ گىرەلىشىۋالدۇق، ئەمما چىك، يول باشلىغۇچى بۇ چارىنى ماقۇل تاپمىدى بولغاي، جاۋغايلىرىغا چاپلاشقان قۇمنى تىلى بىلەن يالماپ تۈكۈرۈۋېتىپ، يېنىدىن بىر تانا چىقاردى، ھەممىمىزنىڭ بېلىدىن چېتىپ باغلاپ، بىر ئۇچىنى ئۆزى تۇتتى، ئاندىن:

— ئاللانىڭ دەرگاھىغا ۋاقىتسىز كەتمەيلى دېسەڭلار،— دېدى بار ئاۋازى بىلەن خىقىراپ،— ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، پۇتۇڭلار بىر جايدا توختىمىسۇن، مىدىراڭلار، ماڭا ئەگىشىپ مېڭىۋېرىڭلار.

بىز ھېچنېمىنى كۆرمەي، مۆدۈرگىنىمىزچە يول باشلىغۇچىغا ئەگىشىپ كېتىۋاتىمىز. يول باشلىغۇچىمىز بولسا پات-پات تانىنى سىلكىپ-تارتىپ قويۇپ، نېمىنىدۇر دەپ غۇدۇرايتتى. لېكىن ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى زادىلا ئۇققىلى بولمايتتى، چىك، بىراق ھەممىمىز ئۇنىڭ «مىدىراڭلار، پۇتۇڭلار بىر جايدا توختىمىسۇن» دەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتۇق...

ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل ھارغىنلىق قاپلىۋالدى، مېنى يېڭىش تەس بولغان تېلىمۇ شېرىن ئۇيقۇ قامالىماقتا. پات-پات بېشىمنى سىلكىپ ئۆزەمنى سەگەك تۇتماقچى بولۇمەن، شۇ چاغدا، خىيالىمغا ئالدىنقى كۈنى كەچتە پروفېسسورنىڭ يۇمشاق قۇم ئۈستىدە سۆزلىشىپ يېتىپ، زوق بىلەن سۆزلەپ بەرگەن بىر ھېكايىسى كېلىپ قالدى،— «روبىنزۇن كروزۇ» چىك.

پروفېسسور روبىنزۇن كروزۇغا قايىل ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە سۆزلىگەندە، بولۇپمۇ، چىك، روبىنزۇننىڭ «ئىشقا بەنت بولۇش — ھاياتلىق دېمەكتۇر، ھورۇنلۇق — ماماتلىق

دېمەكتۇر، قاتىلاشچىلىق — شاتلىق دېمەكتۇر، بىكار لاغايلاش — چۈشكۈنلۈك، روھسىزلىق دېمەكتۇر» دېگەن سۆزىنى ھاياجان بىلەن قەيت قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. كۆز ئالدىمغا ئادەمسىز يالغۇز ئارالدا چىك، ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ۋە ئۈمىت بىلەن ئوتتۇز يىلغا يېقىن ۋاقىتنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزگەن ئاجايىپ ئادەم — روبىنزۇن كروزۇ كەلدى. ئۆزەمنى بىپايان قۇم دېڭىزىدا تېنەپ يۈرگەن روبىنزۇن كروزۇدەك ھىس قىلىپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدىم.

دەل شۇ پەيتتە، بېشىمنىڭ ئۈستىدىلا ئاسماننى تىترىتىپ گۈكىرىگەن بىر سادا ئاڭلاندى. مەن ئۇنى دەسلەپ بوراننىڭ ھەيۋىسىمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم، چىك، كېيىن كۆزىمىزگە تىقىلىۋاتقان قۇمغا پەرۋا قىلماي ھەممىمىز ئاسمانغا قارىدۇق، چىك، ئايروپىلان!... ئۇنىڭ بىزنى ئىزلەۋاتقانلىقى بىزنى قۇتقۇزماقچى بولغانلىقى ئېنىق ئىدى!

بىراق، ئاسمان قېلىن قۇم پەردىسى بىلەن قاپلانغانلىقتىن، بىزنىڭ ئۇنى، ئۇنىڭ بىزنى كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋاقراش، ئوق ئېتىشلاردىن ھېچنىمە چىقمىدى. ئايروپىلان بېشىمىزنىڭ ئۈستىدە ئۇزاق غۇڭۇلداپ ئايلانغاندىن كېيىن، قاياققىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. بىز لەسسىدە بولۇپ قالدۇق. پىشقەدەم پروفېسسور يول باشلىغۇچىنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىپ تۇرۇپ:

— بىز نەگە كېتىۋاتىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— بىلمەيمەن، — دېدى يول باشلىغۇچى ۋە تاننى تارتىپ-تارتىپ قويدى، — گەپ قىلماڭلار، پۈتۈڭلار بىر جايدا توختىمىسۇن، ماڭا ئەگىشىپ مېڭىۋېرىڭلار...

بىز مېڭىۋاتىمىز، پۈتىمىزمۇ بىر جايدا توختىمىدى، چىك، توختاشنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىمىزگە مەلۇم. لېكىن، چىك، نەگە كېتىۋاتىمىز، قانچىلىك يول باستۇق، ھازىر كېچىمۇ كۈندۈزمۇ؟ ئېنىق ئەمەس. بىر كەمدە بوران سەل پەسلىگەندەك قىلدى، شۇنداقتىمۇ كۆزنى ئاچقىلى بولمايتتى. راست گەپنى دېسەم، چىك، ئۆزەمنى زادىلا باشقۇرالماي قالدىم، قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن، چىك. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، بىر كەمدە كىمنىڭدۇر:

— بولدى ئەمدى ئەپەندىلەر، ئۇخلاۋەرمەڭلار، — دېگەن بوغۇق ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى.

ئاچچىق قۇم بىلەن چىڭقالغان كۆزلىرىمنى تەستە يېرىپ ئاچتىم، ئالدىمدا سالالىق يول باشلىغۇچى ئۆرە تۇراتتى، چىك. پۈتكۈل جاھان گويا ئەينەك سۇنۇقلىرىنى چېچىۋەتكەندەك جىمىرلاپ كۆزۈمنى قاماشتۇراتتى. ئاسمان سۈپ-سۈزۈك، قۇياش يالتىراپ نۇر سەپمەكتە. يېنىمدا پىشقەدەم پروفېسسور، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە يەنە ئىككى خىزمەتدىشىمىز بولۇپ، ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش بېلىگىچە قۇمغا كۆمۈلگەن ھالدا يېتىپ تېخىچە ئەتىگەندىكى «خان ئۇيقۇسى» نىڭ كەيپىنى سۈرمەكتە ئىدى، چىك.

مەن بوينۇمنى سوزۇپ ئەتراپقا نەزەر سالدىم ۋە بىردىنلا بىزنىڭ كەينىمىزدە تۈنۈگۈن كۆرگەن كۆلرەڭ دەريانى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ شۇ تاپتا ئۇيۇپ-قېتىشىپ قالغان قىرغۇشۇندەك، سۈرلۈك بىر تەرزدە تىپ-تىنچ سوزۇلۇپ ياتاتتى. بىر سېرىلىپ چۈشكەن دۆڭمۇ، چىك، مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن شۇ چاغدىلا راسا چارچاپ بىر كېچە يول مېڭىپ قۇم ئاقار دەريا قىرغىقىدىن 50 قەدەممۇ نېرى كەتمىگەنلىكىمىزنى، «مەككار» يول باشلىغۇچىنىڭ بىزنى كېچىچە بىر دائىرىنى ئايلاندۇرۇپ چۆگىلىتىۋەرگەنلى-

گىنى سەزدىم.

قارىغاندا، يول باشلىغۇچى ئۇخلىمىغان ئوخشايدۇ. ئەتراپىمىزنى ئۇنىڭ يۇمشاق تىرە چورۇق كىيگەن پۇتىنىڭ سان-ساناقسىز ئىزلىرى يۈگەپ تۇراتتى، چىك. مەن كىيىملىرىمنى قېقىشتۇرۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم:

— ئاتا، بۈگۈن كېچە راسا يول مېڭىپتىمىز-دە!

— مېڭىپ! نەگە مېڭىپ؟ — ئۇ ئىككى قولىنى كۆزىنىڭ ئۈستىگە سايىۋەن قىلىپ، يىراق ئۇپۇققا، ئۇپۇق بىلەن تۇتىشىپ تۇرغان نامەلۇم نىشانغا سەپسېلىپ تۇرۇپ خىتىرىدى، — مېڭىش، نەدىكى مېڭىش بولسۇن! مۇنداق زۇلمەت قاراڭغۇسىدا ئېزىتقۇ بورانغا ئەگىشىپ تەۋەككۇلگە مېڭىش خەتەرلىك. ھالبۇكى بۇ چۆل، ئىشىگى ئوچۇق ئۆيىگىمۇ تەۋەككۇل قىلىپ كىرگىلى بولمايدۇ، ئەمما، مىدىرلىماق لازىم، قۇم كەلكۈنى شۇنداق نەرسىكى، مىدىرلىمىساڭلا ئالەمدىن كېتىشىڭ شۇ... توختاڭ، توختاڭ، قارىڭا، كۆرۈۋاتامسىز، ئادەم... يا پەرۋەردىگارىم، قاراڭا، بۇ ئېنىقلا ئادەمغۇ!...

## 5. ناتونۇش ئادەم

«ئادەم!»

«ئادەم» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ يۈرىگىم ئىختىيارسىز تىپچەكلەپ كەتتى. تەخمىنەن بىر ئايدىن بۇيان چەكسىز قۇم ئالىمىدە، چىك، ئۆزىمىزدىن باشقا ئادىمىزاتنى كۆرۈپ باقمىغانلىغىم ئۈچۈن، «ئادەم» نى كۆرۈش تەقەززاسى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئالمان-تالمان يولباشلىغۇچىنىڭ قېشىغا بېرىپ، بوينۇمنى سوزۇپ ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم، چىك، لېكىن ئۇ يەردە ھېچنېمە، ھەتتا بىر تال گىيانىمۇ كۆرەلمىدىم.

شۇنداق بولسىمۇ، مەن «يولداشلار، تۇرۇڭلار، ئادەم كۆرۈنۈۋاتىدۇ!» دەپ سۈرەن سېلىپ ھەمراھلىرىمغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدۈم. ھەممەيلەن ئالدىراپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، يول باشلىغۇچى قارىغان تەرەپكە ئىنتىزار بولۇپ قاراشتى. لېكىن ھېچكىم بىر نەرسە كۆردۇق دېمىدى، چىك.

— قېنى ئەمىسە، تېنەنرەك بولۇڭلار، كەتتۇق. ھاۋا-جاھان ئاتەشكە ئايلانغىچە بۇ كەربالادىن قۇتۇلۇشىمىز كېرەك! — يول باشلىغۇچى بۇ كەمگىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل بۇيرۇق ئاھاڭىدا خىتاپ قىلدى.

بىز ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق. يېرىم كېچىدىن راھەتلىنىپ ئۇخلىغانلىغىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەلبىمىزدە قانداقتۇر ئۈمىت پەيدا بولغانلىغى ئۈچۈن قەدەملىرىمىز خېلىلا تېتىك ئىدى. يول باشلىغۇچى بولسا ئۆز نىشانىسىدىن كۆز ئۈزمەي ئالدىمىزدا ئۈن-تىنسىز كېتىۋاتاتتى. خېلى بىر كەمدىن كېيىن ئۇ يەنە، چىك:

— ئادەم... كۆرۈۋاتامسىلەر، ئۇمۇ بىزگە قاراۋاتىدۇ، — دېدى.

— ئادەم؟...

ئۇنىڭ «ئادەم» دېگىنى يىراق قۇرغاق چۆل باغرىدا كۆزگە تەستە ئىلىنىشىپ تۇرغان بىر تال قارا چېكىت ئىدى. لېكىن «ئادەم» دېگەن بۇ سۆز بىزگە ئۈمىت-جاسارەت بەخش ئەتتى. «ئادەم» بىلەن دىدارلىشىش ئىستىگى قەدەملىرىمىزنى قاناتلاندۇرۇۋەتتى. بىر پەستىن كېيىن، چىك، بۇ قارا چېكىت ئاستا-ئاستا چوڭىيىپ چۆل قېتىدىن ئۈنۈپ چىققان-

ەك راستلا بىر يىگانە ئادەمگە ئايلاندى، چىك.

مەن ئۇنىڭ قارا چاچلىق يەلكىسىدە چىغ قالپاق، ئۈستىدە چاقماق يىللۇق كالتە يەڭ كۆينەك بارلىغىنى، ئىشتىنىنى تىزىغىچە تۈرۈۋالغىنىنى ئېنىق كۆردۈم، چىك. «ئاھ، ئادەم!» بىز ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ سىلكىپ-سىلكىپ كۆرۈشۈش، دىدارلىشىش ۋە ئۇنى باغرىمىزغا بېسىپ قۇچاقلاپ سۆيۈش ئارزۇسى بىلەن ئىختىيارسىز ئالغا قاراپ قوم كېچىپ يۈگۈردۇق، چىك.

مانا ئۇنىڭغا ئون قەدەم، بەش قەدەم قالدى... بىراق، ئۇ بىزنى كۆرۈپ مىدىراپمۇ قويمىدى، تۇرقىدىن بولسا، بىزنى قارشى ئالىدىغان ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيتتى، چىك. ئەكسىچە قوشۇمىسىنى سەل-پەل تۈرۈپ، خۇددى بىزدىن بىرەر ئەيىب تاپماقچى بولغاندەك سىنچىلاپ قارىماقتا ئىدى. يول باشلىغۇچىمىزنىڭ: «ئۆزلىرى بۇ يەردىكەنلا، بىز بولساق...» دىگەن سۆزىنى نەزەر-گۈزىرىگىمۇ ئالمىدى. «نېمە دىگەن تەكەببۇر!— دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە غەزەپلىنىپ،— ئۇنىڭ ئىنسانىي ھېسسىياتى قېنى؟ ئۆزىنى بۇ بىپايان چۆلنىڭ يىگانە خوجايىنى چاغلامدىكىنە! بىزنىڭ ئادىمىزاتنى قانداق سېغىنغانلىغىمىزنى بىلسە كاشكى! ياكى بىزنى ‹چۆل قاراقچىلىرى›، ‹پاناسىز قاچقۇنلار› دەپ ئويلاۋاتامدىغاندۇر، خۇددى بۇتتەك، بىر ئېغىز گېپىنىمۇ ئاياۋاتقىنىنى قارىمامدىغان!...»

مەن بىتاقەت بولۇپ ئاخىر ئېغىز ئاچتىم:

— يولداش ...— دىدىم ئۇنىڭغا قاراپ،— سىز ... چىك.

ئۇ بايىقىدەكلا مەغرۇر ئىدى، كېلىشكەن قەددىنى تىك تۇتۇپ، ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. لېكىن ئۆتكۈر ۋە ھەمىشە نەرسىگە جىددى قارايدىغان كۆزلىرى گويا بىزنىڭ كەلگىنىمىز توغرىسىدا ئۆزىچە خۇلاسە چىقىرىۋاتقاندەك، ھەر بىرىمىزگە سەپسالماقتا ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ ئاق چاچلىق پروفېسسورغا يېنىپ-يېنىپ قارايتتى، گەپ قىلمايتتى. بىز خۇددى سوراققا تارتىلىۋاتقان ئەيىپكاردەك بېشىمىزنى سېلىپ، ئۇنىڭدىن زۇۋان چىقىشىنى كۈتۈپ جىم تۇرۇۋەردۇق، چىك. بىر كەمدىن كېيىن، نېپىز تاسما بىلەن مۈرىسىگە ئېسىۋالغان كۆك باكلاشكىسىنى يانپېشىدىن ئالدى تەرەپكە سۈرۈپ قويۇپ گەپ قىلدى:

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟

— ھەببەللى، تىلىڭ باركەنغۇ ئۇكام،— يول باشلىغۇچى تۈكلۈك تۇمغىنى قولىغا ئېلىپ، دەرھال جاۋاپ بەردى،— نېمە ئادەم بولاتتۇق، چوڭ قۇملۇقنى تەكشۈرەيمىز، تەكلىماكاننى!

— نېمە، تەكلىماكاننى؟ تەكشۈرۈپ نېمە قىلىسىلەر؟

— گەپ شۇ ئەمەسمۇ،— دىدى يول باشلىغۇچى ۋە قۇرۇغان تىلى بىلەن چاڭگىلاشقان بۇرۇتلىرىنى يالاپ قويدى،— بۇ ئەپەندىلەرنىڭ تەكشۈرمەيدىغىنى يوقكەن. دەپ كەلسەم، قۇمنى، قۇمنىڭ تۈرۈشىنى، ئېقىشىنى، شامال-بورىنىنى، ئاسمىنى بىلەن تېگىنىمۇ تەكشۈرەيدىكەن، يازىدىكەن. تالاي دەپتەرنى توشقازدى، ھەممىسىلا شۇ گەپ...

مەن بۇ گەپنىڭ قانداق تەسىر قىلغانلىغىنى بىلىش ئۈچۈن، چىك، ئۇنىڭ كۆزىگە ئىنتىك قارىدىم، ئۇنىڭ كۆزى يەنىلا پىشقەدەم پروفېسسوردا ئىدى. پروفېسسورنىڭ قوم تىقىلىپ قىزارغان كۆزلىرىگە، قۇرۇپ گەز باغلاپ يېرىلىپ كەتكەن كالپۇكلىرىغا، قوم ئاستىدىن ئېچىۋالغاندەك تاتارغان يۈزلىرىگە ۋە سەل پۈكۈلگەن قەددى-قامىتىگە، چىك، خۇددى ئەجەپلەنگەندەك قارىماقتا ئىدى. مەن بۇ قاراشتا قانداقتۇر رازىمەنلىك، ھۆرمەتتەك بىر نەرسىنىڭ غىل-پال جىلۋىلەنگەنلىگىنى

AltunOq

بايقىدىم - دە، چىمك، ئۇنىڭغا بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈۋاتقان چوڭ ئەترەتنىڭ بىر تارماق گۇرۇپپىسى ئىكەنلەگىمىزنى ئېيتماقچى بولۇپ ئاغزىمنى ئەمدىلا ئېچىۋىدىم، ئۇ بىردىنچى قېتىم ماڭا قاراپ كۈلۈمەسىرىدى - دە، چىمك، ساپ خەنزۇ تىلىدا:

— بولدى، بولدى، چۈشەندۈرۈپ ئاۋارە بولماڭ، جاپا چېكىپسىلەر، قېنى، سۇ ئىچىڭلار، دەپ، باكلاشكىنى ئالدى بىلەن پروفېسسورغا سۇندى. باكلاشكىدىكى سۇنى بەشىمىز هايت - هۇيت دېگۈچە ئىچىپ تۈگىتىۋەتتۇق. يول باشلىغۇچىمىز جاۋغىيىنى تىلى بىلەن يالاپ تۇرۇپ، چىمك، ناتونۇش كىشىدىن سورىدى:

— ئۇكام، ئۆزلىرى كىم بولىلا؟

— قېنى، ماڭىلى، بۇ هەقتە كېيىن سۆزلىشەيلى،— دېدى ئۇ،— ئەمدىكى يولنى مەن باشلاي.

پروفېسسور ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالغان ئىدى ۋە ماڭا قاراپ ئېنگلىز تىلىدا:

— ئالىمجان، سىزنىڭ ئاتامىسىز، هاياتلىق قىرغىقىغا يېتىپ كەلگەن بولساق ئەجەپ ئەمەس،— دېدى.

بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە تىم - تاس مېڭىشتۇق، پروفېسسور ئۇنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىدى، نەتىجىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. مەن، چىمك، ئۇنىڭ بۇ يېڭىلىقتىن هاياجانلىنىۋاتقانلىغىنى بايقىدىم، بىر ئازدىن كېيىن ئۇ پىشقەدەم پروفېسسورنى قولتۇقلىۋالدى، بىز بىر ساي، ئىككى قۇم دۆڭنى كېسىپ ئۆتۈپ، بېلىق دۈمبىسىدەك بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىققاندا، ئۇ ئالدىمىزدا تۇيۇقسىز چىراي ئاچقان كەڭ ئېكىنزارلىقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، چىمك، شائىرانە هېسسىيات بىلەن مۇنداق دېدى:

— قاراڭلار، چوڭ قۇملۇقتىكى باش باهار! ئىشىنەمسىلەر، بىزمۇ تەكلىماكانغا يۈرۈش قىلىۋاتىمىز. ئاخىر بۇ قەدىمىي ماكاننى ئاچىمىز! بۇ يەر گۈل - گۈلىستانلىقتا ئايلىنىدۇ، قاراڭلار، قايتا ياشارغان چۆل ۋە هاياتلىق!

## 6. ئايدىڭ كېچىدىكى پاراڭلار

ئالىمجان سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، مەن بىرئاز بىتاقەت بولۇپ سورىدىم:

— ئېيتىڭا، شۇنداق قىلىپ بايىقى كىشى كىم بولۇپ چىقتى ئاخىر؟

— هاكىم...

— نىمە، هاكىم دەمسىز؟

— شۇنداق، چىمك.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، چۆلدىمۇ هاكىم بولامدۇ؟— مەن ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتامدىكىن دەپ ئىشەنمىدىم.

— چىمك، شۇنداق،— دېدى ئالىمجان كۈلۈپ،— مېنىڭ گېپىمدە چاقچاق يوق. ئۇ راستلا مۇشۇ ناهىيىنىڭ هاكىمى بولۇپ چىقتى دەڭا، چىمك!

مەن هېچنىمىنى چۈشەنمەي قاراپلا قالدىم.

— چىمك، شۇ كۈنى،— دەپ باشلىدى ئالىمجان هىكايىسىنى،— ئۇ بىزنى باشلاپ بۇ يېڭى مەهەللىگە ئېلىپ كىردى، قوناقلىقلار، كېۋەزلىكلەر، قوغۇن - تاۋۇز ۋە ئوتياشلىقلارنى ئارىلاپ ماڭدۇق. ئالدىمىزدا شاخ - شۇمبۇ، خام كېسەك بىلەن قورۇلغان ئىككى كەپە، جا باغلانغان قۇدۇق كۆرۈندى، چىمك. قۇدۇق ئەتراپىدا ئوينىاپ يۈرگەن بىر نەچ-

چە كىچىك بالا بىزنى كۆرۈپ چۇقۇرۇشۇپ كەينىگە يۈگۈرۈشتى. شۇ ئارىدا كەينىدىن ئاپپاق ساقاللىق بىر مويسىپىت كىشى چىقىپ كەلدى، نېمە دېگەن كېلىشكەن قاۋۇل ئادەم! تەبىئەت ئۇنىڭغا ھېچ ئايىماي تولۇق ئىككى كىشىلىك قەددى - قامەت، مۇستەھكەم ئۇستىخان تەقدىم قىلغان ئىكەن، بىز بوۋايغا ھەۋەس قىلىپ بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق. شۇ چاغدا كەينىدىن يەنە بىر مۇنچە ئەر - ئايال كىشىلەر چىقىپ كەلدى، ئۇلارمۇ بېجىرىم، قەددى - قامەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چاڭگا ساقاللىق، مەيدىسىنى تۈك قاپلىغان ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەرمۇ، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان ياش يىگىتلەرمۇ، بېشىغا ئاق لىچەك سالغان، چېكىسىگە كىچىككىنە ئۆرە تۇماق كىيىۋالغان خوتۇنلارمۇ، بەستى تولۇق، يۈزلىرى ئاق سۈزۈك، بىلەكلىرى توم چوكانلارمۇ بار ئىدى. ئاقساقاللىق مويسىپىت بىزنى كەينىگە باشلىدى. يىگىتلەر يۈز كۆزىمىزنى يۇيۇشقا سۇ بەردى. چوكانلار ئالدىمىزغا داستىخان سېلىپ، قوغۇن - تاۋۇز مەزىلەر بىلەن مېھمان قىلدى، چىك. بىز ئۇلارنىڭ قىزغىن، تۈزۈت - تەكەللۇپسىز پاراڭلىرىدىن بايا بىزنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن كىشىنىڭ مۇشۇ ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى مەتنۇر ئىكەنلىكىنى، تۈنۈگۈن كېچە مۇشۇ كەينىدە تۇنەگەنلىكىنى، بۈگۈن تاڭ سەھەردە ئەتراپنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ بىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى بىلدۇق، چىك.

داستىخان ئۈستىدە مەتنۇر ھاكىم:

— قېنى، ئۆزئارا تونۇشۇپ قويۇڭلار، بۇ كىشى روزىمەت تاغا بولىدۇ، — دەپ بىزگە ئاپپاق ساقاللىق كىشىنى كۆرسەتتى...

«روزىمەت تاغا؟! تونۇشلا ئىسمىغۇ بۇ!؟» مەن تىگىرقاش ئىچىدە ئالىمجاننىڭ ھېكايىسىنى بۆلۈپ سورىدىم!

— توختىڭا، ئالىمجان، نېمە، روزىمەت تاغا دەمسىز؟ قايسى روزىمەت تاغا، ھېلىقى گېزىتتە نامى چىققان مەشھۇر «يۈز مىڭجىڭچى» روزىمەت تاغا ئەمەستۇ؟

ئالىمجان بېشىنى ئىرغىتىپ ماقۇللىدى.

— مانا، چىك، سىزمۇ بىلىدىكەنسىز، سىز ئۇنى گېزىتتىن كۆرۈپسىز، بىز بولساق، چىك، ئۇنى ھەر يىلى بىر - ئىككى قېتىم كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ يوقلاپ تۇرۇۋاتىمىز. ئۇ چاغلاردا روزىمەت تاغا تېخى «يۈز مىڭجىڭچى» ئەمەستى. قومۇلۇققا كېلىپ ئورۇنلاشقىنىغا ئارانلا ئىككى يىل بولغان، چىك، كۈزدە شۇ يىلى كۈزدە «ئونمىڭ جىڭلىق» ئۆتكەلدىن ئۆتۈشنى نىيەت قىلغان. مانا، ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى، چىك، ئىسمى - جىسمىغا لايىق «يۈز مىڭجىڭچى» كەسىپىي ئائىلە بولۇپ قالدى.

مەن يەنە بىتاقەت بولۇپ سورىدىم:

— شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ئاخىرى نېمە بولدى؟

— توختاپ تۇرۇڭ، ئالدىرىماڭ، — دېدى ئالىمجان، — ئاخىرىدا ھېكايىنىڭ ئىچىدىن ھېكايە چىقتى. ئۆزەممۇ بۇنى سۆزلەپ بېرىشكە بەك ئامراق. سىز ئاخىرىغىچە ئاڭلاشنى خالىسىڭىز، مەن ئۆز ئىچىمدىن ھېچ نىمىنى قوشماي ھەممىنى ئەينەن دەپ بېرىمەن، ناۋادا، چىك، سىزمۇ بىرەر نەرسە يېزىپ قالسىڭىز ھېچنېمىنى قوشماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ۋەدە بېرەمسىز؟

بىز كېلىشتۇق، ئالىمجان ھېچنېمىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىققا، مەن ھېچنېمىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىككە ۋەدىلەشتۇق.

— مەن، — دەپ باشلىدى سۆزىنى ئالىمجان، — روزىمەت تاغىنىڭ كەينىدە مېھمان بولۇپ ئولتۇرۇپ، بۇ ئائىلىدە ئۆزگىچىرەك بىر تەرتىپ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى، بوۋاي-

نىڭ ئابرويى، سۆز ـ ھەركىتى مۇتلەق دەڭ ـ
لىسىز ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، چىكە، بوۋاينىڭ
ئوغۇل ـ كېلىنلىرىدىن تارتىپ، نەۋرىلىرىگىچە
ھەممەيلەن بىردەك يۈكۈنۈپ، ئىككى قولىنى
خۇددى نامازدا ئولتۇرغاندەك ئىككى تىزىنىڭ
ئۈستىگە قويۇپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇشاتتى.
بوۋاينىڭ سۆزىگە «شۇنداق»، «خوپ» دې ـ
گەندىن باشقا جاۋاپ قايتۇرمايتتى. روزىمەت
تاغا ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بىر ـ بىر ـ
لەپ بىزگە تونۇشتۇرغاندا، ھەر بىر ئوغۇل
دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلاپ، ئا ـ
ۋال بوۋايغا، كېيىن بىزگە قاراپ:

— ھارمىغايلا، — دېيىشەتتى، چىكە.
پروفېسسور بىزنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇۋاتقاندا،
داستىخان چۆرىسىدىكىلەر بىردىنلا بويۇنلى ـ
رىنى سوزۇشۇپ ئوچۇق تۇرغان ئىشىك تە ـ
رەپكە قارىشىپ قالدى، مەنمۇ ئىختىيارسىز
ئىشىك تەرەپكە قارىدىم ـ دە، ئاق بوز ئاتقا
مىنگەن بىر قىزنىڭ قوملۇق ئىچىدىن بوران ـ
دەك چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. قىز ـ
نىڭ پېشانىسىدا يەلپۈنۈپ تۇرغان سېكىلىگى،
مۈرىسىدىكى چۇچىلىق غىجىم رومىلى ئېنىق
كۆرۈنۈپ تۇراتتى، چىكە.

روزىمەت تاغا ئاق بوز ئاتتىكى قىزنى
كۆرۈپ، مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغان قارا
قاش، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان يىگىرمە
ياشلاردىكى بىر يىگىتكە قاراپ:

— قېنى ئوغلۇم، چىقىپ باقىنا، بۇ
قىز بۇ يەرگە ئاسانلىقچە كەلمەيدىغانغۇ؟ —
دېدى.

يىگىت سەل تارتىنغاندەك ئەتراپقا
بىر قارىۋېلىپ، داستىخاندىن سۇغۇرۇلۇپ
قوپتى ـ دە، ئالدىراپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.
ئۇنىڭ ئىشىكتىن چىقىپ قودۇق ئالدىغا بې ـ
رىشىغا قىزمۇ ئاتتىن چاققانلىق بىلەن سەك ـ
رەپ چۈشۈپلا، يىگىتتىن نىمىندۇر سورىدى.

كۈتۈلمىگەندە يىگىت قاقاخلاپ كۈلۈپ كەتتى.
قىز ئاتنىڭ تىزگىنىنى سىلكىپ، تېرىككەندەك
قاش ـ كۆزىنى سۈزۈپ يەنە نىمىندۇر دېدى،
يىگىت ھامان كۈلەتتى، كېيىن ئۇ ئىككىسى ـ
نىڭ تەڭلا قوشۇلۇپ كۈلگەن ئاۋازىدىن قۇ ـ
دۇق ئەتراپىدىكى ئاق قۇشقاچلارنىڭ پۇررىدە
ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم.

روزىمەت تاغا گېلىنى قىرىپ تۇرۇپ
يۆتىلىپ قويدى:

— ياش باللار ـ دە. بۇ قىزنىڭ ئىس ـ
مى تۇنسايىم. ئۆز بالا، دادىسى ئاۋۇتاخۇن
مەن بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تەقدىر ـ
داش ـ ھەمنەپەس بولۇپ كېلىۋاتىدۇ،
خوشنا...

«تۇنسايىم! قانداق تۇنسايىم؟ يەنە
بىر تونۇش ئىسىم چىقتىغۇ!...» مەن تەئەج ـ
جۈپلىنىپ يەنە ئالىمجاننىڭ ھېكايىسىنى
بۆلدۈم:

— توختاڭ توختىڭا، تۇنسايىم دېدى ـ
ڭىزما؟ ئەجەپ ئىش، ھەقىچان بۇ قىزنىڭ
مەتسايىت ئىسىملىك كۈيۈۋدىسى باردۇر،
تېخى!

ئالىمجان مەن بىلەن سەپەرداش
بولغاندىن بېرى ھېچقاچان شۇ تاپتىكىدەك
بىر نەرسىگە ھەيران بولغان ئەمەس ئىدى.

— بەللى مۇخبىر يولداش، چىكە!
سىلەر مۇخبىرلارنىڭ قۇلىقى نىمانداق ئۇ ـ
زۇن ـ ھە؟ ئۇ ئەجەپلەنگەن ھالدا ماڭا
قارىدى، — ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، چىكە.
بايا مېنىڭ يېنىمدىن قوپقان، قىزنىڭ ئالدىغا
بارغان ياش يىگىت دەل مەتسايىتنىڭ ئۆزى
ئىكەن ئەمەسمۇ! شۇ كۈنى، چىكە، بىر كۈن ـ
دۈزى روزىمەت تاغىنىڭ مېھمىنى بولۇپ
يەپ ـ ئىچىپ، قانغىچە ئۇخلىۋالغانلىقىمىز
ئۈچۈن، كېچىسى زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى.
كەپىنىڭ ئىشىگىدىن تالاغا قاراپ يېتىپ،

سۈتتەك ئاي نۇرىنىڭ قۇملۇق ئۈستىدىكى ئاجايىپ جىلۋىسىنى، قۇم يۈزىنىڭ گويا زەر چاچقۇسى بىلەن پۈركەنگەندەك بىر خىل سېھرىي كۆرۈنۈشتە جىمىرلاپ يالتىراۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

تەكلىماكاننىڭ كېچە مەنزىرىسى مېنىڭ ئۇيقۇمنى قاچۇردى. چىك، ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ قۇملۇق تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم. يىراقتىن قارىغاندا، قۇم يۈزى تۇرۇپ يېشىل مەرۋايىتتەك، تۇرۇپ قىزغۇچ كېپەك ئالتۇندەك يالتىرايتتى. يېقىنلاپ بارسام، بىردىنلا ھالرەڭ پەردە يېپىلىپ قالغاندەك، قۇم يۈزىدە ھېچنىمە چاقنىمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، چىك، جىمجىت، گۈزەل ئايدىڭ كېچىگە، جىمىرلاپ كۆزنى قاماشتۇرغان قۇملۇققا قىزىقىپ كەينىدىن خېلى يىراقلاپ كەتكىنىمنى سەزمەي قاپتىمەن، چىك.

بىر پەستىن كېيىن ئالدىمدا ئانچە ئېگىز بولمىغان قۇم دۆڭى كۆرۈندى. يامىشىپ ئەمدىلا ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقاي دەپ تۇرغىنىمدا، دۆڭنىڭ كەينىدىكى تەكشى يېيىلىپ ياتقان قۇملۇق ئىچىدىن گويا رىۋايەتتىكىدەك، بىر قىز ئاستا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەلدى. قىزنىڭ مۈرىسىدىكى ئاق شايى رومال خۇددى پەرۋاز قىلىپ ئۇچقان تۇرنىنىڭ قاناتلىرىدەك ئىككى مۈرىسىدە كۆپۈپ لەپىلدەيتتى، چىك. شۇ پەيتتە، دۆڭنىڭ باغرىدا ئاسماندىن چۈشكەندەك، تۇيۇقسىز بىر يىگىت پەيدا بولدى - دە، ئۇمۇ قىز تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. يىگىتنىڭ پۇتلىرى ئۇزۇن بولۇپ، يۈگۈرگەندە گويا بەش قەدەم يەرگە بىر چامدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇلار جىمىرلاپ تۇرغان قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇچراشتى. بالقىپ تۇرغان تولۇنئاي نۇرىغا چۆمۈلۈپ بىر - بىرىگە سىڭىشىپ گويا بىر ئادەمدەك بولۇپ قېلىشتى...

مەن ئىچىمدە بۇ قۇم ئالىمىنىڭ ئاشىق - مەشۇقلىرىغا خەيرلىك كېچە تىلەپ، كەينىمگە — كەپىمگە قايتماقچى بولدۇم. بىراق ئۇلار قولتۇقلىشىپ ئۇشتۇمتۇت مەن تەرەپكە بۇرۇلدى - دە، چىك، دۆڭنىڭ باغرىغا كېلىشكە باشلىدى. مەن مەگزىمنى مۈزدەك قۇمغا يېقىپ، دۆڭگە چاپلاشقىنىمچە يەنە بىرئاز كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئۇلار ماڭا يېقىنلا يەرگە كېلىپ قۇمغا ئۆزىنى تاشلاپ، سوزايلىنىپ ئوڭدا يېتىشتى.

ئۇلارنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا بېقىپ، تولۇنئاينى تاماشا قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

— تۇنسايىم، جېنىم...

— مەتسايىت، جېنىم...

(ئېھتىمال سۆيۈشۈۋاتقان بولسا كېرەك، ئېلېكتىر دولقۇنلىرىدەك تارىلىۋاتقان تىترەك ئاۋاز يېرىم مىنۇتچە ئۈزۈلۈپ قالدى.)

— تۇنسايىم، قاچانغىچە مۇشۇنداق ئۆتتۇمىز ؟

— قاراڭا، ئاي قانداق كۆركەم، قانداق ئۇز.

— ئاي؟ مېنىڭ كۆزۈم ئۇ ئاينى كۆرمەيدۇ!

— يۇلتۇزنىچۇ؟ ئاھ، قاراڭا، بىر يۇلتۇز ئېقىپ كەتتى! قايسى شور پېشانىنىڭ يۇلتۇزى بولغىيدى - ھە؟

— مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئىشىم يوق. نەدىكى گەپنى دەيسىز؟

— جېنىم، نىمىشقا دادامنىڭ مىجەزىنى چۈشەنمەيدىغانسىز. ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى مۇسابىقە شەرتىدە ئىككىمىزنىڭ ئىشى يېزىلمىغان تۇرسا... بۇ ئىش ھازىر دادامنىڭ خىيالىدىمۇ يوق.

— ئەكسىچە، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر، بوۋام...

— بۇ يەردە بىر ھېساپ بار.

— قانداق ھساپ؟

— دادام «ئونمىڭ جىڭ»لىق ئۆتكەلدىن ئۆتۈش بىلەنمۇ ئىش تاڭاتمايدۇ. كۆزلۈككە كىچىك تىراكتور سېتىۋالمىز، چۇۋۇق كەپە گۆرگە كەتسۇن، راۋرۇس ئۆي-ئىمارەت سېلىش، باغ بىنا قىلىش كېرەك. ماتور سېتىۋېلىپ قۇدۇقنى ماشىنىلاشتۇرۇمىز، قۇم يەپ كەتكەن كونا ئېرىقنى بىر ئامال قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈمىز، دەيدۇ. پۈتۈن خىيالى شۇنىڭدا. ناۋادا بىز توي قىلساق، سىلەرنىڭ ئۆيگە يۆتكىلىشىمگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا دادام بىر مۇھىم ئەمگەك كۈچىدىن ئايرىلدى دېگەن سۆز. بىر قولنى ئون قىلالمايۋاتقاندا، دادامنىڭ بۇنى ئەقلىگە سىغدۇرالىشىغا ئىشەنمەيمەن...

— مۇنداق دەڭ...

— بۇ كەمدە قىز بالا ئاتا-ئانىغا يۆلۈك ئەمەس، بەلكى تېخى... دادامنىڭ رايىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭغا يەنە 10 قىز، ئون ئوغۇل بولسىمۇ ئازلىق قىلىدىغاندەك...

— توختاپ تۇرۇڭ، ئۇنداقتا، مەن سىلەرگە ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ بارسامچۇ؟

— گەپىڭكەن! دادامدىمۇ ئەقىدە، نومۇس دېگەن نەرسە باردۇ! سىلەرنىڭ شۇنچىۋالا چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى، ئارىمىزدىكى مۇسابىقىنى بىلىپ تۇرۇپ روزىمەت تاغامنىڭ قولىنى چولاق قىلىشنى دادامنىڭ ۋىجدانى كۆتىرەمدۇ؟ مەنمۇ راۋا كۆرەمدىمەنا؟...

(ئارىدا ئۇزاق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى).

— ھە راستلا، ھېلىقى ئەپەندىلەر بۇ يەرگە نېمە دەپ كەپتۇ؟ — دەپ يەنە جىملىقنى بۇزدى تۇنسايىم.

— ئەپەندىلەر ئەمەس، گېئولوگلار.

— گېئولوگلار؟ قانداق گېئولوگلار؟

— چۈشەنمەيدىكەنمەن. ئالدىنقى كۈنى مەتنۇر ھاكىم بىزنىڭ كەپىدە بىر كېچە تۈنەپ، دادام بىلەن تاڭ ئاتقىچە مۇڭدىشىپ چىقتى. ئەسلىدە دادام قۇدۇقتىن سۇ تارتىشنى ماشىنىلاشتۇرۇمەن دەپ سىقىپ تېجەپ پۇل يىغىپ يۈرگەن. مەتنۇر ھاكىم دادامنى قۇم كۆمۈپ تاشلىغان كونا ئېرىقنىڭ ئىزناسىنى بويلاپ دەريا بويىغا بىر قېتىم ئاپىرىپ كېلىپتۇدى، دادام زادىلا تۇرالماي قالدى. شۇ سۇنى ئەكىلەيلىگە چۈشتى. مەتنۇر ھاكىم دادامغا:

«سىلەر ئىككى ئائىلىنىڭ مۇسابىقىسى جىق كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىدى، قۇملۇقتا كۈرەش قىلىۋاتقانلار بارغانچە كۆپىيىۋاتىدۇ. ھازىرقى گەپ يەنىلا سۇدا، قۇم يەپ كەتكەن ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۇنى دەرياغا تۇتاشتۇرۇش زۆرۈر. بۇ ھەقتە ناھىيىنىڭ پىلانى بار، لېكىن، دەريانىڭ سۈيى ئاساسەن كەلكۈن مەزگىلىدىلا بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلەيدۇ. شۇڭا قۇدۇقنى ماشىنىلاشتۇرۇۋېرىش پىلانىڭلارغا قوشۇلىمەن. ھۆكۈمەت بۇنىڭغا جەزمەن مەدەت بېرىدۇ. ماتور بىلەن بىرئاز تۇرۇبا سېتىۋالساڭلار، قۇراشتۇرۇپ بېرىشنى سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. بايىقى ئەپەندىلەر بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمىدىمۇ؟

— نىمىشقا دېمىسۇن. بۇۋام مۇشۇ ھەقتە مەتنۇر ھاكىم بىلەن مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، گېئولوگلار ئىچىدىكى ئاق چاچلىق ئالىم كىشى بىزنىڭ چاقپەلەكلىك سۇ تارتىش قۇدۇقىمىزنى قايتا-قايتا تەكشۈردى، ئىچىگىمۇ چۈشۈپ چىقتى. كېيىن بىزگە سۇ خېلى مول ئىكەن، ئەپسۇسكى ھازىر بىزدىن سىلەرگە نەپ تەگمەيدۇ، بۇ يىلقى پىلانىمىز چوڭ قۇملۇقنىڭ ئۈستىنى تەكشۈرۈش، كېلەر-

كى يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ تەكلىماكاننىڭ ئاستى بىلەن ھەيدىلىشىمىز، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاستىدا نىمىنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقى، سۇ مەنبەئىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ؛ بىزمۇ سىلەرگە ئاز-تولا ياخشى ئىش قىلىپ بېرەلەيمىز،— دىدى، سىز ئوي-لاپ بېقىڭ، ناۋادا دەريانىڭ سۈيى بىلەن قۇدۇقنىڭ سۈيىدىن تولۇق پايدىلىنالىساق، ئەھۋىي، ھازىرغىچە ئىچىلىغان يەرنىڭ ئاي-غىدا نەچچە مىڭ مۇ قارا چىلان يۇلغۇن-لۇق تۈرۈپتۇ، ئۇ يەرنى ئېكىنزارلىققا ئايلان-دۇرۇش ھېچ گەپ ئەمەس. ئۇ چاغدا بۇ يەردە...

مەتسايىت بىلەن تۇنسايىم تولۇق ئايلىق كېچىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، قۇدۇقنىڭ پارلاق ئەتىسى ئۇچۇن پىلان قۇرۇپ، ئاستا پىچىرلى-شىشقا باشلىدى. مەن ئۇلارغا چىن كۆڭلۈم-دىن بەخت تىلەپ، ھەمرالىرىم ياتقان كەپىگە قايتتىم، چىلىك.

## 7. سېرىق شامال

نېمە ئامال بار؟ مەن يەنە ئالىمجان-نىڭ ھېكايىسىنى بۆلۈۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇم:

— بىر سىر يېشىلدى، تۇنسايىمنىڭ ئاق بوز ئاتقا مىنىپ ئەتىگەندىلا ئۇ يەرگە كېلىشىدە سەۋەپ نىمە؟

—مەن، چىلىك، سىزگە ئېيتسام،— دى-دى ئالىمجان،— قىز قۇدۇق بېشىدا مەتسايىت بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈۋاتقاندا، مەن روزى-مەت تاغىنىڭ ئالدىدا تاماكا چېكىشنى ئەپ كۆرمەي تالاغا چىقتىم، قىز ئوتلۇق كۆزلى-رى بىلەن ماڭا «لاپ» قىلىپ بىر قاراپ قويدى - دە، مەتسايىتتىن:

—بولۇڭ، ھېلىقى «ساندۇقتىن چىق-قان ھاكىم» مەشەدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەتسايىت «شۇنداق» دىگەندەك قى-لىپ بېشىنى سىلكىدى. قىز يانچۇقىدىن بىر كونۋېرتنى ئېلىپ مەتسايىتقا سۇنۇپ تۇرۇپ نىمىنىدۇر دىدى، مەتسايىت قىزغا بىر نىمە دەپ پىچىرلىشىدى، قىز پىسكىلدە كۈلۈپ قويۇپ، چەبدەسلىك بىلەن ئاتقا مىندى - دە، قۇم-لۇق تەرەپكە چېپىپ كەتتى، چىلىك.

مەتسايىت خەتنى مەتنۇر ھاكىمغا ئە-كىرىپ بەردى. مەتنۇر ھاكىم كونۋېرت ئىچىدىكى قەغەزگە كۆز يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ:

— ماۋۇ ئىشنى كۆرمەمدىغان، شۇ تاپتا سىلەرنى پۈتۈن ناھىيە ئىزلەۋېتىپتۇ، سىلەر-نىڭ قۇملۇقتا يوقىلىپ كەتكەنلىكىڭلار توغ-رىلىق تېلېگىرامما كەپتۇ، — دىدى كۈلۈپ.

بىز مەتنۇر ھاكىم بىلەن بىر سائەتچە بىللە بولدۇق، ئۇ بۇ يەردىكى قۇم تاشقىنى ۋە ئۇنىڭغا قارشى يېڭى باشلانغان كۈرەش توغرىسىدا كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان چوڭقۇر مەنىلىك پاراڭلارنى قىلىپ بەردى:

— بۇ ئىشتا، — دىدى ئۇ، — روزىمەت تاغام، ئاۋۇت ئاكىلار بايراق كۆتەردى، بۇ بايراقتا ئۈمىت چوڭ. قىسقىسى، تېزگىنىمىز قۇملۇقلارنىڭ بوستانلىق يېزا - كەنتلىرىنى خالىغانچە يەپ كېتىشىگە ئەمدى خاتىمە بېرىلىدۇ. يات ئارىدا بۇ يەرلەردە ئاۋات مە-ھەللىلەر، مەكتەپلەر، شەھەرلەر قەد كۆتىرىدۇ...

مەتنۇر ھاكىم ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئىشقا بەل باغلىغانلىقىنى قىلچە يوشۇرمىدى، چىلىك.

بىز كەپىدىن چىقىپ تاكى ئۇنىڭ قۇملۇقتا چوڭ - چوڭ ئىز قالدۇرۇپ ئاستا

تەۋرىنىپ كېتىۋاتقان قاۋۇل بەستى، مۇرىسىدە لەپپەڭشىپ تۇرغان چىغ قالپىقى كۆزدىن غايىپ بولغىچە قاراپ تۇردۇق. مەتنۇر ھاكىم، چىك، چەكسىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا غايىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن مېنى ئۆزىگە بەنت قىلىۋالغان بىر تېپىشماق كۆڭلۈمگە زادى ئارام بەرمەيتتى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن روزىمەت تاغا بىزنى ئۆزىنىڭ ئېكىنزارلىقىنى كۆرۈپ بېقىشقا، قوغۇنلۇقىنى سەيلى قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. مەن ئېكىنزارلىقنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، چىك، ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— روزىمەت تاغا، «ساندۇقتىن چىققان ھاكىم» دىگەن كىم؟

روزىمەت تاغا ماڭا قىزىقىش بىلەن قاراپ قويدى.

— مەتنۇر ھاكىم.

— مەتنۇر ھاكىم؟ ئۇ ساندۇقتىن چىققانمۇ؟

— شۇنداق، ساندۇقتىن چىققان.

— ساندۇقتىن چىققان؟ چۈشەنمىدىم، بۇ ئەمدى، چىك...

بۇ گەپكە پروفېسسورمۇ، باشقا ھەمراھلىرىممۇ قىزىقتى. روزىمەت تاغا ئاق يەكتىنىڭ ياقىسىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ مۇنداق دىدى:

— دەپ كەلسەم ئۇزۇن گەپ. مۇشۇ كەمدە چوڭ قۇملۇقنىڭ چەت-چۆرىسىدىكى يۇرتداشلار مېنى: يېڭى سىياسەت روزىمەت تاغامغىلا ياراشتى. يارامىلىق بەش ئوغلى، بەش كېلىنى، يەتتە نەۋرىسى بىلەن ئاسمانغا چىقىدەن دىمىسىمۇ چىقالايدىغان بولدى، دىيىشىدۇ. بۇ گەپنىڭ جېنى بار، راست، ئەمما بۇ ئىش ئاشۇ «ساندۇقتىن چىققان ھاكىم» بىلەن چېتىشلىق ... قېنى، مانا قوغۇنلۇققىمۇ كېلىپ قالدۇق. ئىلتىپات قىلىشسىلا ...

روزىمەت تاغا چوڭقۇر مېھماندوستلۇق ھىسسىياتى بىلەن بىزنى قوغۇنلۇققا تەكلىپ قىلدى. ئىككى چىشلىق قوزىدەك يېيىغان ئىككى قارا كۆكچىنى ئۈزۈپ كېلىپ، يۇمشاق قۇم ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىككىدىن تۆتلا كاسا قىلىپ، ئۈستىگە پىچاق سانچىپ ئالدىمىزغا قويدى. بىز قۇم ئۈستىدە قوغۇن يىگەچ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا قۇلاق سالدۇق. روزىمەت تاغا «ساندۇقتىن چىققان ھاكىم» توغرىسىدىكى ھىكايىسىنى داۋام قىلدى.

— كۆڭلىمىزنى پاراكەندە قىلغان ھىلىقى غەۋغا مەدىنيەت ئىنقىلاۋى ئاخىرلىشىپ ئىككى يىل ئۆتتى. ئەتىيازنىڭ بىر كۈنى مەھەللە-كويدىكىلەر:

— روزىمەت تاغا، ئاڭلىدىلىمۇ، گۆڭشېمىزغا يېڭى شۇجى كەپتۇدەك، ياپ-ياشلا بىر كىشى دەيدۇ، — دىيىشتى.

— كەلسە نىمە بوپتۇ، كەتسە نىمە بوپتۇ، ھىچبىر يېڭىلىق ئەمەس، — دىدىم مەن ئۇلارغا.

شۇ كۈنلەردە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان نەۋرەم مەتسايىتمۇ ھەر كۈنى يېڭى شۇجى توغرىلىق بىر يېڭى گەپنى كۆتىرىپ كىرىدىغان بولدى. بىر كۈنى ئۇ بىر نەزمىنى قايتا-قايتا يادلاۋەردى، زەڭ قويسام:

توۋا دەيمەن، ئاشۇ ئون يىلغا بۈگۈن،
كۈپ-كۈندۈز ھەممىنى باستى قارا.
ئاچمىز جەننەتكە ئۇدۇل يولنى دەپ،
تاسلا قالدۇق كەتكىلى دوزاق ئارا①.

دىگەن نەزمە ئىكەن، نەزمە ماڭا ياقتى، جىق ئىشلارنى يادىمغا سالدى. مەن نەۋرەمدىن:

— ئوغلۇم، سەن بۇ نەزمىنى نەدىن تاپتىڭ؟ — دەپ سورىدىم، نەۋرەم:

— مەن تاپمىدىم، يېڭى شۇجى دەپ بەردى، — دىدى.

① شائىر ئابدۇكېرىم خوجايوپنىڭ شېئىرى.

— يېڭى شۇجى، يېڭى شۇجى نەزمە توقامدىكەن!؟

— قىزىقسەن - دە، بوۋا، — دىدى ئۇ، — مەن نەچچە قېتىم دەپ بەردىم، لېكىن سەن قۇلاق سالمىدىڭ. بىز يېڭى شۇجىغا شۇنداق ئۆگىنىپ قالدۇقكى، ئۇنى كۆرسەكلا يايراپ كېتىمىز. نىمىشقا دىسەڭ، ئۇ پات - پات مەكتەپكە كىرىپ بىز بىلەن توپ ئوينايدۇ، قول قايرىپ كۈچ سىنىشىدۇ، قىزىق گەپلەرنى دەپ كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋېتىدۇ. يېڭى شۇجى گۇڭشېغا چىقىپ ئەتىسىلا بىزنىڭ مەكتەپكە كىرگەن ئىدى. ئەتىسىدىن باشلاپ مەكتەپ ئىچى شۇنداق ئۆرە - تۆپە بولدىكى، پۈتۈن مەكتەپنى، دۆۋىلىشىپ كەتكەن ئەخلەت - چاۋارلارنى تازىلاپ مەكتەپ، سىنىپلارنى چىنىدەك قىلىۋەتتۇق. بىر كۈنى تەنەپپۇس ۋاقتىدا ئۇ بىزنىڭ سىنىپقا كىرىپ دەپتەر - قەلەملىرىمىزنى تەكشۈرۈۋېتىپ، ھەر بىرىمىزدىن چوڭ بولغاندا كىم بولماقچى، نىمە ئىش قىلماقچى بولغانلىغىمىزنى سوراپ كەتتى، غەزەل ئوقۇپ بېرىشىمىزنى ئۆتۈندى، بىزمۇ ئۇنىڭدىن سورىساق، نىمە چارە، تەقدىر ماڭا شۇ ئارتۇقچىلىقنى نېسىپ قىلماپتۇ، مېنىڭ ئاۋازىدىن كالىنىڭ مۆرىشى ياخشىراق، مەن بىر شېئىرنى ئوقۇپ بېرەي دەپ، ئاشۇ شېئىرنى ئوقۇپ بەردى ... دىدى.

يېڭى شۇجى ... ھىساپلاپ كۆرسەم، بۇ يەردە خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن بۇيان 6 شۇجى ئالمىشىپتۇ. ھىلىقى ئۇن يىلنىڭ مابەينىدىلا ئۈچى كېلىپ، ئۈچى كەتتى، ھېچقايسىسى تۈزۈك ئىش چىقىرالمىدى، گەپ چوڭ، نەپ ئاز بولدى. بارغانچە رودولىشىپ ئۈچ ئادەم بىر ئىشتان كىيىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدۇق! بۇ قېتىم كەلگىنى يەتتىنچىسى ئىدى. بۇنىڭ نىمىسى يېڭىلىق بولسۇن؟ شۇنداق بولسىمۇ، مەن نەۋرەمدىن:

— خوپ، ئۇ شۇجىغا نىمە دەپ جاۋاپ بەردىڭ، چوڭ بولغاندا نىمە ئىش قىلىمەن دىدىڭ؟ — دەپ سورىدىم.

مەتسايىت ھېچ ئويلىمىغان يەردىن:

— نىمە دەيتتىم، دىخان بولىمەن، بوۋامنىڭ يولىنى تۇتىمەن، دىدىم، — دىدى.

نەۋرەمنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى. مەن نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ دىخان بولۇشىنى زادىلا راۋا كۆرمەيتتىم، دىخان بولۇش بىز بىلەن كەتسۇن دىگەن چېغىم:

— بالام ئۇنداق دىمە، بۇنى ياخشى ئارزۇ دىگىلى بولمايدۇ. يېڭى شۇجى بىلەن ئوبدانراق چىقىشىۋال، ئوقۇيدىغانلا ئىش بولسا ئوقۇۋەرگىن، يىمىسەكمۇ، كىيمىسەكمۇ مەيلى، ئەمما سېنى ئوقۇتۇۋالايلى، ئىشقىلىپ ھۆكۈمەتنىڭ دەپتىرىگە يېزىلىۋال، ھىچبولمىغاندا، 30 - 40 كوي مۇئاش ئالىدىغان، قولۇڭ پۇل كۆرۈدىغان ئىشنى قىل، — دىدىم.

گېپىمنى ئاڭلاپ مەتسايىت پاقىراپلا قالدى:

— ياق، يېڭى شۇجى ئۇنداق دىمىدى، بىز مەدىنىيەتلىك يېڭى دىخان بولىمىز، كالىنىڭ ئورنىغا تىراكتور، تۇلۇقىنىڭ ئورنىغا كومبايىن، ھارۋىنىڭ ئورنىغا ماشىنا ئىشلىتىمىز. مەدىنىيەتلىك دىخان شۇنداق بولىدۇ، — دىدى...

نەۋرەم بىلەن ئىككىمىزنىڭ پىكرى ئەزەلدىن بىر يەردىن چىقاتتى. لېكىن بۇ قېتىم كېلىشەلمەي قالدۇق، «دىخاننىڭ ھالى بىزدەك بولسا، بۇ ئامراق نەۋرەم كەلگۈسىدە نىمە كۈنلەرنى كۆرەر؟» دەپ دەككە - دۈككىگە چۈشتۈم. ئۇنىڭ خىيالىنى كىم چالغىتتى؟ ئەلۋەتتە يېڭى شۇجى! بۇ يېڭى شۇجى ئۆزى قانداق ئادەمھە؟ شۇندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا سەپسا-

لىدىغان، تېگى ـ پېيىنى سۈرۈشتۈرۈدىغان
بولدۇم، گۇگشىغىمۇ، ناھىيىگىمۇ بېرىپ كەلـ
دىم— يېڭى شۇجى دىگىنىمىز ئاشۇ مەتنۇر
ھاكىم!

مەتنۇر مەدىنىيەت ئىنقىلاۋىدىن ئىككى
يىل ئىلگىرى داشۆنى پۈتتۈرۈپ، ناھىيىلىك
پارتىيە كومىتېتىدا ئىشلىگەن ئىكەن. ئىنقىلاپ
باشلانغاندا، ئۇمۇ يېڭىغا قىزىل لاتا باغلاپ،
«4 كونا» غا ئوت ئېچىپتۇ، يېزىمۇ ـ يېزا
يۈرۈپ ئەمرى ـ مەرۇپ قىپتۇ. بىر كۈنى
ناھىيە بازىرى ئالدىدىكى چوڭ جامە ئالدىـ
دا خەقلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن بۇلاپ ـ تالاپ
ئېلىپ چىققان خىلمۇ ـ خىل كىتاپ، دەستۇر ـ
قولىيازمىلارنى تاغدەك دۆۋىلەپ، ئۈستىگە بېنـ
زىن چېچىپ ئوت قويۇۋاتقان يەرگە بېرىپ
قاپتۇ. بۇ ئىشقا باش بولۇۋاتقان بىرسى كىـ
تاپ دۆۋىسىگە ئەمدىلا ئوت ياقاي دەپ
تۇرغان ئىكەن، مەتنۇر ئېتىلىپ بېرىپ ئۇـ
نىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

—توختاڭلار، سەۋرى قىلىڭلار، كىتاپلارنى
كۆيدۈرمەك ئاسان، ئەسلىگە كەلتۈرمەك تەس.
بۇنىڭ ئىچىدە قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ بوـ
لۇشى مۇمكىن، ئاۋال ئېنىقلاپ باقايلى، ئانـ
دىن كۆيدۈرسەكمۇ كېچىكمەيمىز، — دىگەن
ئىكەن، يېڭىغا قىزىل لاتا باغلىۋالغان بىر
تەلۋە:

— مانا، فېئودالىزىمنىڭ جاھىل ھامىسى
تېپىلدى! — دەپ ۋاقىراپتۇ ـ دە، مەتنۇرنىڭ
تەستىگىگە بىرنى ساپتۇ، شۇنىڭ بىلەن خۇـ
دىنى بىلمىگەن ياش نىملەر ئۇنى تەرەپ ـ
تەرەپتىن ئۇر ـ ئۇر قىلىشىپتۇ.

مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن، مەتنۇرنىڭ كۆڭـ
لى سوۋۇپ، بولۇۋاتقان ئىشلاردىن گۇمانلىـ
نىپ قاپتۇ. خەقلەرنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە،
ئاشۇ پاراكەندىچىلىك ئىچىدە پۇتى ئۇرۇپ
سۇندۇرۇلغان كونا شۇجىنى كېچىسى ھاپاش

قىلىپ ئوغرىلىقچە دوختۇرخانىغا ئاپارغانمۇ،
ھاياتى قىل ئۈستىدە قالغان ئىككى بۇجاڭنى
يوشۇرۇپ قويۇپ، ئاش ـ نان بېرىپ باقىتانمۇ
ئاشۇ مەتنۇر ئىكەن. يامان بولغىنى، بىر قېـ
تىملىق ئەلەم كۈرىشىدە بىر تەرەپنىڭ ئىككى
كاتتىۋېشى كۆپ ـ كۈندۈزدىلا، قارشى تەرەپـ
نى قوللىغان بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ئۆيىنى
تالاڭ قىلىپ، پۇل ـ پۈچەك، ئىسىل نەرسىلىـ
رىنى ئۆزلىرى بۆلۈشىۋالغان ئىكەن، مەتنۇر
بۇ ئەھۋالنى بىلىپ قېلىپ دەرھال ئىمزاسىز
دازىباۋ يېزىپ، جامائەتكە پاش قىلىۋەتكەن.
دازىباۋنى مەتنۇرنىڭ يازغانلىقىنى بىلىپ قالـ
غان ھىلىقى قاراقچىلار ئۇنىڭغا ئاتام ئاڭلىـ
مىغان بەدناملارنى چاپلاپ، ئىككى يىلغىچە
قاراڭغۇ ئۆيگە سولىۋەتكەن ئىكەن ...

خۇلاسە كالام گۇگشىمىزغا كەلگەن
يېڭى شۇجى ئاشۇنداق بىر ئادەم ئىكەن.
ئىلگىرىكى شۇجىلارمۇ تۈزۈك ئىش چىقىرالمىـ
غىنى بىلەن ئەسلىدە يامان ئادەملەر ئەمەسـ
تى. شۇڭا، يېڭى شۇجىنىمۇ كۆرۈپ باقماقچى
بولدۇم. تۇرغان يېرى، ماڭغان قەدىمى نەزىرىمـ
دە بولدى. شۇغىنىسى ئۇمۇ بىر يىل ئىشلەپ
ھىچنىمە چىقىرالمىدى، دۇرۇس، ئۇنىڭ تالـ
ماس غەيرىتىگە، بىز بىلەن دىلكەشلىگىگە،
ئوي ـ خىياللىرىنىڭ كۆپلىگىگە ھەممىمىز ئاـ
پىرىن ئوقىدۇق. چوڭ ـ كىچىك سورۇنلاردا
دىلغا ياقىدىغان جىق بەلەن گەپلەرنى دىدى،
چېكىسىدىن تەر ئاققۇزۇپ بىز بىلەن بىللە
ئېرىق ـ ئۆستەڭ چاپتى. ئۇرۇقلۇق، ئاق ئوـ
غۇت، تىراكتورلارنى يۆتكەپ كەلدى، دادۈيـ
گە بوغۇلغان قەرزىمىزنى، بىر ـ مۇنچە يۈك ـ
سېلىقلارنى كۆتىرىۋەتتى، ئۆزىنىلا سەمىرىتىشـ
نىڭ كويىغا چۈشكەن بېزەڭ كادىرلارنى تەـ
ختتىن چۈشۈرۈپ، قېنى، سەنمۇ قولۇڭغا كەتـ
مەن ئېلىپ باق دىدى. ھەممىنى ئاڭلاپ،
كۆرۈپ تۇرۇۋىمىز، لېكىن، گەپنىڭ پوسكاللىسى

بىزگە يىل ئاخىرىدا قولىمىزغا تەككەن دارا-
مەت ھېساپ بولۇدىغۇ ... يەنىلا چاپاننىڭ
پېشى تىزىمىزدىن ئاشمىدى. ياپىرىم، بۇ بى
قۇۋۇللۇق پىشانىمىزغا پۈتۈلۈپ كەتكەنمىكىنا،
دەيىەن ئىچىمدە، مەتنۇر شۇجىنىڭمۇ بۇنىڭ-
دىن بىئارام بولۇۋاتقىنىنى سېزىپ يۈرۈمەن.
بىر كۈنى ئۇ مېنى ئىزلەپ ئۆيۈمگە
كىرىپ كەلدى:

— روزىمەت تاغا، — دېدى ئۇ مەن بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، — مەنمۇ بىر تەجرىبىسىز يېڭى شۇجى، مەسلىھەت بەرسەلە، نىمشقا جاپاغا تۇشلۇق ھالاۋەت بولمايۋاتىدۇ، سەۋەپ نىمە، مۇشۇ كۈنلەردە نىمە خىياللاردا بولۇۋاتىلا؟ جىق پېشقەدەملەر بىلەن مۇڭداشتىم، بۈگۈن سىلى بىلەن سىردىشاي دەپ كەلدىم، — دېدى.

— خىيال جىق، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — نىمە شىقىدىكىن، مۇشۇ كەمدە يەنە پات - پات يەر ئىسلاھاتىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم.

— يەر ئىسلاھاتى؟ — مەتنۇر شۇجى بىرئاز ھەيران بولۇپ كۆزۈمگە قاردى.

— شۇنداق، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىل زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئەھەي... قولىمىزغا تەككەن يەرنىڭ توپىسىنى كۆزىمىزگە سۈرتكەن، پايدا - زىيانغا ئۆزىمىز ئىگە بولغان، جان تىكىپ ئىشلىگەن، ھەر بىر چاپقان كەتمەننىڭ ئەجرىدىن ئۆزىمىز بەھرىمەن بولغان، ھىچقاچان قورىمىز يەتمەيدىغان تۇي - تۆكۈنلەرنىمۇ قىلىۋالغان ئىدۇق، ئەھەھەي... ئاشۇ كۈنلەر قايتىپ كېلەرمىدى - ھە؟!...

شۇ قېتىمقى سىردىشىشتىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ، باش باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەن گۇڭشې پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەكلىپ قەغەزىنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئەتىسى، شۇجىلار، دادۈيجاڭلار، شياۋدۈيجاڭلار بىلەن بىللە گۇڭشېغا باردىم. 600 چە كىشى ئوتتۇرا مەكتەپ سەيناسىغا يىغىلدۇق. يىنىدىكىلەر دەل - دەرەخ، تاملارغا چاپلانغان ئالا - يېشىل قەغەزلەرنى كۆرسىتىپ:

— باي بولۇش يىللىقى!

— ئىدىيىنى ئازات قىلايلى!

— يول تېپىپ، باي بولۇشتا بەسلىشەيلى!

— ...

دىگەنىدەك شوئارلارنى ئوقۇپ بەردى. بۇ گەپلەرنى تىلغا ئېلىش ئۆتكەندە گۇنا ئەمەسمىدى، كۆزۈم تورلىشىپ ھاڭۋېقىپ قاپتىمەن. باي بولۇش — يىللىقى!... يول تېپىپ...! بۇ نىمە گەپ بولۇپ كەتتى، ھە؟ يىلمۇ، پۇلمۇ، كىچىككىنە جېنىمىزمۇ شياۋدۈينىڭ ئەمەسمىدى؟ ئۆزىمىز يول تاپساق بولامدىكىنا؟ مۇنداق گەپلەرنى مەن يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن ئاڭلىغان، راست، مانا ئەمدى 2 - قېتىم ئاڭلاۋاتىمەن... بىر كىم بىلگەمدىن تارتقاندەك قىلدى، بۇرۇلۇلىپ قارىسام، مەتنۇر شۇجى ئىكەن.

مەتنۇر شۇجى بۈگۈن بۆلەكچە خۇشال، كۆزلىرىدە نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— روزىمەت تاغا، مەركەز ئاخىر ھالىمىزغا يەتتى، ھۆججەت چۈشتى. تاملاردىكى شوئارلار بىلەملا، مەركەزنىڭ ئاۋازى. قالتىس گەپ. سىياسەت يول ئاچسا، بىزنىڭ ملڭ پالاقشىغىنىمىزمۇ بىكار ئىكەن. ئالدىنقى كۈنى قولىمىزغا تەگدى، گۇڭشې پارتىيە كومىتېتى ئەزالىرى يىغىلىپ بىر كېچە، بىر كۈندۈز ئۆگەندۇق. كۆزىمىز ئېچىلىپ قالدى، ئەمدى بۇنى ھەممىمىز ئۆگىنەيلى، — دېدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەتنۇر شۇجى مەركەزنىڭ يولىيورۇغىنى يەتكۈزدى، سۆزمۇ-

Altun

سۆز يېشىپ چۈشەندۈردى. چۈشتىن كېيىن يېرىم كۈن تالاش - تارتىش قىلدۇق. ئېسىمدە قالغىنى: دېخاننى بېيىتالايدىغان ئىش بولسا، گۆكشى ھەمكارلىق گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلىسىمۇ، شېركەت، كوپېراتىپ قۇرسىمۇ، مەھسۇلاتنى ھۆددىگە ئالسىمۇ، يەككە تېرىقچىلىق قىلسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، دېگەن گەپ ئىدى، نىمىسنى ئېيتىسىلەر، دەسلەپ ھاڭ-تاڭ بولۇشتۇق، تەمتىرەپ كەتتۇق. كېيىن چۈشەندۈردى، ھەر بىر دېخان ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت يەنە كەپتۇ! بىز قايتا - قايتا كېڭىشىپ، يەرنى تەقسىملەپ مەھسۇلاتنى ھۆددىگە بېرىشتە چىك تۇرۇپ تەلەپ قىلدۇق. مەتنۇر شۇجى خۇلاسە سۆزىدە كۆرۈلمىگەن جاسارەت بىلەن:

— ناھايىتى ياخشى، مۇندا قېتىپ قالغان ھالەتنى ئۆزگەرتمەي بولمايدۇ. بۇزمىغىچە تۈزگىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، ھۆججەتنىڭ روھى بىزنىڭ گۆكشىغا تامامەن باپ كېلىدۇ، ھەممىنى ئەمىلىيەتنىڭ سىنىغىدىن ئۆتكۈزۈمىز، كۆپچىلىكنىڭ رايىچە بولسۇن، — دەپ چورتلا كەستى.

ئەتىسىدىن باشلاپ پۈتۈن گۆكشى ئۆرە - تۆپە بولۇپ تېرىلغۇ يەرلەرنى بۆلۈشتۇق. ئەتىيازدىكى سېرىقتالچىلىقمۇ. جۇت - شۇرغانمۇ كۆزدىمىزگە كۆرۈنمىدى، كەكە - پالتىنى باشقىدىن تاقتۇرۇپ، يەرگە يېپىشتۇق. پۈتۈن گۆكشىنى يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنكىدەك قايىنام - تاشقىنلىق قاپلاپ كەتتى. ئېتىز ئۈستىگە كەپە تىكىۋالغانلارمۇ، ئاينى چىراق قىلىپ كېچىسى ئېتىزدىن قايتمايدىغانلارمۇ بولدى. ئەھەھەي... بۇ مۆجىزە، بۇ ئۇمىت، بۇ يول دېيىشتۇق. ئەمما - زە، كۆڭلىمىزدە «ئۆزگىرىپ قالارمۇ، ھۆكۈمەت گېپىدىن يېنىۋالارمۇ، خامان تەق بولغاندا ئەجرى قىلماي بۆلۈشىدىغان شىرىك چىقىپ قالارمۇ» دېگەن ئەندىشىمۇ يوق ئەمەس، ئىشلىرىمىز يۈرۈشكەنسېرى بۇ ئەندىشە بارغانچە كۈچەيگىلى تۇردى. نىمە دېگۈلۈك، كۆڭلىمىز توق ئىكەن، ئوغاق رىمىزنى بىلەپ، ئىغاڭلاپ تۇرغان بۇغداي پايلىرىغا ئوغاق سالىمىز دەپ تۇرغان كۈنلەردە ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چاققاندەك ھېچبىر ئويلىمىغان يەردىن سېرىق شامال چىقتى. مەتنۇر شۇجىنىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا يامان خەۋەر تار قالدى. بۇ قايناۋاتقان قازانغا سوغاق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ھەممىمىز لاسىدە بولۇپ قالدۇق!...

(داۋامى بار)



# لىرىكىلار

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

## سېنىڭ سېغىنچىڭ

چۈشۈمدە ئۆزەڭسەن،
چۈشۈم سەن پۈتۈن،
بۇ چۈشنى سېنىڭدىن ئۆزگە كىم يېشەر؟
كۆندۈزلۈك سېغىنچىڭ يۈرەك رىشتىدىن
كېچىلىك چۈشۈمنىڭ پىلىگىن ئېشەر...

تىنىمسىز خىياللار مېنىڭ خىيالىم،
بۇلبۇلدەك گۈل نامىڭ بىلەن گەپلىشەر.
ساداقەت سېغىنچى مېنىڭ سېغىنچىم،
ھەر ئەۋجى بىر ئىلھام تۇغانىن تېشەر...

چەت يۇرتتا لاچىندەك قىلسامۇ پەرۋاز،
دىيارىم ساباسى خۇمارىم يېشەر.
خاكىڭدىن شىر يالاپ قايسى كۈن بىرئاز
تۇلپارىم تۇلپارلىق بىلەن كىشنىشەر...

ئۇڭۇمدا سېغىنچىڭ، چۈشتە ۋىسالىڭ،
تەسەۋۋۇر - خىيالىم ئىشقىڭدىن ئەسەر.
زەررە قەن، قەترە قان سېنىڭ مىسالىڭ،
ھەر نەپەس ۋەزنىدە، قەدرىڭ ئەكس ئېتەر.

1983 -يىل، ئىيۇل، ئالمۇتا.

## تىنىمسىز خىيال

تۈن كېچە، يۇلتۇزلار كۆزىن ئاچقان چاغ،
بىدارمەن كۆندۈزگە سېغىنمىغاچ خىيال...
ئويقۇلۇق زېمىندە بۈركۈتتەك ئويغاق،
سايىسىز تۈنلەردە ياندىشىم شامال.

يۇلتۇزلار بىلەرمۇ سۆيگۈمنى ئېيتسام،
چاقنىغان نۇر بولۇپ ھېس - تۇيغۇم گويا؛
ساخاۋەت تىلەرمۇ يېشىم ئېقىتسام،
ئاي تۇرقى ئەمەسمۇ پەرۋاسىز بالا...

شۇ تۈندە يۇلتۇزلار سىردىشىم يانا،
ھېس يۇلتۇزلىرىغا قېنى مۇنەججىم؟...
بۇ كۆڭۈل يۇلتۇزدىن ئەلۋەك، ئوت دەريا،
سەزگۈسىز يۇلتۇزلار سامادا جىم - جىم...

ئاي كۈلدى ۋەتەندىن سوغىلار ئېلىپ،
خۇش نىگار مەڭزىدە جىلۋىتەر دىيار.
ئاھ سۆيگۈم پارتلىدى قەلبىمنى يېرىپ،
ۋەسلىڭگە يىراقتا كەممۇ مەندەك زار.

گىلاس شاخلىرىدا قۇشلار ناۋاسى،
ياپراقلار ئۈستىدە ئەركىلەر شەبنەم.
گەر ئىللىق بولسىمۇ يازنىڭ ھاۋاسى،
يۇرت ھۆسنى خىيالدا جىلۋىتەر ھەردەم.

چېچەكلەر خۇشپۇراق تۆكمەكتە بۇ تۈن،
گويا تاڭ پەرىسى چاچقاندەك ئىپار.
جانانىدىن بىر شەپە سەزگەندەك جۇشقۇن،
ئىللىق كۈلكە بىلەن دىلدا تىترەر تار.

سەھەرنىڭ رەسسامى بېزىدى ئۇپۇق،
سۆيگۈنىڭ شائىرى ئۆزگە ئىلھامدا.
كۆرشىش كۈنلىرى يېقىن، چاغ قۇتلۇق،
ئىچەرمىز شاتلىقتىن شاراپ بىر جامدا.

1983 - يىل، ئىيۇن، فرونزى.

## تېپىلغان ئىلاھە

قايغۇلۇق چېغىمدا تەلمۈردۈم ساڭا،
نۇرانە كۆز چەشمەڭ ماڭا ئىلاھە.
تەنھالىق سەزگەندە قۇچاغلاپ يانا،
يېتىملىك زارىدىن قىلدىڭ بىگانە...

ئۇدىسسا جەبىرىنىڭ قەرەلى ئۇن يىل،
ئەرزىمەس جانانى كۈلگەن بىر تۈنگە.
ئۆتتى يىگىرمە يىل، بولۇپ غەمكىن دىل،
ۋە ھەتتا ئېرىشمەي بىر شىرىن ئۈنگە.

بورانلار سوققاندا سەن بولدۇڭ گۈلشەن،
قىيادەك ساقلىدىڭ ئۇپقۇن زەربىدىن.
تىكەندەك قەھرىڭدىن داجىدى دۈشمەن،
چاڭقىغىم سۇ ئىچتى گۈلۈڭ بەرگىدىن.

ئەپسانە ئەمەس بۇ ۋەھشەت دەشتىدە،
سەندىنمۇ ۋاپادار چىقتى قاي خىزىر؟
مىسكىنگە سىڭىڭدەك كۆڭۈل رىشتىدە
كىم شەپقەت ياغدۇرۇپ، ئورناتتى قەسىر؟...

قاي كۈنلەر چۈشمىدى مىسكىن بېشىمغا،
قايىندى كۆزۈمنىڭ تەكتىدە دەريا.
قاي غۇربەت يەتمىدى باسقان ئىزىمغا،
گىيادىن قەدىرسىز ھاياتىم گويا.

نە ھاجەت، نوھ قەدرى ئۆزەڭسەن نىجات،
ساداقەت شەجرىنىڭ غۇرۇرى جانان.
لېۋىڭنىڭ قەترىدە قۇت، ئابىھايات،
زۇلمەت كېچىلىرى نۇر تۆككەن چولپان.

ئانىلىق شۆھرىتى ئىلكىڭگە ئۆتتى،
ساداقەت قۇبىبىدىن بەرگ يېرىپ چېچەك.
تېپىلماس ياشلىقنىڭ شەبنەملەر تۆكتى،
دەل شۇ چاغ زېھنىڭگە قېتىلدى بېزەك.

ئالتۇنسەن ئۇچراتقان زىمىندا، لايدا،
ئىلاھەم، ساپلىقنىڭ ئالماس - بېرلىيانت.
سەن بىلەن ھىس قىلدىم تۇرغاندەك ئايدا،
قەلبىڭدىن ئىپتىخار سەزگەي كائىنات.

1983 - يىل، ماي، تاشكەنت.

## ئابىدە

— ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەۋرىسى يېنىدا —

تۇپىنىڭ ئاستىدا ھەيكەلسىز شائىر،
ئۈستىدە يانتاقتىن ھەرىيل يېڭى تاج.
شائىرنىڭ شۆھرىتى دىللاردا ھازىر،
ھەشەملىك ھەيكەلگە ئەمەستۇر مۇھتاج.

ئاپولۇ① قەسرىدە ئۇنىڭ ھەيكىلى،
قۇياشنىڭ ھۆسنىدە بەرقى نامايان.
يۇلتۇزلار ئىچىدە ئۇدۇر سەرخىلى،
تەپەككۇر تۇغدۇر ئۇ سۆيگەن ماكان.

① ئاپولۇ—قۇياش ۋە سەنئەت مۇئەككىلى.

بىر قەرنە يۈرىگى ئۇنىڭ كۆكسىدە،
ھەر نەزمى يەللارغا بىر ئەينەك گويا.
ئۆتكەن قەرنلەرنى ئىزاھلار يەنە،
ئابدە ئورنىدا شۇ قاخشال گىميا.

1985 - يىل، فېۋرال، تۇرپان.

## شائىرنىڭ كەسپى شۇ...

شائىرنىڭ كەسپى شۇ، ئۇ سەۋدا ئەمەس،
مۇھەببەت زوقىدىن يازار مىڭ - مىڭ قۇر.
يۇلتۇزلار ۋەزنىچە ئۇ تىنىغان نەپەس،
چىن سۆيگۈ تاپقاچقا شائىردا غۇرۇر.

شائىرنىڭ قەلبىدە مىڭ قەيسى، پەرھات،
ئەمەستۇر مەشۇغى بىر لەيلى، شىرىن.
شائىرلىق كۆزىدە چەكسىز كائىنات،
تەسەۋۋۇر كۆكسىدە ئۇ ئۆزەر مەيىن.

گۈزەلگە مەپتۇن دەپ رەشك قىلما، جانان،
سۆيگۈمدە ھەم جانان، ھەم كەڭ جاھان بار.

شائىرغا گۈزەللىك ئىزگۇ، گويا جان،
ئەركىنلىك مەبۇدى شائىرغا دىلدار.

قېرىماس قەلبى دەپ كۈلمىگىن، گۈلۈم،
تەسەۋۋۇر قېرىماس، سۆيگۈ دائىم ياش.
شائىرغا تەقۋالىق بەئەينى ئۆلۈم،
چۈشەن، يار، تەپەككۇر شائىرغا قۇياش.

شائىر ئىدرىكىدە مىڭ گۈزەل سىيما،
ۋە لېكىن چىن شائىر ھەرەمگاھى پاك.
شېئىرىيىدە گۈزەللەر كۈلسىمۇ ئەدىما،
دېگىمىز سەپىرىمدە سەن يالغۇز ماياك.

## تەپەككۇر قۇدرىتىم تورىڭغا قامال

گۈلشەنمۇ بىلمىدىم، چۈشۈمدە گويا،
ئەتىرگۈل خۇشبۇيى چۇلغاپتۇ مېنى.
مەسخۇش پىچىرلايمەن، چىقمايدۇ سادا،
تەلمۈرۈپ ئىزلەيمەن: شۇ گۈلۈم قېنى؟

ئەپسۇسكى، گۈلۈممۇ كۆرۈنمەيدۇ ھىچ،
كۆز ئاچسام تۇرۇپمەن ئارماندا تەنھا.
چۇلغاپتۇ قەلبىمنى ھەسرەت، سېغىنىچ،
خىيالىڭ سىنەمگە ئاتقاچقا ئوقيا!

كۆكسۈمدە تىترەيدۇ ئېغىر بىر شەبنەم،
ھايات ياپرىقىمنى سېلىپ لەرزىگە.
قەلبىمگە مۆككەندەك سۆيگۈ مۇكەررەم،
چۈشتىمۇ چىللايدۇ شېرىن سەزگۈگە.

تەپەككۇر قۇدرىتىم تورىڭغا قامال،
سېنىڭگە بۇ كۆڭلۈم بولغاچ مۇپتىلا.
ئىشقىڭدىن بۇ زېھنىم ھەممىشەدۇر لال،
ئۆزەڭسىز كىم تاپار بۇ ۋەجگە داۋا؟...

## ئارامسىز ئارام

تولۇنئاي چىقانda ئاسمان قەسرىگە،
سېزەمسەن خىيالىم ئىچرە ئۆزۈڭ ئاي.
بۇ قەلبىم ئايلانغان شۇ ئاي ئەسرىگە،
ئايسىز كېچىلەرمۇ ساڭا دىلدا جاي...

كۆزۈمگە كۆزۈڭدىن كۆرۈنمەس ئۆزگە،
خىيالىم گۈل قەددىڭ ئۈچۈن بىر رەسسام؛

تەنھالىق ئىلكىدە كىم ئۆلپەت سۆزگە،
تىنىمسىز شىۋىرلاشنىڭ ئۆزى بىر ئارام.

زېھنىم دولقۇنىدا سۆيگۈڭ شادلىقى،
يالقۇن شام ئۈستىدە تولغان چىرايىڭ.
بار پەقەت خىيالنى سۆيمەك ئادىتى،
يېتەرمۇ سۆيەككە سېنىڭمۇ رايىڭ؟...

## ۋىسال كېچىسى

ئاي شولىسى ئاپپاق ياستۇقتا،
گويا ماڭا ئاينى كۆرسىتەر.
ئاي ئېيتىدۇ مەغرۇر سىياقتا:
«شۇ سايەگە باققىنىڭ يېتەر!»

ئاپپاق ياستۇق ئۈستىدە گويا
ئاي نىگارىڭ كۆرۈپ سۆيۈندۈم.
ئايغا باقسام ئايدا بۇ نىدا:
«ھىجران چېغى يار بوپ كۆرۈندۈم!...»

ئاي چۈشمەيدۇ ئەمدى ياستۇققا،
ئالداپ قاچار ئاينىڭ شولىسى.
پىچىرلاشتۇق بۇ تۈن قۇلاققا:
«ئاي شولىغا كىمنىڭ چولىسى!»

## ئوتتۇز يېشىڭ

سېغىنساق قەدەھتىن ئىزلەرمىز ۋىسال،
ھىجراندا ئىچەرمىز ئەڭ ئاچچىق شاراپ.
شۇ قەدەھ جانانىڭ لېۋىدىن مىسال،
قايسى چاغ ئىچەرمىز ساقىغا قاراپ.

شىركەيىپ كۆزلەردە جانان رۇخسارى،
سېغىنغان كىرپىكتىن مارىلايدۇ ياش.
بىر لەرزان تىترەيدۇ كۆڭۈلنىڭ تارى،
تۈن كېچە كۆڭۈلگە مۆككەچ شۇ قۇياش.

چېچېكنى تۇتمىدىم، كامالچە چېچىڭ
باغرىمغا سۇركەلمەي چېلىپ ئۆتتى ساز.
يېتىلگەن قىرانلىق بۇ ئوتتۇز يېشىڭ،
گۈزەللىك، پاراسەت، سۆيگۈگە ئەنداز.

1984 ـ يىل، ئەيلۇل ـ ئۆكتەبىر.

# شېئىرلار

جاپپار ئەمەت

## تارىخ توغرىسىدا سۆز بولۇپ قالسا

تارىخ توغرىسىدا سۆز بولۇپ قالسا،
بەس ـ بەستە تالىشىپ سۆزلەيدۇ ھەركىم.
ناتىقلار جەم بولغان چوڭ سورۇنلاردا
ساڭا سۆز تېگىشمەي قالىدۇ بەلكىم.

مانا تۆر بېشىدا باشلاپ بىرسى سۆز،
ماڭا قاراپ مەغرۇر قىسىپ قويدى كۆز:
«بىز ئۇلۇغ مىللەتمىز، ئاجايىپ ئۇلۇغ،
تارىخىمىز شۇنچە شەرەپلىك، قۇتلۇق!
ئالىپ ئەرتۇڭادىن سادىرغا قەدەر،
ئۆتتى بىزدە قانچە باھادىر ـ قەيسەر؟»

لوقما سالدى يەنە بىرسى بۇنىڭغا،
بوينىنى سەل ئېگىپ، بۇرۇلۇپ ئوڭغا:
«ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ كانى بولغانمىز،
ئىجات ـ ئىختىرانىڭ شانى بولغانمىز؛
پەخىرلەن، مەدەنىيەتنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنى،
كىمنىڭ بار ئۇنىڭدەك ئالىمى قېنى؟»
تىكىپ مېھمانلارغا كۆزىنى بىرسى،
سۆزلىدى، چېھرىدە مەغرۇرلۇق ھەمىسى:
«شېئىرىيەت بابىدا ئۇستازدۇر يۈسۈپ①،
مۇزىكا بابىدا ئاتاغلىق سۈجۈپ؛

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

AltunOq

مۇقاملار ئەۋجىدە ئاماننىساخان،
بار بىزدە قانچىلىك تارىخىي داستان...»

تارىخ توغرىسىدا سۆز بولۇپ قالسا،
ۋۇجۇدۇم سىماپتەك ئېرىپ كېتىدۇ.
پەخىرلىك تۇيغۇلار قاپلاپ قەلبىمنى،
بېشىم ئاسمانغىچە بېرىپ يېتىدۇ.
خۇددى ئانام مۇڭلۇق ئەللەي ئەيتكەندەك،
ھوزۇرلىنىپ ھەتتا بەزەن كۈنلىرى،
كىرپىكىم ئىلىنەر شېرىن ئۇيقىغا،
ئەجدادلار چۈشۈمدە يوقلار تۈنلىرى.
ئويغىنىپ قارىسام ھەممىسى تارىخ،
قالىدۇ ئالدىمدا غۇۋا سايىسى.
ئۆز ـ ئۆزەمگە شۇنداق سوئال قويۇمەن:
«قېنى، ئەجدادلارنىڭ گۈزەل غايىسى؟»
تارىخ توغرىسىدا سۆز بولۇپ قالسا،
خىيال دېڭىزىغا چۆكۈمەن يەنە.

چېكى يوق خىياللار كېزەر قەلبىمدە،
كەزگەندەك گويا بىر ئۇلۇغ تەنتەنە:
«ھە شۇنداق، تارىختا ئۇلۇغ مىللەت بىز،
ماختىنىشقا لايىق سەھىپىمىز بار؛
ۋەتەن غەزنىسىگە قوشقان بىزنىڭمۇ
تېگىشلىك ھەسسىمىز، شان ـ تۆھپىمىز بار.
سۆز بولۇپ قالغاندا بۈگۈنكى كۈندىن
ماختىنىشقا لايىق باردۇر نىمىمىز؟
تارىخنى دەستەك قىپ قاچانغىچە بىز،
ئۆزىمىزنى بەزلەپ يۈرۈۋېرىمىز؟!»
ئاشۇنداق خىياللار ئىچىدە ئويلاپ،
ئۆز ـ ئۆزەمگە مۇنداق قىلىمەن خىتاپ:
ماختانساق ئەرزىيدۇ تارىخ بىلەن بىز،
چۈنكى ئۆتكەن كۈنلەر بۈگۈنگە ئاساس.
ئۆزىمىز ياراتماي يېڭى بىر تارىخ،
كونىنى ياستۇق قىپ، ئۇخلىساق بولماس!

1984 - يىل، ئىيۇن.

## تاڭ شەپىغى

ئۈپۈق پەردىسى كۆتىرىلدى،
زېمىننى سېغىنغان قۇياش
ئورنىدىن دەس تۇردى.
ئۇنىڭ ئالتۇن كىرپىكلىرى نۇرلىنىپ،
چوغدەك قىزىرىپ،
يېشىل ۋادىلارغا ئەڭلىك سۈركىدى.
تاغلارنىڭ، ئورمانلارنىڭ،
باغلارنىڭ، بوستانلارنىڭ
مەڭزىگە قان يۈگۈردى.
چوققىلار پاقىرىدى كۈمۈش خەنجەردەك،
دەريالار يالتىرىدى سۈزۈك ئەينەكتەك،
كۆللەر لىغىلدىدى گويا سىماپتەك،
ئۇنىڭدا تاغلارنىڭ ئەكسى كۆرۈندى.

ئورمان قۇشلىرى پەيلىرىنى تاراپ،
تاڭ نۇرىدا يۇيۇندى.
كۆزنى چاقنىتىپ تۇرغان كەڭ ۋادە
رەڭدار قۇيرۇغىنى يايغان توزدەك
جىلۋە ـ ناز بىلەن كۈلدى.

ئالەم پۈركەندى شەپەق نۇرىغا،
بۇلبۇللار قايتىشتى گۈل ھوزۇرىغا.
ياپراقلار ھۆسنىدە يالتىراپ شەبنەم،
بوستانلار ياساندى قىزلاردەك كۆركەم،
ئىلھامىنىڭ لالىرەڭ قىزىل شارابى
قۇيۇلدى غۇبارسىز قەلبىم جامىغا.

1984 - يىل، ئىيۇل.

## بۇ دەۋران سېنىڭ

كۆز ئېچىپ يىراققا تاشلىغىن نەزەر،
بۇ دەۋران سېنىڭكىدۇر.
نىشانەڭ بولمىسۇن بۇرنۇڭنىڭ ئۇچى،
يەر ـ ئاسمان سېنىڭكىدۇر.

تۇلپارلار بەيگىدە نەلەرگە كەتتى؟
قايسى پەللىگە يەتتى؟
سەنمۇ چاپ، ئىتتىكنى قامچىلاپ،
بۇ مەيدان سىنىڭكىدۇر.

ۋاقىت ساڭا تۇرمايدۇ ساقلاپ،
ئۆت ئالدىغا تاخلاپ،
بولسا ئەگەر جۇرئىتىڭ تاغدەك
ھەر ئىمكان سىنىڭكىدۇر.

## مەن ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇمەن

مەن ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇمەن:
يىراقتىن ئاقىرىپ كۆرۈنگەن ئاقۋاش تاغلارنى،
ئۇنىڭ باغرىدىكى بوستانلارنى، كۆجۇم باغلارنى.

مەن ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇمەن:
ئۇپۇقتا تۇتاشقان بىپايان ئېتىزلارنى،
ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقان چىلان تۇپراق ئېگىزلارنى.

مەن ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇمەن:
ھويلامغا قويۇق سايە تاشلىغان بىر تۈپ چىنارنى،
چىچىكى ئوتقاشتەك قىزىل، بىغىمىدىكى رەت - رەت ئانارنى.

مەن ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇمەن:
قىرغاق سۆيۈپ شىۋىرلاپ ئاققان سۈزۈك سۇلارنى،
چاتقاللار ئىچىدە شولىسى سۇغا چۈشۈپ تۇرغان ئاھۇلارنى.

مەن ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇمەن:
ئورماندەك قويۇق ۋىشكىلارنى، ئىگىز تۇرخۇنلارنى،
بۇلۇتلارغا قىزغۇچ رەڭ بەرگەن ئۇچقۇنلارنى.

مەن ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇمەن:
قەۋەت - قەۋەت ئىگىز بىنالارنى، ئاقتۇدەك ئاپپاق پاكار ئۆيلەرنى،
ئاڭلايمەن ئۇنىڭدىن شاتلىق نەغمىسىنى، ياڭراق كۈيلەرنى.

ئاھ، مەن بۇلارنى
ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇمەن، ھەر كۈنى.
لېكىن نىمىشقا تويمايدۇ كۆزۈم؟
بۇنىڭ سەۋىۋىنى بىلمەيمەن ئۆزۈم.

## تۇپراق ۋە تەر

قولۇمغا بىر سىقىم تۇپراق ئېلىپ،
ئېچىمگە تارتىپ،
ھىدلاپ كۆردۈم.
قانداقتۇر بىر يېقىملىق پۇراق
بۇرنۇمنى غىدىغلاپ،
دەرھال چۈشكۈردۈم.
بۇ پۇراق
ئەتىر پۇرىقىمۇ ئەمەس،
ئىپار ھىدىمۇ ئەمەس،
سەندەلنىڭ بويىمۇ ئەمەس ئىدى.
ئۇ ئىدى ئاچچىق تەر پۇرىقى،
(ۋۇجۇدۇمنى بىردىن مەس قىلدى.)
ئويلاپ قالدىم شۇ چاغدا بىر پەس
ئۇ مېنى نىمىشقا سەسكەندۈرمىدى؟
چۈنكى ئۇ
مېنىڭ ئەجدادىمنىڭ،
ئاتا ـ بوۋامنىڭ
بۇ ئانا تۇپراققا سىڭدۈرگەن
تەرلىرى ئىدى.

## ماۋزۇسىز

بىر تامچە سۇدىمۇ
كۈن نۇرىنى كۆرگىلى بولار.
قەلبىڭدىكى گۈزەللىكىڭنى
قىلغان ئىشىڭدىن بىلگىلى بولار.

* *

دۇنيادا ياخشى يېيىش،
ياخشى كىيىشنى،
گۈزەللىككە ئىنتىلىشنى،
قانچە كۆپ ئەجىر قىلسا
شۇنچە كۆپ نەپ ئېلىشنى،
بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشنى،
راھەت كۆرۈشنى،
ئويلىمايدىغان كىم بار؟

* *

قول ھامان ئىچىگە ئېگىلەر،
تېشىغا ئېگىلمەس.
بەل ھامان ئالدىغا ئېگىلەر،
ئارقىغا ئېگىلمەس.
ئەگەر سەن ئۇنى ئەگمەكچى بولساڭ،
مەشق قىلىپ كۆر،
بۇ ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس.

1985 ـ يىل، فېۋرال، مارت.

# ئاي قارايدۇ رۇجەكتىن...

جېلىل خېلىل

### ئايدىڭدىكى قار سەيلىسى

كۈمۈش ئاي، ئاپپاق قار نىقەدەر گۈزەل!
كەل يېقىن، ئادىرىغىم، قارا ئاسمانغا.
تۈنەيلى بۇ كېچە قار سەيلىسى قىپ،
سۆيۈملۈك كۆز بىلەن بېقىپ جاھانغا.

قارىغىن، ئۇ تەرەپ بۆككىدە ئورمان،
ئاي نۇرى ئوينايدۇ قارنىڭ ھۆسنىدە.
قارىغىن، بۇ تەرەپ شاۋقۇنلۇق دەريا،
يەلكەنلەر ئۈزىدۇ دولقۇن ئەۋجىدە.

قارىغىن، ئالدىڭغا چەكسىز ئۇزاق يول،
سوزۇلغان ئۇ چېتى ئۇپۇققا قەدەر.
قارىغىن، ئارقاڭغا سەن باسقان ئىزلار
ئېچىلغان گۈل بولۇپ، گۈزەل شۇ قەدەر.

كەل جانان، يۇمۇلايلى قارنىڭ ئۈستىگە،
يايرايلى چۆمۈلۈپ ئاي شولىسىغا.
مۇھەببەت ۋە ياشلىق سىڭىشىپ كەتسۇن
ئاي ۋە قار سۆيۈشكەن نۇر ئارىسىغا.

قارىغىن، كۈمۈش ئاي، ئاق گۈل - چېچەكلەر،
بۇ ئەزىز دىيارغا قوشقان گۈزەللىك.
قارىغىن، ئاي ۋە قار ھەممەپەس بولۇپ،
بۇ پىنھان كېچىنى قىلغان كۆڭۈللۈك.

كۈمۈش ئاي، ئاپپاق قار، نەقەدەر گۈزەل!
يېقىنلاپ كەلمەكتە تاڭنىڭ يورۇغى.
بىز قايتتۇق سەيلىدىن سۆيۈنۈپ كۆڭۈل،
ئاپپاق قار ھۆسنىدە قالدى ئاي نۇرى.

## شام ۋە مەن

شام كۆيۈدۇ نۇر چېچىپ ئاستا،
مەن خىيالغا چۆكۈمەن ئاستا،
پۈتۈن ئەتراپ ئۇيقۇلۇق - جىمجىت،
ئاي قارايدۇ رۇجەكتىن ئاستا.

بىر چاغ شامىمۇ تۈگەيدۇ كۆيۈپ،
ۋۇجۇدۇمنى چۇلغار ھاياجان.
ئىجات ئۇچۇن ئۆرتىنىپ يۈرەك،
كۆيەر شۇنداق بولۇپ بىر تال شام.

# سۇنىڭ تويى

(بۇ شېئىر تاجىكلارنىڭ باھار بىلەن تەڭ سۇ تۇتۇش بايرىمىغا بېغىشلانغان)

مۇنى تابىلدى (تاجىك)

كەلدى باھار كۆكلەم پەسلى ناز جىلۋە بىلەن،
شاۋقۇنلىدى تاغدىن سۈزۈك زۇمرەت سۇلار.
غۇلاچ يايدى كەڭ زېمىنگە خۇشۋاق بېقىپ،
سۆيۈندى دىل ئوركىشىدىن - ئېتىز، قىرلار.
چىقتى بوۋاي سۇ بېشىغا ئاتنى مىنىپ،
كەتمىنىنى غانجۇغىلاپ، قامچا سىلىپ.
مىڭماي دىدى: «بىردەم توختاڭ، ئەي ئاتىسى،
خۇرجۇندىكى قاتلىمىنى ئېلىڭ كېتىپ①.»
چىقتى ئوغۇل دۇلدۇلىنى تاڭ ئاشۇرۇپ،
يېڭى كېلىن ئايىجامالنى مىنگەشتۈرۈپ.
چاپتى ئۇلار ئۆستەڭ بويلاپ سۇ بېشىغا،
داپ ۋە نەينى «سۇ تويى»غا تەڭلەشتۈرۈپ.

① سۇ باشلاشقا چىقتاندا ئادەت بويىچە ھەممە ئائىلە ئالاھىدە پىشۇرۇلغان نان ئېلىۋالىدۇ.

«سۇ كەلدى!» دەپ چۇقىراشتى باللارمۇ،
چىلەك ئېلىپ سۇغا چىقتى ئانىلارمۇ.
پەزىلىتى ئۇلۇغ شۇنداق گۈلباھارنىڭ
ئېچىقلارنى ئاچتى چېچەپ ئاتىلارمۇ.
ئېرىق ـ ئۆستەڭ مەي ئىچكەندەك خۇمارلاشتى،
سۇ بويىدا قوزا ـ توپاق قاتارلاشتى.
سېرىق سۆگەت تاللىرىمۇ قىلدى تازىم،
«ئابى زەمزەم كېلىك تېز» دەپ قۇچاغلاشتى.
كەلدى باھار دېخانىمۇ شات، چوپانىمۇ شات،
باھار سۈيى جانلىقلارغا بەردى ھايات.
تاغ سۈيىدە سۇغۇرۇلسا يەرۇ ـ زېمىن
بولۇدۇ يۇرت مەمۇرچىلىق ھەمدە ئاۋات.

# ئاتاك سىپى

(ھېكايە)

**سۇلتان ھاشىم**

نابور سېخىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى خۇلاسىلەش يىغىنى بولۇۋاتاتتى.

يىغىن مەيدانىنىڭ بوسۇغۇسىدىلا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق قويۇپ ئولتۇرغان پىشقەدەم ئۇستا ئىدرىس ئاكا سېخ مۇدىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاچ ئۆپ-چۆرىسىگە نەزەر تاشلىدى. ئىشچىلار بىر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇرغان، ئورۇن يېتىشمىگەنلىرى قاتار، رەتلىك قويۇلغان يېرىم ئاي شەكىلدىكى كاسسىلارنىڭ ئارىلىقلىرىغا، بەزىلىرى تامغا تاقاپ قويۇلغان كونا شەكىلدىكى كاسسىلارنىڭ ئالدىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ياش نابورچىكلار① ئىدى. بىر نەچچە ئوتتۇرا ياشلىق نابورچىكلاردىن باشقا ئۆزدەك كونا ئىشچىلار كۆرۈنمەيتتى. ئىككى يىلدىن بېرى ئارىلاپ سېخقا كېلىپ تۇرۇۋاتقان ئىدرىس ئاكىغا، بۈگۈن نىمىشقىدۇر، سېخ بىردىنلا ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ قالغاندەك ھەم كېڭىيىپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۇ نابورچىكلارنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ يەرگە «قىزغۇشۇن پۇرىقىنى سېغىنىپ» كېلىپ قالغانلىقىدىن ئۆزىنى سەل قىرۇنغاندەكمۇ ھېس قىلدى.

سېخ مۇدىرى سۆزلەۋاتاتتى:

— سېخىمىزنىڭ ئۆتكەن يىللاردا يىللىق ۋەزىپىنى ئورۇندىيالماي كېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەپ — بىر تەرەپتىن، يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان بەزى ياش ئىشچىلار نابوردا ئىشلەشكە قىزىقماي، تېخنىكىنى بېرىلىپ ئۆگەنمىگەنلىكىدىن بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ياشلارنى يېتەكلەيدىغان پىشقەدەم ئۇستىلار بىزدە كەم...

«توغرا، ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولدى، — دەپ ئويلىدى ئىدرىس ئاكا، — مانا ھازىر ياشلارنىڭ ھەممىسى بۇ كەسىپكە قىزىقىپ، بېرىلىپ ئىشلەۋاتامدۇ؟ بىر چاغلاردا ئالدى بىلەن سىۋۇپ كەتكەن بىز ئۆزىمىز. ئۆزى سىۋۇپ كەتكەن ئادەم باشقىلارنى قانداق

① نابورچىك — ھەرپ تىزىش ئىشچىسى.

قىزىقتۇرالايدۇ؟ قىسقىسى، بىز ياشلارنى يېتەكلەپ ماڭالمىدۇق، بۇ ئەيىپ بىزدە...» ئۇنىڭ كۆڭلىدىن نىمىدۇر كەچتى، ھەتتا ئۇنىڭ تەسىرىدىن ئۆزىچە ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ، جايىدا ئەپسىزگىنە قىمىرلاپ قويدى. بۇ ئىشقا خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، خۇددى تۈنۈگۈن بولغاندەك، ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتمىگەن ئىدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن بۇرادىرى تۇراپ كىرىپ كەلدى:

— ئىدرىس، مەن يۆتكىلىپ كېتەي دەۋاتىمەن.

— نىمە!؟

— باشقا ئورۇنغا ئالمىشىپ كېتەيمىكىن دەيمەن.

— نىمىشقا؟

— نىمىشقا دەمسەن؟ — تۇراپ كۆزلىرىنى قىسىپ، دىمىغىدا كۈلۈپ قويدى. — بۇنى بىرلا ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، سەۋەبى كۆپ. بىلەمسەن، مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزەمنى خۇددى بىر قارا تۈتەكنىڭ ئىچىدە قالغاندەك ھىس قىلىمەن. سېخقا خۇددى بىرسى بويىنۇمدىن باغلاپ سۆرىگەندەك ئىلاجسىز كىرىمەن، كاسسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئارگىناللاردىكى لەززەتسىز يوق سۆزلەرنى كۆرگىنىمدە، قانداقتۇ بىر شۇملۇقنىڭ پۇرىقىنى سەزگەندەك قىلىمەن، ۋىجدانىم قىينىلىدۇ، قولۇم ھەرپ ئېلىشقىمۇ بارماي قالىدۇ. قويىغىنا بۇ ئىشنى، مەن ھەققەتەن زېرىكتىم، ئىچىم قايناپ كېتىدۇ، نىمە قىلىشىمنى بىلمەيمەن، ھەي!... — ئۇ ئاچچىغىدا ئۆزىنى تۇتالماي ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، كاسسىنىڭ يان ياغىچىغا مۇشتۇمى بىلەن بىرنى ئۇرۇۋىدى، كاسسا سىلكىنىپ، گىرۋەكتە تۇرغان بىر قۇتا ھەرپ يەرگە چۈشۈپ چېچىلىپ كەتتى.

— تىش...ش...ش، ئاستىراق! — ھودۇقۇپ كەتكەن ئىدرىس ئاكا ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ سىلكىدى ۋە يېقىن ئەتراپتا ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قالغۇدەك ھېچكىم بولمىسىمۇ، كاسسىلارنىڭ ئارىلىقلىرىغا ئەنسىزلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ قاراپ چىقتى. چۈنكى، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە، ئادەملەر بىر-بىرىگە ئىشەنمەيدىغان، ھەتتا ئۆزىگىمۇ ئىشەنچىسى قالمىغان چاغلار ئىدى. — ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ئۆزەڭنى ئازراق بېسىۋېلىپ گەپ قىلغىن، — دىدى ئۇ ئاچچىغى بىلەن، — نەدە تۇرۇۋاتقىنىڭنى بىلەمسەن؟ بۇ گەپلىرىڭ ئۆزەڭگە مۇشت بولۇپ تەگمىسۇن يەنە.

— مانا شۇنىڭ ئۈچۈن كېتەي دەۋاتىمەنغۇ!

— باشقا يەردە مۇنداق گەپلىرىڭ ئۈچۈن گۈل تاقاپ قويىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟

— ھەرھالدا، مۇشۇ يەردە مۇنداق يالغان-ياۋىداق سۆزلەرنى تىزىدىغان بىر قول بولسىمۇ ئازىيىدۇ-دە.

— نەگە يۆتكەلمەكچىسەن؟

— قەيەر بولسا ئوخشاش. ئىشقىلىپ مۇشۇ يەردىن يىراقراق بولسام كۆڭلۈم ئازادە بولۇپ قالىدىغاندەك.

— ھەي... ھازىر بىر يەر بىلەن بىر يەرنىڭ پەرقى قالمىدى، ھەممىلا جايدا ئەھۋال مۇشۇ.

— بۇنى مەنمۇ بىلىمەن. بىراق، ئۆز قولۇم بىلەن كىشىلەرنى غەپلەتتە قالدۇرۇدىغان ئۇسەك سۆزلەرنى تارقىتىدىغان بۇ ئىشنى قىلىۋېرىشنى كۆڭلۈم كۆتەرمىدى، بۇنى سەن چۈشەن، مەن ھەققەتەن چىدىيالمىدىم.

— ئىختىيارىڭ.

راستىنى ئېيتقاندا، ئىدرىس ئاكىدا ئۇنى سۆز بىلەن قايىل قىلىپ، يۆتكىلىش نىيىتىدىن قايتۇرغىدەك كۈچمۇ يوق ئىدى.

چۈنكى، ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىمۇ تۇراپنىڭكىدىن قېلىشمايتتى، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. زاۋۇتتىكى باشقا نابورچىكلارمۇ بۇرۇنقىدەك قىزىقىپ، ئوقۇپ تىزىدىغان كىتاپ - ژۇرناللارنىڭ يېقلۇغىدىن زېرىكىپ ئەسنەشەتتى، ئىشنى خۇشياقماسلىق بىلەن قىلىشاتتى. ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئىشلىگەن چاغلارنىڭ ئورنىنى ۋەھىمە، سۇسلۇق، ئىشەنمەسلىك كەيپىياتى ئىگەللىگەن ئىدى، ئىشچىلار خۇددى باشقا بىر ئورۇنغا يۆتكىلىپ كەتسە، خاتىرجەملىك تاپىدىغاندەك، ئالمىشىپ كېتىشنىڭلا كويىغا چۈشۈپ قېلىشقان، ئېپىنى تاپقانلار يۆتكىلىپمۇ كېتىشۋاتاتتى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىدرىس ئاكا ھازىرقى سېخ مۇدىرى، ئۆز ۋاقتىدىكى بەنچىك داۋۇتنىڭ ئۆيىگە كىردى. داۋۇت مېھمانخانىدا ئۆزى يالغۇز، ئالدىغا بىر بوتۇلكا ھاراقنى قويۇۋېلىپ قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ مۇنداق ھاراق ئىچكىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدرىس ئاكا داۋۇتنىڭ كەيپىتىن قىسىلغان كۆزلىرىگە قاراپ قويدى، لېكىن ئەجەپلەنمىدى.

— يالغۇز ئولتۇرۇپسەن - دە، — دىدى ئۇ داۋۇتنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرۇۋېتىپ.

— ئاچچىقنى ئاچچىق باسىدۇ، دەيدىكەن ئاكا، ئازراق ئىچكۈم كېلىپ قالدى، — داۋۇت رومكىغا ھاراق قۇيۇپ ئىدرىس ئاكىغا تەڭلىدى.

ئىدرىس ئاكا تەكەللۇپ قىلماستىنلا رومكىنى قولىغا ئالدى. ئۇ، رومكىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن داۋۇتقا قاراپ:

— ياش بولساڭمۇ ئۆزەڭنى تۇتۇۋالغان ھوشلۇق بالىسەن. كۆڭلۈم تارتىپ كەلدىم، سەندىن بىر ئىش توغرىلىق مەسلىھەت سورىماقچىمەن، — دىدى.

— نېمە ئىش ئىدى؟

— مەن باشقا ئورۇنغا يۆتكىلەي دەۋاتىمەن، ئورنۇمنىمۇ تېپىپ قويدۇم.

داۋۇت قولىدىكى قۇرۇق رومكىنى ئايلاندۇرۇپ خېلى ئۇزاق سۈكۈت قىلدى. ئاخىرى رومكىغا يەنە لىق تولدۇرۇپ قۇيۇپ، خۇددى ھاراقكەشلەردەك بىرلا كۆتىرىپ ئىچىۋەتتى ۋە قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئاچچىق كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى:

— يۆتكىلىمەن دەمسەن؟ مەيلى، يۆتكەل، مەنمۇ يۆتكىلەي، باشقىلارغىمۇ يۆتكىلىڭلار دەيلى. كاسسىلار، ھەرپلەر، گېرىنكا، ۋېرساتكىلار ئۆز جايىدا تۇرۇۋەرسۇن، بىز ئۆز غېمىمىزنى قىلايلى. كۈنلەردىن بىر كۈنى كىشىلەر بىزدىن: بىزگە كىتاپ كېرەك، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ مەتبە ئورۇنلىرىمىزدا ئادەم كەم؟ نېمە ئۈچۈن سىلەر كىشىلەرگە ئىلىم - مەرىپەت يەتكۈزۈدىغان كۆۋرۈكنى تاشلاپ كەتتىڭلار؟ دەپ سوراپ قالسا نېمە دەپ جاۋاپ بېرىمىز؟ ياق، ئىدرىس ئاكا، جاھاننىڭ بۇلغىنىشى بىلەن بىزنىڭ ۋىجدانىمىزمۇ بۇلغىنىپ كەتمىسۇن. قارا قۇيۇن چاڭ - توزان كۆتەرسىمۇ ئاسمان يەنىلا سۈزۈلىدۇ، زىمىستان قىشتىن كېيىن ئىللىق باھار كېلىدۇ. مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى بىز مۇشۇ قوللىرىمىزدا تىزىغانىدۇق، «چىدام - غەيرەتنىڭ يەڭگىنى ھەردەم يادىمدا» دىگەن مىسرالىرى ئېسىڭدە بارغۇ دەيمەن.

شۇ چاغدا ئىدرىس ئاكىنىڭ يۈزى ئوت ئېلىپ ياندىغاندەك قىزارغان ۋە شۇنداق مەسلىھەت بىلەن كىرگىنىگىمۇ پۇشايمان قىلغان ئىدى...

سېخ مۇدىرىنىڭ سۆزى ئىدرىس ئاكىنىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى:

— بىز ئۆتكەندىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشىمىز لازىم. بۇنىڭدىن

ئىلگىرى زاۋۇدىمىزغا نەچچە تۈركۈم ياش ئىشچىلار قوبۇل قىلىندى، لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەقەت بىر ئىش ئورنىغا ئىگە بولۇۋېلىش ئۈچۈنلا كەلگەن، شۇڭا ئىشنى قىلىنىڭ ئۈچۈندىلا ئىشلەيتتى. يەنە بىر قىسىم ياش ئىشچىلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، مەتبەچىلىك تەلىۋىگە ئۇيغۇنلىشالمايتتى. مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرىراق بولغان ياشلارنىڭ بۇ كەسىپنى ئىگەللىشىگە ئاتا-ئانىسى قوشۇلمايتتى...

ئىدرىس ئاكا چۆچۈپ كەتتى: «ئاپلا، كاساپەت، ئىسمىمنى ئاتاپ قويمىغىيتتى». ئۇ بىئاراملىق ئىچىدە مۇدىرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى. كېيىن بۇ سۆزنىڭ بىر مىسال ئۈچۈنلا ئېيتىلغانلىقىنى، مۇدىرنىڭمۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىمايدىغانلىقىنى بىلىپ خاتىرجەم بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئاخىرقى جۈملە سۆز ئۇنىڭ ئائىلىسىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىگە سېلىپ قويدى.

— باللاردىن بىرەرسى بولسىمۇ ئالى مەكتەپتە ئوقۇسۇن، — دېگەن ئىدى بىر كۈنى ئىدرىس ئاكا ئايىلى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، — ھەر ئىككى بالىمىز ھىلىقى «زور ئىنقىلاپ» نىڭ كاشىلىسى بىلەن چالا ئوقىدى، ئۇلارنى ئاران دېگەندە بىرسىنى شوپۇر، بىرسىنى پىرىكازچىك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋالدۇق. ھازىر ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىزمۇ يامان ئەمەس، رىزۋان خېلىلا ياخشى ئوقۇۋاتىدۇ، ئەمدى بىزنىڭ ئائىلىمىزدىنمۇ بىرەر مەلۇماتلىق ئادەم چىقىپ باقسۇن. — ئۇ ئايىلىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ياداڭغۇ، سارغىيىپ قالغان چىرايىغا، 30 يىلغا يېقىن ھەرپ-كۇبىكلارنى چىمداپ ئېلىش نەتىجىسىدە ئۇيۇلۇپ، قېتىشىپ قالغان بارماقلىرىغا، ئۇپراپ، كەمتۈك بولۇپ قالغان تىماقلىرىغا ئېچىنىش بىلەن قاراپ قويدى ۋە بۇ قاراش ئۇنىڭ قارارىنى مۇستەھكەملىدى، — ئىككىمىز دەم ئېلىشقا چىققاچ، رىزۋاننىڭ زاۋۇتقا ئورۇنلىشىشىدا گەپ يوق، سېخ باشلىقلىرىمۇ مېنى شۇنىڭغا كۆندۈرمەكچىدەك تۇرىدۇ. بىراق مېنىڭ ئۇنداق قىلىشقا كۆڭلۈم قىيمايدۇ، ئىككىمىزنىڭكىنى قوشقاندا 60 يىلدىن ئارتۇق كۇبىك تۇتقىنىمىزمۇ يېتىپ ئاشار، رىزۋاننى چوقۇم داشۆدە ئوقۇتايلى.

ئۇزۇن يىل ئولتۇرۇپ ئىشلەشتىن قامىتى مۈكچىيىۋېرەك قالغان ئايىلى قەدىناسىنىڭ قارارىغا ئۈن-تىنسىزلا قوشۇلدى. ئۇلار قىزىنى چوقۇم ئالى مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا قارار قىلىشتى. رىزۋان تەييارلىق ئىمتىھانىغا قاتناشتى. بىراق، ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىنغان كۈنى ئۇ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈلمىگەن ھالدا ئىشىكتىن كىرىپلا دېدى:

— ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىم.

ياشىنىپ قالغان ئاتا-ئانا ئولتۇرغان ئورۇنلىرىدىن قاڭقىغاندەك تۇرۇپ كېتىشتى.

— نېمە؟!

— ئۆتەلمىدىم.

ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپ، ئۈمىتسىزلىك بىلەن ئورنىغا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. قىزىدىن مۇنداق جاۋاپنى ئەسلا كۈتمىگەن ئىدرىس ئاكا نېمە دېيىشىنى بىلمەي چىرايى تاتارغان ھالدا قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— نېمە بولدۇڭلار دادا، ئاپا؟ — رىزۋاننىڭ چوڭ ئېچىلغان كۆزلىرىدە ھەيرانلىق ئالامىتى ئەكس ئەتتى.

ئۆزىگە كەلگەن ئاتا بېشىنى ئېغىر چايقاپ «ئۇھ» تارتتى:

— ئۈمىدىمىزنى يوققا چىقاردىڭ، قىزىم.

— ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن يالغۇز مەنلا ئەمەسقۇ، دادا. ماڭىمۇ ئۆزەمگە چۈش-

لۇق بىرەر ئىش چىقىپ قالار، خاتىرجەم بولۇڭلار، سىلەرگە ئېغىرچىلىقىمنى سېلىپ قويمايمەن.

— شۇمۇ گەپمۇ؟ — ئىدرىس ئاكىنىڭ ئاچچىقى كەلدى. — كىم سېنى بىزگە ئېغىر كەلدى دىدى؟ خۇداغا شۈكرى، 4 جان ئىشلەۋاتىمىز، ئەلدىن قېلىشقۇچىلىكىمىز يوق؛ بىراق... بىز سېنى كۆپرەك ئوقۇۋالسا، ياخشىراق بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتسا، كېيىن بىزدەك جاپا تارتىپ يۈرمىسە دەۋاتىمىز، بوپتۇ، بۇ قېتىم ئۆتەلمىگەن بولساڭ، 10 - سىنىپتا قايتا ئوقىغىن، كېلەر يىلى يەنە ئىمتىھان بېرەرسەن.

رىزۋان بېشىنى چايقىدى:

— ياق، مەن 10 - سىنىپتا قايتا ئوقۇشنىمۇ، كېلەر يىلى قايتا ئىمتىھان بېرىشنىمۇ خالىمايمەن. بۇ يىل پەقەت سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلار ئۈچۈنلا ئىمتىھانغا قاتناشقان، كېلەر يىلمۇ ئىمتىھاندىن ئۆتۈشكە كۆزۈم يەتمەيدۇ. مېنى ئوقۇشقا تولا زورلىماڭلار.

— نىمە دىگەن قاملاشمىغان گەپ بۇ، — ئىدرىس ئاكا سەۋرسىزلىك بىلەن قىزىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — ئوقۇيسەن، بىز سېنى ئوقۇتىمىز، ئوقىماي نىمە قىلماقچىسەن؟!

— نابۇرچىك بولۇمەن.

ئىدرىس ئاكا ئۇستەلگە «پاق!» قىلىپ بىرنى ئۇردى - دە، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ سۆزلەپ كەتتى:

— 10 - سىنىپنى پۈتتۈرۈپ نابۇرچىك بولۇمەن، دىگەن قانداق ئەخمەق بالىسەن؟ ئۇنى چالا ساۋات ئادەممۇ قىلالايدۇ، مانا مەن ئۆزەممۇ ئاران 3 - سىنىپقىچە ئوقۇغان، 35 يىلدىن بېرى مەتبەچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىمەنغۇ، نابۇرچىك دىگەن ھەرپ تونۇسىلا بولدى، سەن...

— ئەمىسە، ئۆزەڭ دائىم: ئېلىپبەدىن تارتىپ كائىناتنى تونۇشتۇرۇدىغان بارلىق ئىسىل كىتاپلارنىڭ ھەممىسى نابۇرچىكنىڭ قولىدىن ئۆتىدۇ، شۇڭا نابۇرچىك سەۋىيىلىك بولۇشى كېرەك دەيتتىڭغۇ، ئەجەپ ماڭا كەلگەندە بۇ گەپ توغرا كەلمىسە...

مۇنداق جاۋاپتىن تىلى تۇتۇلۇپ قالغان ئىدرىس ئاكىنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ لوقۇلداپ كەتتى.

— ماڭ، كۆزۈمگە كۆرۈنمە، ھەي ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئەخمەق! — ئۆزىنى تۇتالمىغان ئاتا بىگىز قولىنى جوۇنۇپ ۋاقىرىۋەتتى.

رىزۋان نىمىندۇر دىمەكچى بولۇپ تەمشەلدى - يۇ، گەپ قىلمايلا ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى يېپىپ، شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ يۇگۇرگەندەك چىقىپ كەتتى.

رىزۋان كەچ سائەت 11 گىچىمۇ ئۆيگە قايتىپ كەلمىدى. پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى ساراسىمىگە چۈشۈپ، زاۋۇتنىڭ ھىچ يېرىنى ئالا قويماي ئىزلەشتى، لېكىن قىز ھىچنەدە كۆرۈنمىدى. ئىدرىس ئاكا قاتتىق جىددىلەشكەنلىكتىن، قان بېسىمى ئۆرلەپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

تەرەپ - تەرەپكە ئادەم چاپتۇرۇپ ئىزلىتىش، بىر - بىرىگە تاپا - تەنە قىلىش، ئەنسىرەشلەرنىڭ پايدىسى بولمىدى، ئۆزىنى زورىغا بېسىپ تۇرغان ئانا ئازاپقا چىدىماي ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى. دەل شۇ چاغدا ئىشىك قېقىلىپ، ئالدىدا ئىدرىس ئاكىنىڭ ئاغىنىسى تۇراپ، ئارقىدىن رىزۋان كىرىپ كېلىشتى.

— سەن قانداق ئاتا بولدۇڭ - ھە؟ — دەپ ئەيىپلىدى تۇراپ ئۆي - ئىچى تېچلىنىپ ئىككىسى خالى قالغان چاغدا، — نىمە دىگەن ھاماقەتچىلىك بۇ. ھىلىمۇ ياخشى، قىزىڭنىڭ ئەقلى - ھوشى بار، توپ - توغرا بىزنىڭكىگە بېرىپتۇ، ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ

بەردى، دادامغا ئېيتىڭ، ئوقۇشقا رايىم يوق، نابۇرچىك بولۇمەن، دەيدۇ. مەيلى ئەمەسمۇ، ھەركىمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئارزۇ-ھەۋىسى بولۇدۇ-دە، مەنمۇ بىر ھاماقەتچىلىك قىلىپ ئۆز ئورنۇمدىن بىكار يۆتكىلىپتىمەن، بىلەمسەن، بىزنىڭ بۇ كەسىپ گۆھەردەك كەسىپ. بىز قوغۇشۇن تىزدىمايمىز، گۆھەر تىزىمىز گۆھەر! ماڭا قارا ئىدرىس، مەيلى، رىزۋان نابۇرچىك بولسا بولىۋەرسۇن. كىم بىلىدۇ، ئۇ سەن بىلەن مەن قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىۋېتەمدۇ، تېخى. ئىزىڭنى بېسىپ قالار، ئاتا كەسپى ئەمەسمۇ...

قاتتىق چېلىنغان چاۋاك ئىدرىس ئاكىنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئۆرۈپ-چۆرىسىگە ئالاقزادىلىك بىلەن قارىدى.

— مانا شۇنداق گەپ يولداشلار، سېخىمىزدىكى ياشلاردىن 5 كىشىنىڭ سېخ بويىچە ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى بولغانلىقى، بىزنىڭ سېخ كوللېكتىۋى ئۈچۈن شان-شەرەپ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى مۇدىر، — زاۋۇت پارتكومى مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن رىزۋان ئىدرىس بىلەن ئازات ھېكىملارنى زاۋۇت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش نەمۇنىچىسى قىلىپ تەستىقلىدى، شۇنىڭدەك بۇ ئىككى نەپەر شاگىرت ئىشچىنى شاگىرتلىق مۇددىتىدىن بۇرۇن رەسمىي ئىشچىلىققا بېكىتىشنى قارار قىلدى...

بۇ قېتىم ئۇزاققىچە چېلىنغان چاۋاكتىن سېخ ئىچى لەرزىگە كەلدى. ئىدرىس ئاكا كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىدىن ھەقىقەتەن گاڭگىراپ قالدى، ئۇ تېخىچىلا ئۆزىگە كېلەلمەيۋاتاتتى. چاۋاكلار بېسىلدى.

— مەن سىلەرگە ئېيتسام، ئىككى قول بىلەن ھەرپ تىزىش — بۇ ئەمدىلا پەيدا بولغان بىر يېڭى كەشپىياتمۇ ئەمەس، ئۇنى بىزدىن بۇرۇنقى نابۇرچىكلىرىمىزمۇ قوللىنىپ باققان، لېكىن باشقا ئېلىپ چىقالمىغان، بىز دائىم بىر قولىمىزدا ۋېرساتكا تۇتۇپ، بىر قولىمىزدا ھەرپ تىزىدىغان بولساق، ئۇنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولغانلىقى ئۈستىگە، ۋېرساتكا تۇتقان قولىمىز داۋاملىق ئېغىرلىشىپ تۇرغانلىقىدىن، بىر مىنۇتىمىز پەس، بىر مىنۇتىمىز ئىگىز بولۇپ قېلىپ، بەدەن قۇرۇلۇشىمىزغىمۇ مەلۇم تەسىر يەتكۈزۈدۇ. يولداش رىزۋان ئىككى قولى بىلەن ھەرپ تىزىش تېخنىكىسىنى ئىزچىل تۈردە مەشىق قىلىپ، ئاخىرى ئۆزلەشتۈردى. شۇڭا ئۇ، بۇ يىللىق ۋەزىپىسىنى بىر يېرىم ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى. ئىككى قولدا ھەرپ تىزىشنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى، ئىش ئۈنۈمىنىڭ يۇقۇرىلىقىنى ھەممىمىز كۆرۈۋاتىمىز. ھازىر بىر قىسىم ئىشچىلار ئىككى قوللاپ ھەرپ تىزىشنى باشلىۋەتتى. سېخ رەھبەرلىكى مۇنداق ئىلغار چارە-تەدبىرلەرنىڭ ئومۇملىشىشىنى ئەلۋەتتە قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ھەربىر نابۇرچىك ئىككى قولدا ھەرپ تىزىشنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك ئادەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. ئۇنىڭ تېخنىكىلىق يېتەكچىلىكىنى رىزۋان باشلىق 3 كىشىدىن تۈزۈلگەن گۇرۇپپا ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئىدرىس ئاكا ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى. قارا، بۇ قىزنىڭ يامانلىقىنى، بۇ ھەقتە دادىسىغا ھازىرغىچە ئۈن-چىقماي سىر ساقلاپ يۈرگىنىنى-ھە، ئىككى قوللاپ ھەرپ تىزىش، ئۇنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇش ئىدرىس ئاكىنىڭمۇ ئارمانى ئەمەسمىدى؟ بىر زامانلاردا ئۇمۇ ئىككى قوللاپ ھەرپ تىزىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم ئۆزىمۇ تىزىپ باققان ئىدى. ئەمما ئۇ ھەر قانچە ئورۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، بۇنى ئۇ مۇمىيۈزلۈك ئادەتكە ئايلاندۇرالمى-

غاچقا، كېيىن ئۆزىمۇ زېرىكىپ تاشلىۋەتكەن ئىدى.

— سېخىمىزدىن مۇنداق ماھارەتلىك ياش نابورچىكنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقىنى، ئەلۋەتتە ياشنىپ قالغان پىشقەدەم ئۇستىلىرىمىزنىڭ ئەجرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مەن سېخىمىز نامىدىن ئىدرىس ئاكامغا ئوخشاش ھۆرمەتلىك ئۇستىلىرىمىزغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئىشچىلار گۈرۈلدە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ئىدرىس ئاكىغا قاراپ قىزغىن چاۋاك بىلەن ھۆرمەت بىلدۇرۇشتى. ئىدرىس ئاكىمۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ نەملەشكەن كۆزلىرى ئالدىدا ھەممە نەرسە ئىمىر - چىمىر بولۇپ ئارىلىشىپ، گويا نۇرغا ئوخشاش چاقنايتتى. ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇ دەسلەپتە «ئاتا كەسپى» سۆزى دىلىنى يۇمشىتىپ، قىزىنىڭ نابورچىك بولۇشىغا قوشۇلغان بولسا، ھازىر ئەنە شۇ كەسپىنىڭ لەززىتىنى چىن مەناسى بىلەن سۇرمەكتە ئىدى.

×

ئىدرىس ئاكا يىغىندىن قىزى بىلەن بىللە چىقتى.

— دادا، مەن ئىشتىن سىرتقى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرمەكچىمەن، تىرىشىپ ئوقۇيدۇم، سېخىمۇ قوشۇلدى.

— ئەمدى ئوقۇپ نېمە قىلماقچىسەن؟— ئىدرىس ئاكا قىزىغا تەئەججۈپلىنىپ قارىدى،— نابورچىكلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتۈڭ، مەدەنىيەت سەۋىيەڭمۇ باشقىلاردىن قېلىشمايدۇ، ئەمدى بولار، بىر ئىشنى تۇتتۇڭمۇ، ئاخىرىغىچە مەھكەم تۇت، مىڭەڭنى چاچما.

رىزۋان كۈلدى:

— باشلىغان ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈنمۇ بىلىم كېرەك ئىكەن، دادا. بىلىم بولمىسا قولدىكى بار نەرسىمۇ چىقىپ كېتىدىكەن.

— ھەرپ تىزىش ئۈچۈن قولۇڭ ئىتتىك، كۆزۈڭ يۈگرەك بولسۇن. سەن ئەمدى ئوقۇيمەن دەپ يۈرمەي، مانا مۇشۇ ماھارەتنى ۋايىغا يەتكۈز.

— ماھارەتنى ئۆستۈرۈش ئەلۋەتتە مۇھىم. ماھارەت بىلىم بىلەن بىرلەشسە، ئاندىن ئۇ ۋايىغا يېتەلەيدۇ. بىزدىكى سۈپەت بىلەن سۈرئەتنىڭ يۇقۇرى بولماسلىقىدىكى ئاساسىي سەۋەپ، بىلىم سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىدە ئەمەسمۇ؟

— بۇ دېگىنىڭ توغرا.

— ئۆزەڭمۇ بىلىسەن، ھازىر سېخىمىزدىكى 50 - 60 پىرسەنت ئىش قولغا تايىنىپ قىلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا ئاپامنىڭ بارماقلىرى قاپىرىپ، تىرناقلىرى ئۇپراپ كەتكەن، سىنىڭ بېلىڭ مۈكچەيگەن، قوغۇشۇندا زەھەرلىنىشمۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ. نېمە ئۈچۈن ھەرپ تىزىش، بەت ياساش، گېرىنكىلارنى يۆتكەش، ئىستېراتىپقا ئېلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى ماشىنىلاشتۇرغىلى بولمايدۇ؟ باشقىلار قىلالىغان ئىشنى بىز نېمە ئۈچۈن قىلالمايمىز؟

— ئوھوي قىزىم، سەن بەكمۇ ئىچكىرىلەپ كەتتىڭ، ماشىنىلاشتۇرۇش تولا ئوبدان ئىش. ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخنىك ياكى ئىنژېنېر بولۇشۇڭ كېرەك، تەجرىبىمۇ لازىم. قىيىن، بەك قىيىن.

— تېخنىك، ئىنژېنېرلارمۇ ئوقۇپ، ئۆگىنىپ شۇ دەرىجىگە يەتكەن بولغىيتتى، دادا. بىزمۇ ئوقۇساق، ئۆگەنسەك ئەلۋەتتە بولالايمىز. مەن شۇنداق بىر مەقسەتنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم، بىر تەرەپتىن ئوقۇيمەن، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ تەجرىبەمنى ئاشۇرۇمەن. مانا شۇنداق قىلغاندىلا سەن دېگەندەك، باشلىغان ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

ئىدرىس ئاكا جىم بولۇپ قالدى.

# تەستەك

(ھېكايە)

غۇپۇر قادىر

ئىشتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگىنىمدە ئۇنىڭ بالا بىلەن سوقۇشۇۋاتقانلىقى مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈردى. مەن ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي ئۇنىڭغا كايىشقا باشلىدىم:

— ھەي، نىمانچە قىلىدىغانسىلە، كىچىككىنە بالا ...

ئاچچىقىدىن تاشالماي تۇرغان ئايالىم بىردىنلا سۆزۈمنى بۆلۈۋەتتى:

— ھە، ئوبدانكەنلا، پۇتىغا يەنە خىش قويۇپ بەرسىلە، ئىمتىھاندىن مۇز تېپىلىپ، تۇر ئوينىسا ياخشىراق ئۆتەر، بۇ ...

مەن بۇ ئاچچىق تەنىدىن بىر ئىشنى سەزگەندەك بولدۇم - دە: «كىچىك بالا دېگەنگە سەۋرىچان بولۇش كېرەكقۇ» دىگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئوغلۇمنى يېتىلگىنىمـ

چە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

دېمىسىمۇ ئىمتىھان ۋاقتى قىستاپ كېلىۋاتاتتى، 3 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ئوغلۇم بولسا «خەيۋەنجا» نىڭ غېمىدە يۈرەتتى دەرسلەرنى پۇختا تەكرارلىماي تۇرۇپ ئىمتىھاندىن قانداقمۇ ئۆتكىلى بولسۇن؟

مەن شۇ خىياللاردىن كېيىن ئوغلۇمنىڭ بوخچىسىنى ئالدىم - دە، تاماق ئېتىش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان ئايالىمنى ئۆز ئىشىدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش مەقسىدىدە، ئاشخانا ئۆينىڭ ئىشىگىنى قاتتىق يېپىپ قويدۇم.

بالىغا دەرس ئۆگىتىش دەسلىۋىدە ئوڭايغا چۈشكەن بولسىمۇ، مەسىلە يېشىشكە كەلگەندە قىيىنلاشقىلى تۇردى، سەۋرىچانلىقىممۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاجىزلىشىشقا باشـ

ئۇنىڭ ياشانغان قەلبى بىر خىل سۆيۈنۈش ئىچىدە دولقۇنلىنىۋاتاتتى ئىدى. جىسمانىي ئەمگەكنىڭ خۇرىتىشى ھەقىقەتتەنمۇ ئۇنى ۋاقتىدىن بۇرۇنراق قېرىتىپ، سەپتىن چىقىرىپ قويدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ

يېتىشىپ چىقىۋاتقان يېڭى ئەۋلات ماشىنىلاشتۇرۇش توغرىسىدا جىددى، ھەر تەرەپلىمە ئىزلەنمەكتە. بۇ، ئەلۋەتتە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان يېڭى دەۋر ئىشچىسىغا خاس بىر خىسلەت ئىدى.

لىدى.

شۇ پەيتتە ئىشىك «غىچ» قىلىپ ئې-
چىلدى - دە، خوشنىمىزنىڭ مەكتەپتىن توختى-
تىلىپ، ئوقەتچىلىككە سېلىۋاتقان بالىسى
كىرىپ كەلدى.

— بۈگۈن تېلېۋىزوردا «خويۇەنجا»
بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ. مەن ئۆزەمنى
زورىغا بېسىۋېلىپ:

— ھەئە، ئەمما ۋاقىت توشمىدى، بىر-
دەمدىن كېيىن كىر! — دەپ جاۋاپ بەردىم.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئەمەت
بىلەن مەمەتنىڭ جەمى قانچە مانتا يېگەنلى-
گىنى قايتا - قايتا ھېساپلاشقا توغرا كەلدى،
ئەمما تەرلەپ - پىشىپ قانچە چۈشەندۈرسەم-
مۇ، ئوغلۇمنىڭ جاۋاۋى كاتاڭغا چۈشۈپ قال-
غان ھارۋىدەك زادىلا نېرى سىلجىمايتتى.

مېنىڭ تاقىتىم تاق بولۇپ، ئاۋازىم
يوغىناشقا باشلىدى:

— ھوي، قانداق نېمىسەن، كىنوغا ئىش-
لەتكەن كالاڭنى دەرسكىمۇ ئىشلەتسەڭ
بولمامدۇ؟ ... بەزدەك تۇرماي دېمەمسەن،
ئەمەتنىڭ يېگىنى بىلەن مەمەتنىڭكىنى قوش-
سا قانچە بولىدۇ؟

— ...

— ھوي، گەپ قىل دەيمەن! قانچە



بولىدۇ؟

— خويۇەنجا!...

غۇژژىدە ئۆرلىگەن ئاچچىق مېڭەمگە تەپ-
تى. مەنمۇ ياكى ئەقلىمنى كەستىمۇ بىلمىدىم،
ئىشقىلىپ ئۇنى بىر تەستەك سالدىم، ئۇ سەن-
تۈرۈلگىنىچە كىرىسلونىڭ تۇتقۇچىغا ئۇسۇل-
ۋالدى. قارىسام، پېشانىسى چىلاندەك قىزى-
رىپ كېتىپتۇ.

ئىچىم سىرىلگەن بولسىمۇ، جىدەلنىڭ
ئاشخانا ئۆيگە تۇتىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن
ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم - دە، پەس ئا-
ۋازدا: «ئۇنىڭنى چىقارغۇچى بولما!» دەپ
ھەيۋە قىلىپ ئۇنى يىغىدىن توختاتتىم. قىس-
قىسى، بۇ جىدەل ئاسانلا بېسىقىپ قالدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن تېلېۋىزور ئې-
چىلىپ، خوشنىلار بىلەن «خويۇەنجا» نى
كۆرۈشكە باشلىدۇق.

بىر چاغدا ئايالىمنىڭ: «ۋييەي، بالام،
نېمە بولدۇڭ، پېشانەڭ ئىششىپ چىقىپتىغۇ،
يەنە بىرسى بىلەن سوقۇشۇپسەن - ھە؟!»
دەۋاتقانلىقى ئاڭلاندى.

«ئاپلا!...»

مەن تېلېۋىزورنى ناھايىتى بېرىلىپ
كۆرۈۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، پۈتۈن دىق-
قىتىمنى ئوغلۇمنىڭ جاۋاۋىغا مەركەزلەشتۈر-
دۈم، ھەتتا بۇنىڭغا خويۇەنجانىڭ ئاجايىپ
چامباشچىلىق ماھارىتىمۇ تەسىر كۆرسىتەل-
مىدى.

ئوغلۇم سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— ياق، ئاپا، بىرسى بىلەن ئۇرۇشمىدىم،
مەكتەپتە توپ ئويناۋېتىپ يىقىلىپ چۈشتۈم،—
دېدى.

مەن ئىختىيارسىز دىمىغىمنىڭ ئېچىشىپ،
كۆزلىرىمنىڭ قىزىشىۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىمنىڭ
تەستەك يېگەن گۆدەك بالىدەك قاتتىق ئازاپ-
لىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم...



(پوۋېست)

ئېزىز ساۋۇت

# ئىككى ئوۋچى

تاڭ سەھەر ...

ئۇپۇق يېرىپ قۇياش كۆتىرىلدى. خانتەڭرى ئېتىگىدىكى ياپ - يېشىل يايلاقلار، تەسكەيدىكى ئارچا - قارىغايلار، جىلغىلاردىكى سۈپسۈزۈك سۇلار ئالتۇن نۇر بىلەن يۇيۇلغاندەك گۈزەل بىر تۈسكە كىردى. ئۇشتۇمتۇت مۇزات داۋاننىڭ قاپتىلىدىن شەرققە قاراپ كىرىپ كەتكەن جىلغىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى مىڭ ياشلىق قارىغاي - ئارچىلار بىلەن قاپلانغان سۈرلۈك قەدىمىي ئورمانلىقتىن قانداقتۇ بىر يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈرىگەن ئۈنى ئاڭلاندى.

— ئېيىق قاپقانغا دەسسىدى! — دېدى يوغان قورام تاش يېنىدىكى ھەيۋەتلىك يالغۇز قارىغاينىڭ تۈۋىدە كۆزىتىپ تۇرغان كىشى بوم ئاۋازدا.

— بارىمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى زىل ئاۋازلىق ھەمراسى ئۇنىڭغا جاۋابەن، ئۇمۇ قارىغاي تۈۋىدە تۇراتتى. سەل نېرىراقتا ئېگەرلەنگەن ياراملىق ئىككى ئات — چىلان تورۇق ئاختا بىلەن قاراگىر ئايغىر ئوتلاردىن ئاندا - ساندا چىمدىپ گويا خوشياقمىغاندەك چايناشماقتا ئىدى. بوم ئاۋازلىقى 60 ياشلاردىن ھالقىغان چاساقاللىق، بەستلىك، قاراشلىرى تېتىك، يۈزلىرى نۇرلۇق كىشى ئىدى. ئۇ پۇتىغا چورۇق، ئۇستىگە پو رەڭلىك چەكمەندىن چاققان قىلىپ نېپىز پاختىلىق شىم چاپان كىيگەن بولۇپ، بېشىدا تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن قۇلاقچا بار ئىدى. ئۇ مۈرىسىگە قارا مىلتىق ۋە ئوقدان ئېسىۋالغان ئىدى. زىل ئاۋازلىقمۇ شۇنداق كىيىنگەن، ئۇنىڭمۇ ئۈشىنىسىدە قارا مىلتىق بار ئىدى. 18 ياشلار چامىسىدىكى بۇ يىگىتنىڭ زىلۋا قەددىقامىتىدىن بىر خىل چەبدەسلىك، شىجائەت

ئۇرغۇپ تۇراتتى.

ساقاللىق كىشى ئاۋازغا قۇلاق سالغاچ سۆز قاتتى:

— ئاۋازىدىن قارىغاندا، ئۆتكەن يىلى مېنى تالىۋېتىشكە تاسلا قالغان ھېلىقى كالداڭ ئەركەك ئېيىق ئىكەن دەيمەن. ئەگەر شۇ بولۇپ قالسا ...

— شۇ بولۇپ قالسا بەك ياخشى ئىدى. ۋەدە بويىچە قادىر لېزوۇكىدىن 2 يامبۇنى ئالىمىز. بۇ 100 سەر كۈمۈش تەڭگە دىگەن گەپ، ئاتنى ئېلىۋالىمىزمۇ، دادا؟

ئۇ دادىسىغا قاراپ كۈلۈۋىدى، چىرايلىق لەۋلىرى ئارىسىدىكى ئاپپاق چىشلىرى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىملىق ھۆسن بەردى.

— ئەلۋەتتە ئېلىۋالىمىز، لېكىن بەكمۇ ھوشيار، چاققان بولمىساق بولمايدۇ. قاپقانغا دەسسىگەن ياردار ئېيىق تېخىمۇ ۋەھشىلىشىپ كېتىدۇ. قاپقاندىن ئاجراپ ياكى سۆرەپ قېچىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، ئۇنداق ئېيىقلار بەزىدە ماراپ يېتىپ ھۇجۇم قىلىدۇ.

— ئەمىسە، ئىككى تەرەپتىن قورشاپ بارايلى، بىرىمىزگە خىرىس قىلسا، يەنە بىرىمىز ياردەم بېرىمىز. قۇتۇلۇش ئوڭايراق بولار ...

— ئەقلىڭگە بارىكاللا! شۇنداق قىلايلى، لېكىن قاتتىق پەخەس بولايلى!

ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىشتى ـ دە، مىلتىقلىرىنى قولىغا ئېلىپ ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ، ئورمانلىققا كىرىپ كېتىشتى.

## كۆتۈلمىگەن شېرىكلەر

دەل شۇ پەيتتە، ھېلىقى ئوۋچىلار تۇرۇشقان قارىغاينىڭ ئارقىسىدىكى شالاڭ قېيىنزارلىقتا بىر توپ ئاتلىق پەيدا بولدى. ئۇلار 10 چە كىشى بولۇپ، گومىنداڭنىڭ ئاتلىق ئەسكىرى فورمىسىنى كىيگەن، 5 ئاتار شتىكلىك مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان ئىدى. ئوتتۇرىدىكى قارا ئاتتا ئولتۇرغان ئوفىتسېر كىيىمى كىيگەن سوقا باش، قارامتۇل، سوزۇقراق يۈزلۈك 27 ياشلاردىكى بىرسى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قېلىن قاشلىرى ئاستىدىكى كۆرەڭلىك ئالامىتى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى ئەنسىزلىك بىلەن پاقىراپ تۇراتتى. ئورۇق يۈزىگە زادىلا ماسلاشمىغان كەڭ غوللۇق گەۋدىسى، تاپانچا ئېسىلغان كەمىرى، پاناق بۇرنىنىڭ ئاستىدىكى تەكشى قويۇلغان قىرقىما بۇرۇتىلا ئۇنىڭغا ئاز ـ پاز سۆلەت بېغىشلاپ تۇراتتى. ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقى تۈۋىدىن چورتلا يوق ئىدى.

— ھەجەپ سەت بىر ئاۋازغۇ بۇ؟ — دىدى ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن ئېگەردە يانتۇ ئولتۇرغىنىچە تاپانچىسىنى سىلاپ قويۇپ، — يولۋاسنىڭ ئاۋازى ئەمەستۇ؟

— بۇ تاغلاردا يولۋاس يوق فۇگۇەن جاناپلىرى، — دەپ جاۋاپ بەردى ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەر، — بۇ قاپقانغا چۈشكەن ئېيىقنىڭ ئۈندەك قىلىدۇ. بۇ تاغلاردا ئېيىق كۆپ.

— ھىم، سەن ئوۋچىلىقتىنمۇ خەۋەردار ئوخشىمامسەن؟

— تاغلىقلارنىڭ يۈزدىن سەكسىنى ئوۋچىلىقنى بىلىدۇ، مەن قارىۋاغلىق تۇرسام... ئەنە ئاۋۇ ئىككى ئاتلىق چوقۇم ئىز قوغلاپ مېڭىشتى، — ئۇ قامچىسى بىلەن ھېلىقى ئىككى ئوۋچىنى كۆرسەتتى.

فۇگۇەن كۆزىگە چۈشۈپ تۇرغان قېيىن

نىڭ شېخىنى قولى بىلەن سەل كۆتەردى – دە، ھىلىقى ئىككى ئۇۋچىغا قاراپ بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇپ ئاندىن:

— بۈگۈن ئامىتىمىز كەلگەن ئوخشايدۇ. جىياۋ تۇەنجاڭ خوتۇنپەرەست ئادەم، ماڭار چىقىمدا «ئېيىق ئۆتى، ئېيىق تاپىنى، ئېيىق زەكىرى... ئۇچرىسا تاپقاچ كەل» دېۋىدى. مۇبادا ئىلى ئوغرىلىرىدىن تىل تاپالماي قالساق، ئۇنىڭ غەزىۋىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن بۇمۇ تازا لايىق سوغات بولىدۇ. قېنى، بۇ ئولجىنى قولغا چۈشۈرەيلى!

×

قاپقانغا چۈشكىنى راستىنلا نۇرپاگانى (ھىلىقى چوڭ ياشلىق كىشىنىڭ ئىسمى نۇراخۇن، لەقىمى پاۋان ئىدى) ئۆتكەن يىلى يەپ قويۇشقا تاسلا قالغان غايەت زور كاداڭ ئېيىق ئىدى. نۇرپاۋان بۇلتۇر مۇزات دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدىكى قۇمبەل يۇتىسىنىڭ جىرالىرىدا ئوۋ ئىزلەپ كېتىۋاتقىنىدا، تاش كەينىدىن بىر ئېيىق چىقىپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى، نۇرپاۋان شەپىنى ئاڭلاپلا چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يۈگۈرۈندى. نۇرپاۋاننىڭ بۇ جاھاندا يەيدىغان رىسقى بار ئىكەن، ئۇنىڭ تۇرغان يېرىنىڭ بىر تەرىپى تىك ھاڭ، ئاستى چوڭقۇر جىلغا بولغاچقا، ئېيىق كۈچ بىلەن ئېتىلغىنىچە شۇ ھاڭغا ئۇچۇپ چۈشۈپ كەتتى، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن نۇرپاۋان ئېتىنى مىنىپلا مەھەللىگە قايتتى، شۇنىڭدىن كېيىن 5 – 6 ئايغىچە ئوۋغا چىقمىدى. لېكىن ئەركىن تۇرمۇشقا ئۆگەنگەن كىشى ئۆيدە جىمجىت سولۇقۇپ يېتىشقا كۆنەمدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشاش ئۈچۈن تۇرمۇش غېمىنى قىلىش كېرەك – تە؟ ئۇ قولىنى سىلكىدى – دە، يەنە مىلتىغىنى مۈرىسىگە ئېسىپ جىرالارنى، قارىغايزارلىقنى ئارىلاشقا، قاپقانلارنى قۇرۇشقا باشلىدى، بۇ قېتىم ئېيىققا ئاتاپ غايەت زور قاپقان قويدى، نۇرپاۋان ئۇنى بەش چارۋىچىنىڭ ياردىمىدە مىڭ بىر قىيىنىدا قۇرغان. قاپقان زەنجىرىنى يەرگە كۆمۈپ بىر ئۇچىنى نېرىدىكى قارىغايغا باغلىغان ئىدى. قاپقان ئېيىقنىڭ ئالدى قولىنى قولتۇغىدىن قىسقان بولۇپ، ياردار ئېيىق قۇتۇلۇش ئۈچۈن ناھايىتى چىڭ تىركەشكەن بولسا كېرەك، قاپقان ئەتراپىنى قوشتا ھەيدىگەندەك تىلغىۋەتكەن ئىدى. ئەگەر نۇرپاۋان ۋاقتىدا كەلمىگىنىدە زەنجىرنى ئۈزۈپ، قاپقاننى سۆرەپ قېچىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

— دادا، — دېدى يىگىت جىددىيلەشكەن ھالدا، — ئېتىپ يىقىتماقتىن باشقا ئامال يوق. ئىككىمىز بىر تەرەپكە ئۆتۈپ بىر نىشاننى قارىغا ئالايلى. بىرىمىزنىڭ بولسىمۇ تېگەر.

— تېرىسىگە زەخمە يەتمىسە ياخشى بولاتتى. لوزۇڭ بىلەن شۇنداق كېلىشكەن. تىرىك بولغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. خەير، سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلايلى. قەيەرگە ئاتىمىز؟

نۇرپاۋان ئايلىنىپ يانغا ئۆتتى – دە، ئىككىيلەن مىلتىقلىرىنىڭ شىرداقلىرىنى يەرگە سانچىپ، تەپكىنى قايرىپ پىستان باستى.

— مېڭىسىگە ئاتايلى! — دېدى يىگىت.

ھەيۋە قىلىپ تۇرغان ياۋۇز ئېيىققا قاراپ تۇرۇپ ئوق چىقارماقمۇ مۈشكۈل. لېكىن ئىككىيلەن تولا ئوۋ قىلىپ يۈرىگى توختىغانلاردىن بولغاچقا، ئېيىقنىڭ ھەيۋىسىگە ئېرەن قىلماي، ئۇنىڭ يوغان بېشىنى قورولغا ئالدى. چاقماقنى باساي دەپ تۇرۇشىغا «پاڭ – پۇڭ! پاڭ – پۇڭ!» قىلغان ئوق ئاۋازى ئورمانلىقنى زىل – زىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئېيىق شۇ ھامان يىقىلدى، قالايمىقان تەككەن ئوق، ئۇنىڭ تېرىلىرىنى ئۆتمە – تۆشۈك قىلىپ قانغا بويىۋەتكەن ئىدى.

ئىككىيلەن دەرھال قوللىرىنى مىلتىق چاقمىغىدىن تارتىشىپ، بېشىنى كۆتەردى ـ دە، يۈز قەدەم نېرىدا ئاتلىرىدىن چۈشۈشۈپ بۇياققا كېلىۋاتقان گومىنداڭ چېرىكلىرىگە غەزەپ بىلەن قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

ـــ ھا... ھا... ھا...! ـــ فۇگۇەن قاقاقلاپ كۈلگىنىچە يەردە سونايلىنىپ ياتقان ئېيىقنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، نۇرپاۋاننى مەسخىرە قىلغان ھالدا ساپ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىدى، ـــ ئۇلىجا ئۇق ئىگىسىنىڭ بولۇدۇ، قېرى! يولۇڭدىن قالما!

نۇرپاۋان غەزىۋىدىن تىترەپ كەتتى.

ـــ مەرت يىگىت بىرونىڭ ئولجىسىغا ھەرگىز چاڭ سالمايدۇ، ـــ دېدى ئۇ قىلچە ئەيمەنمەستىن تاغ ئوۋچىلىرىغا خاس مەردانىلىق بىلەن، ـــ بۆركۈت ھەرگىز تاپ يىمەيدۇ، ئۆزى ئوۋلىغان ئىسسىق گۆشنى يەيدۇ. ئەر كىيىمىنى كىيىۋالغان خوتۇن مىجەز ئادەملا بىرونىڭ تەييار قىلغان ئولجىسىغا چاڭ سالىدۇ!

نۇرپاۋاننىڭ سۆزلىرى يەن فۇگۇەننىڭ يۈرىگىگە نەشتەردەك سانچىلدى. گەپنىڭ ئاچچىغىدىن تولغانغان فۇگۇەن سىم ئارىلاش تاسما قامچىسى بىلەن نۇرپاۋاننىڭ باش كۆزىگە ساۋاپ كەتتى.

نۇرپاۋان قامچا زەربىسىدىن ئۆزىنى ئوڭشىيالماي يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ باش كۆزلىرى يېرىلىپ قانغا بويالغان ئىدى.

ـــ لەيلىگۈل قىزىم، ـــ دېدى ئۇ ئارانلا.

«قىزىم» دىگەن سۆزنى ئاڭلاپ، فۇگۇەن ئۇرۇشنى توختىتىپ «ئوۋچى يىگىت»كە بۇرۇلدى، «ئوۋچى يىگىت» غەزەپ بىلەن:

ـــ يېقىن يولىغۇچى بولما! بولمىسا ئۆپكەڭنى چۇگۇپ تاشلايمەن، ـــ دېدى. فۇگۇەن بۇ سۆزدىن مەڭدەپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. «يىگىت» قولىدىكى مىلتىغى بىلەن دەل ئۇنىڭ يۈرىگىنى قارىغا ئېلىپ تۇراتتى. ئەھۋال تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. ئەسكەرلەرمۇ نىمە قىلارىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ قېلىشقان ئىدى. كۈتۈلمىگەندە، كىچىگىدىنلا چامباشچىلىقنى ئۆگەنگەن فۇگۇەن ئۆزىنى چاققانلىق بىلەن يەرگە ئاتتى. «پاڭ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوق ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئىككى قولىغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ـــ نىمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن؟ ـــ دەپ ۋاقىرىدى فۇگۇەن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ئەسكەرلەرگە، ـــ باغلاش!

«يىگىت» نىڭ قولىدىكى سومبىلەك قارا مىلتىق بولغاچقا ئوقلاپ ئۈلگۈرەلمىدى، سان جەھەتتە كۆپ بولغان ئەسكەرلەر ھەش ـ پەش دىگۈچە ئۇنى چەمبەرچەس باغلاپ تاشلىدى.

ـــ ھىم! ـــ دىدى فۇگۇەن كۆرەڭلىگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ـــ قېنى، ئەمدى نوچىلىغىڭنى كۆرسەتمەمسەن؟ ـــ ئۇ ئەسكەرلەرگە بۇيرۇدى، ـــ قېنى، ئېيىقنى دەرھال سويۇپ ئۆت، جىگەر، زەكەر، تاپان، مايلىرىنى ئايرىپ ئېلىڭلار. گۆشنى ئايرىم پارچىلاپ قاچىلاڭلار! پاكىزىراق بولسۇن! «تىل» تۇتۇش ۋەزىپىمىزمۇ ياخشى ئورۇندالدى. مۇشۇلارنى ئاپىرىمىز!

ئەسكەرلەر دەرھال ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. فۇگۇەن باغلاپ تاشلانغان «يىگىت» نىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ يادىغا نۇرپاۋاننىڭ بايىقى «لەيلىگۈل قىزىم» دىگەن سۆزى كەلدى ـ دە، كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى. ئۇ يىگىتنىڭ باسۇرۇپ كىيگەن تۈلكە قۇلاقچىسىنى بېشىدىن يۇلۇپ تاشلىدى ۋە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

ئۇنىڭ ئالدىدا قاپ ـ قارا سۇمبۇل چاچلىرى مۈرىلىرىگە يېيىلغان پەرىزاتتەك بىر گۈزەل قىز تۇراتتى... تەبىئەت ئۇنىڭغا



سۈت بىلەن يۇغارغاندەك نۇرلىنىپ تۇرغان ئاپپاق غەمنە يۈز، يەنە بۇ يۈزلەرگە تېخىمۇ سىن كىرسۇن دىگەندەك نەپىس بىر قىزىللىقنىمۇ قوشۇپ بەرگەن ئىدى. تىزدىغان قاپقارا چاچلىرىنىڭ ئاستىدىن غىل-پال كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئىككى تەرەپكە قىيپاش تارتىلىپ ئاندىن ئۇچى ئاستا-ئاستا ئېگىلىپ چۈشكەن قۇندۇزدەك بىر جۈپ قېشى، بادام قاپاقلىرىنىڭ تۈۋىندە ئۇزۇن، قويۇق كىرپىكلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەقىل-پاراسەت، غەيرەت-شىجائەت، شوخلۇق-پاساھەت، شەرمى-لاتاپەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرغان نۇرلۇق چىرايلىق بىر جۈپ قارا كۆزى، ئېقىپ چۈشكەندەك يارشىلىق بۇرنى، قىزىل گۈل غۇنچىسىدەك چىرايلىق لەۋلىرى زىلۋاراق، لېكىن جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرۇدىغان قەددى-قامىتىگە تېلىمۇ ماسلاشقان ئىدى.

فۇگۇەن ئۆزىگە كېلىپ، باياتىن بېرى قىلچە ئەيمەنمەي ئۆزىگە ئوق ئاتقان بۇ چەبدەس، جاسارەتلىك تاغ قىزىنىڭ گۈزەللىگىگە، باتۇرلۇغىغا ھەيران بولغان ھالدا، غەزىۋى تارقاپ مەسلىگى قوزغالدى، پۇت-قوللىرى بوشاشتى، ئۇنىڭدا شەھۋانىي ھەۋەس ئويغاندى.

— ئەپۇ قىلىڭ، لەيلىگۈل، — دىدى ئۇ تېلىمۇ مۇلايىم ئاھاڭ بىلەن قىزغا قاراپ، — ئەسلىدە سىزلەرنى باغلاش بىھاجەت ئىدى. بىراق ھازىر زامان مالىمانلىشىپ كەتتى. مەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. شۇڭا ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىغىم چوڭقۇر. قانداق قىلىمىز، ۋەزىيەت شۇنداق بولۇپ قېلىپ، سىزلەرگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىپ قويدۇم، ھازىرچە سەۋىر قىلىپ تۇرۇڭلار. ئۆلكىگە چۈشۈپ ئىشنى ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن، سىزلەرنى رازى قىلىپ قويۇۋېتىمىز!

— ...

فۇگۇەن قىزدىن جاۋاپ ئالالمىغان بولسىمۇ ئاچچىغلانمىدى، ئەكسىچە، مۇلايىم كۈلۈپ قويدى ۋە ئېيىقنى تەييارلاپ بولغان ئەسكەرلەرگە قاراپ:

— قېنى، ماڭايلى، بۇلارنىڭ قولىنى بوشىتىلىپ، پەقەت قول بېغىشىدىنلا بوشراق باغلانسۇن! — دەپ بۇيرۇدى-دە، ئۆزى ئالدىدا يولغا چۈشتى.

## ئوق ئاۋازى

مۇزات جىلغىسى خانتەڭرى ئېتىگىدىكى مەشھۇر جىلغىلارنىڭ بىرى ئىدى. مۇزات دەرياسى خانتەڭرى چوققىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئەگىپ ئېقىپ چىقىپ، مۇزات جىلغىسى-

غا چۈشكەندە ئۇلغىيىپ، باي، كۇچارلاردىن ئۆتۈپ تەكلىماكانغا كىرىپ كېتەتتى. بۇ جىلغىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ ماڭغاندا، ھەيۋەتلىك قارلىق چوققىلار ئارىسىدىن ئۆتىدىغان مەشھۇر مۇزات داۋىنى بار ئىدى. بۇ داۋان ئىلى بىلەن ئاقسۇنىلا ئەمەس، مەركىزى ئاسىيادىكى بىپايان شىمالىي ۋە جەنۇبىي زېمىنلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم قاتناش ئېغىزى ئىدى. ئۇزۇن تارىخلاردىن بېرى ئەجداتلىرىمىز تەرىپىدىن ئېچىلغان بۇ جىلغا يولى تارىختا ئۆتكەن ھەرقانداق بىر ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمىغان ئىدى. ئۇلار بۇ يەرنى ھەربىي، سودا، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم دەرۋازا دەپ قاراپ، ھەربىي كۈچلەرنى تۇرغۇزۇپ كەلدى. «بەدۆلەت» دەۋرىدىلا مۇزات ئېغىزىغا ھەيۋەتلىك تاش سېپىل ۋە ئىچىگە 300 كىشى سىغقىدەك گازارمىلىق تاش قورغان سېلىنغان ئىدى. شۇندىن بۇيان بۇ يەرگە «قورغان» دېگەن نام قويۇلدى. غۇلجىدا كۆتۈرۈلگەن قوراللىق ئىنقىلاپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. گومىنداڭ ئاقسۇدىكى 5-ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى جياۋ خەنچىڭنىڭ يۈرىكىگىمۇ دەز كەتتى. ئۇ ئۆز پولكى قارىمىقىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تۇڭگانلار ئارىسىدىكى ئوغرى-قىمارۋاز، لۈكچەك، كاللا كېسەرلەردىن قۇراشتۇرۇلغان ئاتاغلىق مىللىي 3-لىيەننى «ئىلى ئوغرىلىرى»دىن ساقلىنىشقا بۇ قورغانغا ئەۋەتتى. بۇ لىيەندىكى ئامېرىكىنىڭ مىلتىق، پىلىموت، زەمبىرىكى بىلەن قوراللانغان 160 تىن ئارتۇق ئەسكەرلەر شۇ يەردىكى تېنچ پۇخرالارغا ۋەھىمە سېلىپ، شىمالغا كۆز تىكىپ تۇراتتى. 1945-يىل ئاۋغۇستنىڭ باشلىرىدا، مىللىي ئازاتلىق ئارمىيە قوماندانلىقىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئابدۇكېرىم ئابباسوپلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى جەنۇپقا يۈرۈش قىلىش قوشۇنى خانتەڭرىنىڭ قېيىر دېگەن يېرىدىكى كۆكسۇ داۋىنىدىن ئېشىپ چۈشۈپ باينى ئىشغال قىلدى ۋە ئاقسۇغا يۈرۈش قىلدى. مۇشۇنداق جىددىي ئەھۋالدا، مىللىي ئەسكەرلەردىن قورۇلغان 3-لىيەنگە ئىشەنمىگەن جياۋ خەنچىڭ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ۋە نۇرغۇن مەخپىي ئىشلارنى بېجىرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك فۇگۇەنى يەن چىمىڭنى بىر بەن ئەسكەر بىلەن بۇ يەرگە ئەۋەتكەن ئىدى.

×

فۇگۇەن قولغا چۈشۈرۈلگەن ئولجىلاردىن تولىمۇ خۇشال ئىدى. «ئېيىق تاپىنى ھەل بولدى. قىزچۇ؟ ‹تىل› تۇتۇلمىغان بىلەن شەھۋانىي نەپسى كۈچلۈك جياۋ خەنچىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ياخشى سوغات بولمايدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — لېكىن قىزنى قانداق ئېلىپ كېتىمەن؟ شۇنچىۋالا يۈك، ئولجىلار بىلەن ئاسمان پەلەك مۇڭتېكە تېغىدىن ئېشىپ بوز دۆڭگە چۈشۈش تولىمۇ مۈشكۈل، قورغاندىن ئۆتۈپ ماڭسامغۇ يول يېقىن، لېكىن ئۇ يەردە 3-لىيەننىڭ كاللا كېسەر، كاج خوجايىنى خۇڭ لىيەنجاڭ بار، خۇڭ لىيەنجاڭغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئۇ تولىمۇ ئاچكۆز، پوخۇر بىر نېمە. ئۇ ئولجىلارنى كۆرسە كۆزى قىزىرىپ چاڭ سېلىشتىن يانمايدۇ...»

دەرۋەقە خۇڭ لىيەنجاڭ جياۋ تۇەنجاڭنىمۇ كۆزگە ئىلمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ دىۋىزىيە باشلىقى بىلەن تۇغقانچىلىقى بار ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ تېلىمۇ ھىلىگەر، ئىككى يۈزلىمە بولغاچقا، قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنى ھەرخىل يوللار بىلەن ئۆزىگە قارىتىۋالغان ئىدى. شۇڭا جياۋ تۇەنجاڭ جاھان مۇشۇنداق ئەنسىز بولۇۋاتقاندا ئىچكى

جەھەتتە ئىسيان پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى.

فۇگۇەن ئاخىرى ئۇلارغا يولۇقمايلا، «مىڭتېكە» تېغىدىن ھالقىپ چۈشۈپ كەتمەكچى بولدى.

ئۇ، يولدا كېتىۋېتىپ قىزنى ئاۋال جىياۋ خەنچىڭغا بېرىشتىنمۇ يالتايدى، چۈنكى قىز ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ناھايىتى قەيسەر ئىدى. «بۇنداق قىزنىڭ غورا گۈلنى ئۈزۈپ پۇرىماقنىڭ ئۆزىمۇ بىر لەززەت ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلىدى فۇگۇەن. ئارپىلىق جىلغىسىدىن ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مىڭتېكىگە يېقىنلاشقاندا قونۇش كېرەك ئىدى. ئۇ شۇ كېچىنى كۆڭلىگە پۈكتى - دە، قىزنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇش نىيىتىدە، ئەسكەرلەرگە توختاشقا شەرەت قىلدى. ئاۋال قىزنىڭ قولىنى يەشتۈردى، ئاندىن سۇدانى ئېلىپ قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، تولىمۇ مۇلايىملىق بىلەن:

— لەيلىگۈل، ئەپۇ قىلىڭ، ھەربىي تۈزۈم مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ. چاڭقاپ قالغانسىز، سۇ ئىچىۋېلىڭ، — دېدى ۋە سۇدانى قىزغا ئۇزاتتى.

«چاڭ!» قىلىپ تەككەن شاپىلاقتىن بېشى پىقىراپ كەتكەن فۇگۇەننىڭ قولىدىكى سۇدان قاڭقىپ چىقىپ تاشتىن - تاشقا تېگىپ تاراڭلىغىنىچە ياندىكى جىلغا ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

ئىززەت - غۇرۇرى يەرگە ئۇرۇلغان فۇگۇەننىڭ يۈزى تاترىپ كەتتى. شۇ ئان غەزىۋى مېڭىسىگە تەپتى - دە، تاپانچىسىغا قول سوزدى.

— تاغ ئۇۋچىلىرى مەرت ئادەملەرنىڭلا ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاجىز قىزلارنىلا بوزەك قىلىدىغان نامەرت قارا يۈرەكلەرنىڭ نەرسىسىگە كۆز قىرىنى سالمايدۇ! بۇنى بىلىپ قوي!

قىزنىڭ بۇ مەردانە سۆزى فۇگۇەننىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ قايناتسىمۇ ئۇنىڭ قەلبىنى غىدىقلاۋاتقان شەھۋانىي ئارزۇسى ئۇنى ئاچچىقىدىن يېنىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ تاپانچىدىن قولىنى ئالدى. «خەير، — دېدى ئۇ لېۋىنى چىشلىگەن ھالدا، — بۇلدا چوقۇم مەقسەتكە يېتىش كېرەك!» ئۇ يولنى داۋام قىلىشقا بۇيرۇدى.

دەل شۇ پەيتتە قورغان تەرەپتىن مىلتىق، پىلىمۇت، زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ئالەمنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگۈدەك ئاۋازى ئاڭلاندى.

ساراسىمىگە چۈشكەن فۇگۇەن ئوق ئاۋازىغا قولاق سالدى ۋە ئوقنىڭ چاقماق تاش تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدى. «بۇ نېمە گەپتۇ؟ — دەپ ئويلىدى فۇگۇەن، — بايىدىكى ئىلى ئوغرىلىرى كېلىپ قالدىمۇيا؟ چوقۇم شۇلار، ئۇلار داۋاننى ئېچىپ ياردەمگە ئەسكەر ئەپكەلمەكچى بولسا كېرەك». ئۇ، ئالاقزادە بولغان ھالدا ئەسكەرلەرگە تېز يۈرۈپ، مىڭتېكە تۆۋىگە يېتىۋېلىشقا بۇيرۇق قىلدى، ئۇ بۇ جەڭگە ئارىلىشىپ قېلىشتىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلدى. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپلا بۇ كۆرەڭ ئەركە ئوفىتسېرنىڭ ھەيۋىسى يوقىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خەۋەرنى تېزرەك يەتكۈزسە خوجايىنى تولىمۇ خۇشال بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئاخىرى قىزنىڭ مەردىنىمۇ كەچتى. «جانغا ئۆلۈم تىكىلىپ تۇرغاندا ئويۇن - ھەۋەسنىڭ نېمىسى» دەپ ئويلىغان فۇگۇەن ئولجىلارنى بىر يولىلا جىياۋ تۇەنجاڭغا تاپشۇرۇشنى نىيەت قىلدى.

## خەتەرلىك پەيتتە

— دادا! — دەپ شۆرلىدى قىز، — سىلى بار يەرنى ھاشخاچام كۆرسىتىپ قويدى. بىز نامەتكامنىڭ يايلاقتىكى ئۆيىگە چۈشۈپتىمىز، قوللىرىنى بوشتاي، تېز قاچايلى!

قىز قاراڭغۇدا تەمسىلاپ يۈرۈپ، قوتانغا يانداش قارىغايغا چىرماپ باغلىۋېتىلگەن دادىسىنى ئاران تاپقان ئىدى. يامغۇر شىددەت بىلەن يېغىۋاتاتتى. ئەتىدىن بېرى تاياق، يىل ۋە ئاچلىق ئازاۋىدىن ھالسىراپ كەتكەن نۇرپاۋان قىزىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تېتىكلەشتى.

— جېنىم قىزىم، بارمۇ سەن؟ — نۇرپاۋان ئالدىغا ئىنتىلدى، — راستىنلا قاچىمىزمۇ، قىزىم؟

— ھەئە، قاچمىساق بولمايدۇ! ھېلىقى ئوق ئاۋازىدىن بىزنى ئېلىپ كېتىۋاتقان ئېپلاسلارنىڭ پاچىقىغا پىت چۈشتى. ئۇلارنىڭ گەپلىرىدىن «ئىلى ئوغرىلىرى كېلىپ قاپتۇ!» دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم، قارىغاندا، ھېلىقى بىز ئاڭلىغان ئىلى ئەسكەرلىرى راستىنلا كەلگەن ئوخشايدۇ.

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى نۇرپاۋان ساددىلىق بىلەن.

— قانداق قىلاتتۇق، شۇلارغا قېشۇلۇمىز! — دېدى قىز قەتئىلىك بىلەن.

— سەن نېمە دېسەڭ شۇ قىزىم، قېنى ئەمىسە، بوشاتقىن.

— پوستا تۇرغان ئەسكەر يوققۇ؟ — دەپ سورىدى قىز چىرمالغان ئاغامچىلارغا پىچاق ئۇرۇۋېتىپ.

— يامغۇر تېمىشقا باشلىغاندىلا ياندىكى قوتانغا كىرىپ كەتكەن. بۇ چاققىچە ئۇيقۇغا غەرق بولدى بولغاي!... ماڭمىزمۇ قىزىم؟ — دېدى قول - پۇتلىرى بوشىتىلغان نۇرپاۋان كۆيۈشكەن بەدەنلىرىنى سوزۇشتۇرۇپ تۇرۇپ، — ۋاي ئىست، ئات بىلەن مىلتىقتىن ئايرىلىپ قالدىغان بولدۇق - تە.

— مەيلى، دادا، كېيىن يەنە تېپىۋالارمىز، قېنى، ماڭايلى.

ئۇلار شاقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئارىسىدا تۈن قوينىغا كىرىپ غايىپ بولدى.

×

مىڭتېكە چوققىسىنىڭ ئارقىسىدىكى يايلاققا يېتىپ كەلگەندە يەن چىمىڭنىڭ يۈرىگى بىرئاز جايىغا چۈشتى. چۈنكى «بالايى - ئاپەت» ۋەھىمە سالغان قورغان خېلىلا چەتتە قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇدۇل كەلگىنىچە نامەت دېگەن چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە قونالغۇغا چۈشتى. ئۆي ئىگىسىنى گۆش سېلىشقا بۇيرۇدى. نۇرپاۋاننى قوتان تۈۋىدىكى قارىغايغا باغلىتىپ، يېنىغا پوس قويدى، قىزنى باشقا يەرگە جايلاشتۇردى. چۈنكى، قورغاندىن يىراقلىشىپلا ئۇنىڭ ھېلىقى شەھۋانىي نەپسى يەنە قوزغالغان ۋە شۇ كېچە ئەل جىمىققاندا مۇرادىغا يەتمەكچى بولۇشنى كۆزلىگەن ئىدى. بىراق تەلەي ئۇنىڭغا يار بولمىدى. گۆش ۋە قىمىز ھارغان بەدەنگە شۇنداق شېرىن بىر ئۇيقۇ لەززىتىنى بەردىكى، فۇگۇەن ۋە باشقا ئەسكەرلەرمۇ ئولتۇرغان جايىدىلا قىڭغىيىشىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى.

فۇگۇەن ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچقاندا كۈن خېلىلا ئۆرلەپ قالغان ئىدى. ئۇ «ئاپلا! پۇرسەتنى كەتكۈزۈپتىمەن!» دېگىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، قىز بار يەرگە قارىۋىدى، ئۇ يوق بولۇپ چىقتى. نۇرپاۋان باغلانغان قارىغاي تۈۋىگە كېلىپ

پىچاق بىلەن قىيىلغان ئاغاچىلارنى كۆردى. ئۇ دەر غەزەپ بولۇپ، چوشقىدەك خورەك تارتىشىپ ئۇخلىشىۋاتقان ئەسكەرلەرنى تېپىپ ئويغاتتى. قوتان ئىچىدە ئۇخلاۋاتقان ئەسكەرنى قامچا بىلەن ساۋاپ، ياقىسىدىن سۆرىگىنىچە ئېلىپ چىقتى. نامەت ئاكا ئايىلى بىلەن بىر چەتتە يەرگە قارىغىنىچە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا 5 - 6 گۆدەك بالىسى قىرقۇشۇپ تۈگۈلۈپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارغا كۆزى چۈشكەن فۇگۇەننىڭ غالىجىرلىقى قىزغالدى - دە:

— ئۇلارنى سەنلەر قاچۇرۇشتۇڭ! ھەممىڭ بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى! تېرە پۇرايدىغان مەينەت تاغلىقلار! قېنى، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم باغلاش، قاچقۇنلارنى تاپقۇزۇمەن! — دەپ ۋاقىرىدى.

ئاپىسى بىلەن دادىسىنىڭ قوللىرىنىڭ باغلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتكەن باللار قىيا - چىيا قىلغىلى تۇردى.

— چىقىراشما، سېسىق كۈچۈكلەر! ھېلى ئۇچەي - باغرىڭنى چۇۋۇپ تاشلايمەن! — دەپ ھۆكىرىدى فۇگۇەن. باللار ئۇنىڭ قولىدىكى خەنجەرنى كۆرۈپ ئېسەدىگەن ھالدا جىمىپ كېتىشتى.

— قېنى، شىتىكتىن بىرنى قىزدۇرۇش، چاققان بولۇشمامسەن! — فۇگۇەن ھاشىخاننىڭ كۆينىكىنىڭ مەيدىسىدىن تارتىپ يىرتىپ تۇرۇپ ۋاقىرىدى، — قېنى ئېيتە! ئۇلارنى نەگە قاچۇردۇڭ؟

— فۇگۇەن جاناپلىرى، — دېدى يۈرەكلىگرەك بىر خەنزۇ ئەسكەر ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، تىزلىنىپ يېلىنىپ تۇرۇپ، — ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، ھازىر ئادەم جازالايدىغان پەيت ئەمەس: تۈزنى يەپتىمىز، باللىرىنى قارىتىپ تۇرۇپ مۇنداق قىلمايلى، گۇناھىدىن كەچسىلە!

«گۇپ» قىلىپ تەككەن تېپىك بىلەن ھىلىقى ئەسكەرنىڭ كودشىرى ماكچىيىپ، ئاغزى-بۇرنىدىن قان كەتتى، ئۇ دۈم يىقىلدى.

— گۇناھىنى تىلەشنى كۆرسىتىپ قىياي ساڭا، ھۆ لەقۋا، قۇتۇر ئىت! قېنى، شىتىك قىزىدىمۇ؟ ئەپكەل!

ئۇ، ئوتتا قىزدۇرۇلغان قىپ - قىزىل شىتىكنى ھاشىخاننىڭ يالىڭاچ كۆكسىگە تەڭلەپ تۇرۇپ ۋاقىرىدى:

— قېنى ئېيتە، قېرى قانجۇق، ھېلىقى لالمىلارنى نەگە قاچۇردۇڭ؟!

—...

— ئېيتمامسەن؟! مانا ئەمسە!...

ئۇ شىتىكنى ھاشىخاننىڭ كۆكسىگە يېقىن ئاپىرىشىغا «پاڭ» قىلىپ مىلتىق ئېتىلدى - دە، بىر پاي ئوق فۇگزەننىڭ قولىغىنىڭ تۈۋىدىن «ۋىژ!» قىلىپ ئۇچۇپ ئۆتتى، ئۇ چۆچۈپ كەتكەنلىكتىن شىتىك قولىدىن چۈشۈپ كەتتى.

— قىمىرلىما! قولۇڭنى كۆتەر!

فۇگزەن ئالدىدىكى غەلىتە ئەسكەرلەرگە قاراپ ئىككى قولىنى ئىگىز كۆتەردى.

## مۇرىلىرىگە يۇلتۇز قونغان يىگىت

... ئانامسەن خانتەڭرى، دادامسەن خانتەڭرى، دۇنيادىكى جىمى تاغلارنىڭ پادىشاسىسەن خانتەڭرى! قۇندۇز چاچلىرىڭنى ئەركىلىتىپ سىلىغان شىپالىق شامالىرىڭ، تېنىمنى ئىللىتقىنا چايقاپ يۇغان سۈزۈك، شېرىن سۇلىرىڭ، ھەيۋەت بىلەن ئىگىلاپ مېنى ھەيران قالدۇرغان قارىغاي - قىيىنلىرىڭ، سىلىق يەلپۈنۈشى بىلەن سەبىي دىلىمدا

مېھرۇ - مۇھەببەت ئويغاتقان مەخمەل
ئوتلىرىڭ، چىرايلىق تەبەسسۇمى بىلەن دىل
بەھرىمنى ئاچقان رەڭمۇ - رەڭ گۈللىرىڭ،
خۇشخۇي ناۋاسى بىلەن مەيۇس كۆڭۈلۈمنى
ئاۋۇندۇرغان قۇشلىرىڭ... شۇلار ھەممىسى مەن
ئۈچۈن نەقەدەر قەدىرلىك، تۇتىيا... مەن سەن-
دىن قانداق كېچەلەيمەن؟ مەن سەنسىز قانداق
ياشىيالايمەن؟ سەن ھاياتىمنىڭ تىرىگى -
كۈرۈملىگى سەن، بەخت - تالىيىمەن! شۇنچە
بەختۇ - ئىمتىيازنى بەرگەن ئەي سۆيۈملۈك
تاغ، يەنە بىر ئىلتىماسىمنىمۇ راۋا قىلغىن. سەن
بىر سەھەرى قىلغىنىدە، ماڭا قاناتلار پەيدا
بولسۇن، مەن ئۇ قاناتلار بىلەن كۆككە
پەرۋاز قىلاي!...

لەيلىگۈلنىڭ ۋۇجۇدى يالقۇنجاپ،
لەۋلىرى قۇرۇشقا باشلىدى. شۇ چاغ تۇيۇق -
سىزلا، ئاپپاق ئىككى بىلىگىنىڭ ئورنىدا،
يالت - يۇلت چاقناپ تۇرغان ئالماس
پەيلەردىن ئىككى قانات پەيدا بولدى. لەي-
لىگۈل چەكسىز شاتلانغان ھالدا قاناتلىرىنى
سىلكىۋىدى، ئاستا - ئاستا كۆككە كۆتىرىلىشكە
باشلىدى. قىز قاقاقلاپ كۈلدى، خانتەڭرى
باغرى شاتلىققا چۆمدى.

زوق بىلەن قاراپ تۇرغان خانتەڭرى
بۇ ئوماق قىزنىڭ قىلىقلىرىدىن سۆيۈندى.
ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە خىيالغا پاتتى: «18 گى-
مۇ كىرىپ قالدىڭ، ساڭا قايسى بەختلىك
يىگىتنى جۈپ قىلسام بولار؟»

... لەيلىگۈل يەنە خانتەڭرىگە قارى -
ۋىدى، تاغ چېھرىسىنى ھەيۋەتلىك تۇمانلار
قاپلاپ كەتتى. دەم ئۆتۈپ خانتەڭرىنىڭ
«قارا!» دىگەن ھەيۋەتلىك خىتاۋى ياڭرىدى.
شۇ ئان بۇلۇتلار قېتىدىن بىر نۇر ئېقىمى
تارالدى - دە، نۇر بىلەن تەڭ ئاجايىپ
كېلىشكەن بىر يىگىت پەيدا بولدى. ئۇنىڭ
قولىدا مەرمەر كاسا، كاسىغا ئانا يۇرت
دەرياسىنىڭ سۈيى تولدۇرۇلغان ئىدى. لەي-
لىگۈلنىڭ يۈرىگىدە ئاجايىپ بىر ئىشىق
يالقۇنى يېلىنجاپ كەتتى. ئۇ ئارزۇ قىلغان
ئاشىقىغا ئۇچراشقان ئىدى. «بۇ، خانتەڭرى
بوۋامنىڭ ئويۇنلىرى ئەمەسمىدۇ؟» دەپ
پەرەز قىلدى قىز ئەندىككەن ھالدا. قىز -
نىڭ ۋۇجۇدىنى ئىشىق ھارارىتى كۆيدۈرۈشكە
باشلىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى تەشنالىقتىن
قۇرۇماقتا ئىدى. شۇ ئان ھېلىقى يىگىت
مەرمەر كاسىدىكى سۇنى قىزغا ئۇزاتتى.

— لەيلى قىز، تەشنالىقىڭىزنى قاندۇرۇ-
ۋېلىڭ!...

لەيلى قىز چۆچۈپ - ئۆندەرىگەن
ھالدا كۆزىنى ئاچقىنىچە ئۆرە بولدى. ئۇ
چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ئىدى، ئۇ
ئۆزىنىڭ بىر ناتونۇش ئاق ئۆيدە ئىكەنلى -
گىنى بايقىدى. ئالدىدا كېلىشكەن بىر ياش
يىگىت «سۇ ئىچىڭ!» دىگىنىچە چاشكىسىنى
تەڭلەپ تۇراتتى.

قىز بارا - بارا ئۆزىگە كەلدى، ھەيرانلىق
ئىچىدە ئالدىدىكى يىگىتكە تىكىلدى. يىگىت 24
ياشلاردا بولۇپ، بەستلىك، قېلىن قارا قاش-
لىرى ئاستىدىكى باتۇرلۇق، مەرتلىك، سەمى-
مىلىك چاقناپ تۇرغان يوغان قارا كۆز-
لىرى، ئاپتاپتا كۆيگەن بۇغداي ئۆڭ يۈزى،
قاڭشارلىق بۇرنى، قەيسەرلىكىنى نامايىش
قىلىپ تۇرغان قېلىن لەۋلىرى بىلەن مەزمۇت
ئىگەكلىرى ئۇنىڭ سالاپىتىگە تولىمۇ ماس
كەلگەن ئىدى، ئەجەپكى، ئۇنىڭ سول قۇلى-
غى تۇۋىدىن چورتلا يوق ئىدى. ئۇ قاس -
قانلىق شەپكە، ماشرەڭ تېرىكىدىن تىكىلگەن
چاققانغىنا چاپان، گىلەپى شىم، پاق سىراپ
تۇرغان ئۆتۈك كىيگەن ئىدى. بەللىرىدىكى
تاسما بەلۋاققا تاپانچا، قېلىچ ئېسىلغان
ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىگە پاگون
قادالغان، ئۇ خۇددى كېچىلىرى خانتەڭرى

ئۈستىدە چاقناپ تۇرۇدىغان يۇلتۇزلارغا ئوخشايدىغان بەش بۇرجەكلىك سېرىق يۇلتۇزلاردەك نۇر چېچىپ تۇراتتى. قىز ئەجەپلەندى. ئۇ ئۆي ئىچىدىكى باشقىلارغا قارىدى. ئۇلارمۇ قىزنىڭ ئالدىدىكى يىگىتكە ئوخشاشلا كىيىنگەن ئىدى.

«مۇرىلىرىگە يۇلتۇز قونغان يىگىتلەر... ــ دەپ پىچىرلىدى قىز ئۆز ـ ئۆزىگە، ــ بۇلار كىم بولدى؟ يا خانتەڭرى بوۋام سېھرى قىلغان ھىلىقى... ياق، ياق، مەن ئالجىپ قالدىمغۇ دەيمەن. ئوكۇممۇ بۇ چۈشۈممۇ؟» قىز ھەيرانلىق ئىچىدە ھىلىقى يىگىتتىن:

ــ سىلەر كىملەر؟ مەن نەدە؟ دادام قېنى؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ بىز مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچىلىرى.

سىز بىر مالچى قېرىندىشىڭىزنىڭ ئۆيىدە. دادىڭىز مانا يېنىڭىزدا. مېنىڭ ئىسمىم پولات! ــ دەپ جاۋاپ بەردى يىگىت.

قىز ھەممىنى چۈشەندى. ئۇلار ياغۇرلۇق كېچىدە قېچىپ يۈرۈپ، ھارغىنلىقتا ئەتراپنى بايقىيالماي بىر تىك غولدىن دۇملاپ كەتكەن ئىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە نامەتكام ۋە ئۇنىڭ بالا ـ چاقلىرى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كەلدى. «ئەبلەخلەر قاچقانلىغىمىزنى بىلىپ قېلىپ، ھەقىچان ئۇلارنى قىيناۋاتقاندۇ؟» قىز چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە، جىددىلىك بىلەن:

ــ ئۇ يەردە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بار. نامەتكاملار شۇلارنىڭ قولىدا قىيىن ـ قىستاقتا، قۇتقۇلدۇرايلى! ــ دەپ ۋاقىرىغىنىچە ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى.

## قىساس ئوتى شۇ يەردە يانغان

لەيلىگۈل باشلاپ كەلگەن پولات ۋە ئۇنىڭ جەڭچىلىرى يەن چىمىلىك باشلىق دۈشمەن قوشۇنلىرىنى ئەسىر قىلىپ، نامەتكام ۋە ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى ئۆلۈم چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋالدى. نامەتكام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۆزلىرىنى ئازات قىلغان بۇ قەدىردانلارنىڭ پەشلىرىگە ئېسىلىپ كۆزلىرىگە سۈرتۈشكەن ھالدا، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ يىغا ـ زارە قىلىشماقتا ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا شۇلارغا ئوخشاش قىسمەتلەرنى چەككەن جەڭچىلەرمۇ بۇ مەنزىرىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى.

ئەسىرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا پولاتنىڭ كۆزى قورقىنىدىن ئالاق ـ جالاق بولۇپ شۈمشەرەپ تۇرغان ئىككىلا قولىغى يېرىق يەن چىمىڭگە چۈشكىنىدە ھەيران بولغىنىچە تۇرۇپ قالدى. شۇ ئان ئۇنىڭ ئېسىگە بىر قانچە يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن پاجىئەلىك ۋەقە كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭمۇ چولاق بولۇپ قالغان سول قولىغىنى ئەلەم بىلەن سىلاپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپلىك قىساس ئوتلىرى ياناتتى.

فۇگۇەنمۇ ئۆزىگە غەزەپ بىلەن قادالغان قېلىچ ـ تاپانچا ئاسقان بۇ بەستلىك يىگىتنى تونۇپ تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى دىرىلدەپ تىترەيتتى. قۇۋلۇق ـ شۇملۇق بىلەن نۇرغۇنلىغان بىگۇنا پۇقرالارنىڭ تېنىچ تۇرمۇشىغا زەھەر سېلىپ ئۆتكۈزگەن ھاياتىنىڭ ئاخىرقى پاسىلى ئەمدى مىنۇت ـ سېكۇنت ئارىلىغىدا قالغانلىغىنى سېزىپ، يۈرىگى ئاغزىغا تىقىلدى. «ۋاي ئىسىت، ئۇ تېخى ھايات ئىكەن ـ دە، ــ دەپ خىيالىدىن كەچۈر-

دى ئۇ ئەلەم بىلەن، — شۇ چاغدا ئۇنى ئۆزەم ئاتسام بوپتىكەن»· ئۇ، پولاتنى ئېتىشقا بۇيرۇغان ئىككى ئەسكەرنى ئىچىدە مىڭنى تىللىدى· ئوفىتسېرلەر مەكتىۋىدىكى ھەربى تاكتىكا دەرسىدە ئاڭلىغان «دەلمۇدەل تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قالغاندا، كۆلۈپ تۇرۇپ باش ئېگىش — چېكىنىش چارىسى ئارقىلىق ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك» دىگەن سۆزلەرنى ئەسكە ئالدى· «بىراق ھازىر بۇ ئەسقاتامدۇ؟ پولات ھەرگىزمۇ ئالدانمايدۇ...» ۋۇجۇدىدا قىساس ئوتى يېلىنجاپ كەتكەن پولات شەمشەرنى قىنىدىن سۇغاردى· «جىرىڭ» قىلغان سادا بىلەن تەڭ باش ئۈستىگە كۆتىرىلگەن قىلىچ قۇياش نۇرىدا چاقناپ كەتتى·

مەڭدەپ كەتكەن فۇگۇەن جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈمىدىدە، ئىتقا ئوخشاش گەۋدىسىنى پولاتنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى·

— غوجام، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە!

قىلىچ ئۇنىڭ بوينىغا چۈشمەي ھاۋادا تۇرۇپ قالدى· چۈنكى دەل شۇ پەيتتە، پولاتنىڭ قۇلىغى تۈۋىدە مىللى ئارمىيىنىڭ ھەربى ئۇستاۋىدىكى: «ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قايسى قوشۇن، قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، قورال تاشلاپ قول كۆتەرگەن ئىكەن، خارلاشقا، ئىنسانىي ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشقا، ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ، شەخسى ئاداۋەت سەۋەبىدىن ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرگەنلەر ئوخشاشلا جازاغا تارتىلىدۇ.» دىگەن سۆزلەر جاراڭلىدى، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، «خەير!» دىگىنىچە لېۋىنى چىشلىدى· قىلىچنى قىنىغا سالدى ۋە جەڭچىلەرگە ئەسىرلەرنى قوماندانلىق شتاپقا ئېلىپ مېڭىشنى بۇيرۇدى·

×

1944 - يىلى تەمۇز كۈنلىرىنىڭ بىرى، چىڭقى چۈش ۋاقتى ئىدى· ھەممە نەرسە — باغلاردىكى يەل - يېمىشلەر، تۇتاش كەتكەن شال ئېتىزىدىكى يېشىل مايسىلار، ئەگىم - ئەگىم بولۇپ سوزۇلغان ئۆستەڭ قىرغاقلىرىدىكى چىمەن ئوتلار، تار يېزا يولىغا سايە تاشلاپ تۇرغان دەل - دەرەخلەر ئىسسىق تۇپەيلى ھالسىراپ قالغان ئىدى· ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ شاللىق ۋادىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ ئەگرى - بۈگرى سوزۇلغان ئېگىز يارداڭلىق گىرىمسەن ئىلكىدە يىراقتىن سۇرلۇك قارىيىپ كۆرۈنۈپ قالاتتى· كۆپ - كۆك ئاسمان گۈمبىزىدە بىرەر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى· گويا ھەممە نەرسە ئۇيقىسىرىغان ھالدا سىرلىق سۈكۈتكە چۆمگەندەك ئىدى· بۇ جىمجىتلىقنى پەقەت شالزارلىق ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يىراقتىن كۈمۈش لېنتىدەك يالتىراپ كۆرۈنۈدىغان چوڭ ئۆستەڭ سۈيىنىڭ لەرزان شاقىرىغان ئاۋازىلا بۇزۇپ تۇراتتى· مانا قەيەردىدۇر بىر يەردىكى يېزا مېچىتىدىن زېرىكتۈرگۈچى جىمجىتلىققا تېخىمۇ مۇڭ - قايغۇ بېغىشلاپ، مەزىننىڭ پىشىن نامىزى ئۈچۈن سوزۇپ ئېيتقان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى·

دەل شۇ پەيتتە يېزا يولىدا ئۈستىگە ئوقۇمۇشلۇق ياشلار ئۈچۈن مۇدا بولۇپ قالغان، سوۋېتنىڭ يول - يول تىرىكسىدىن كاستيۇم - بۇرۇلكا، بېشىغا بادام دوپپا كىيگەن 23 ياشلاردىكى بىر يىگىت، سالماق قەدەم بىلەن خىيال سۈرگىنىچە كېتىپ باراتتى· بۇ يىگىت يېزىدىكى يالغۇز ئانىسىنى يوقلاشقا كېتىۋاتقان، ئاقسۇ شەھەر ئىچىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق

قىلدىغان پولات ئىدى.

پولات شەھەردىكى تىجارەتچى تاغىسىنىڭ ياردىمى بىلەن مىڭ بالادا ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچى بولدى. ئۇ دەسلىۋىدە خەلقنى ئاقارتىش كەسپىگە ئېرىشكەنلىگىدىن خوشال بولۇپ قىزغىن ئىشقا كىرىشكەن ئىدى. لېكىن بارا - بارا بۇ سەپىنىڭمۇ ئانچە كۆڭۈللۈك ئەمەسلىگىنى ھىس قىلدى. كۆڭۈل ئارزۇلىرى ئارزۇ بويىچە قېلىۋەردى.

پولات جىمجىتلىق ئىلكىدە ياتقان بۇ گۈزەل ۋادىغا ھەم زوق، ھەم ئېچىنىش بىلەن قاراپ كەلمەكتە ئىدى. تۇيساتتىن ئۇنىڭ دىققىتىنى ۋاراڭ - چۇرۇڭ بۆلدى.

يولنىڭ دوقمۇشىدىكى جىگدىلىك ئارىسىغا سېلىنغان كېسەك تاملىق قورانىڭ ئالدىدا ئىككى گومىنداڭ ئەسكىرى بىلەن بىر قېرى دىخان يوغان ھەم سېمىز بىر قوينى تارتىشماقتا ئىدى.

— رەھىم قىلىڭلار، غوجىلىرىم. — دەپ يىلىناتتى 60 ياشلاردىكى دىخان زارلىنىپ تۇرۇپ، — ئوغلۇمنى ئۆيلىمەكچىدىم، بارى - يوقى شۇ بىر قوي، يىمەي - ئىچمەي باقتىم. مەن كەمبەغەل ئادەم، رەھىم قىلىڭلار!

— نىمە كاپشىيدۇ ما قېرى، بىز سەنلەرنى قوغدايمىز دەپ مۇشۇنداق تومۇزدا جاپا چېكىپ يۈرۈمىز. بىر قوينى ئايامسەن؟ بۇنى بىز يىڭجاڭ جاناپلىرىغا ئاپىرىمىز!

— ماڭا ئۇۋال بولىدۇ، شەپقەت قىلىڭلار! ...

ئەسكەرلەرنىڭ بىرى ئۈيغۇر، بىرى قىرغىز بولۇپ، بوۋاينىڭ زارىنى تىڭشىماي قوينى سۆرەپ ماڭدى. قوينىڭ پاچىغىنى تۇتۇۋالغان دىخان داقىراپ قوي بىلەن بىللە سۆرەلدى. ئەتراپتا دىخانغا يۆلەك بولغۇدەك ئادەم يوق ئىدى.

— مانا شەپقەت دىگەن! — نەشىنى تولا چەككەنلىكتىن چىرايى كىشى قورقۇدەك سەتلىشىپ كەتكەن ئۈيغۇر ئەسكەر دىخاننىڭ مەيدىسىگە بىرنى تەپتى، چېقىر كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق قايناپ تۇرغان قىرغىز ئەسكەرمۇ مىلتىقنىڭ پايىنىگى بىلەن دىخاننىڭ غولىغا سالدى. شۇ ھامان دىخان لەختە - لەختە قان قۇسۇپ جان تالىشىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ كىرىشىپ كەتكەن قوللىرى قوينىڭ پاچىغىدىن ئاجرالمىدى. دارازا بەڭگى تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ جان تالىشىۋاتقان دىخاننىڭ ئاچ بېقىنىغا بىر - ئىككىنى تېپىۋىدى، دىخان ئۈجۈقتى.

بۇ ھالنى كۆرۈپ غەزىۋى قايىنىغان پولات يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى ئۈيغۇر ئەسكەرنىڭ قۇلاق تۈۋىگە كېلىشتۈرۈپ بىر سېلىۋىدى، تىك ئېڭىلاق چۈشۈپ يېتىپ قالدى. قىرغىز ئەسكەر مۈرىسىدىن مىلتىغىنى ئېلىپ بولغىچە ئاغزىغا بىر مۇشت يەپ يىقىلدى. پولات ئۇ ئىككىسىنى تازا مۇشتلاۋاتقاندا بىر توپ ئەسكەر پەيدا بولدى - دە، پولاتقا يوپۇرۇلدى، ئاخىرى ئۇنى باغلىۋالدى - دە، يالاپ مېڭىشتى.

ئەسلىدە جىياۋ خەنچىڭ قول ئاستىدىكى قىسىمدىن بىر يىڭنى مانىۋىرغا چىقارغان بولۇپ، ئۆزىگە ۋاكالىتەن مانىۋىرنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن يەن چىمىڭنى ئەۋەتكەن ئىدى. پولاتنى يىڭجاڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى.

يىڭجاڭ ئەلپازىدىن باتۇرلۇغى چىقىپ تۇرغان پولاتقا باشتىن ئاياق قاراپ چىقتى - دە، ھەنجاڭدىن نىمە ۋەقە ئىكەنلىگىنى سورىدى. ئۇ يالغان ئېيتتى.

— يالغان! — دەپ رەت قىلدى پولات، — ئۇلار بىر قوي ئۈچۈن بىر بىگۇنا

دىخاننى ئۆلتۈردى!

— ھە، بىر دىخاننى ئۆلتۈردى؟ راستمۇ؟ — قېرى يىگىجاڭ چۆچىگەن ھالدا بەنجاڭغا قارىدى. بەنجاڭ ئالاقزادە بولغان ھالدا يىگىجاڭنىڭ يېنىدا تۇرغان يەنگە كۆز سالدى.

— بولدى، بولدى! — دەپ يىگىجاڭنى سىلكىدى يەن. گەرچە دەرىجە - ئۇنۋانى يۇقۇرى بولسىمۇ ئۇ يىگىجاڭنى كۆزىگە ئىلمايتتى، — نىمانچە سۈرۈشتۈرۈپ كېتىسىز؟ دىخان دىگەننىڭ دۆلەت ئارمىيىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بار ئەمەسمۇ؟ بەرگىلى ئۇنىمىغاندىن كېيىن ئۇبدان قىپتۇ.

ئۇ قەھرى - غەزەپكە تولۇپ پولاتنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ كۆكرىگىگە مۇشتلاپ قويۇپ زەھەرلىك كۈلگىنىچە:

— سەن چەنتۈلارنىڭ باتۇرى ئوخشىمامسەن؟ مۇشتلىشىشتىن خەۋىرىڭ بار ئىكەن - دە؟ ئىككىمىز بىر ئېلىشىپ كۆرمەيمىزمۇ؟ قېنى، بۇنى يېشىۋېتىڭلار! — دىدى - دە، چاپانلىرىنى سېلىپ تەييار بولدى.

— مەن ئوقۇتقۇچى، — دىدى پولاتمۇ مەردانە ھالدا، — بىكاردىن ئۇرۇشمايمەن. كىم يۇۋاشلارنى بوزەك قىلسا شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمەن. سىز بىلەن ئازارچىلىغىم يوق، ئۇرۇشمايمەن.

— ھىم، يۇۋاش ئەسكەرلەرنى ئۇرۇپ - سەنغۇ، مانا مەن يامان ئەسكەر، چۈش مەيدانغا!

— ...

— قورقۇۋاتامسەن؟ چەنتۇ دىگەن مانا شۇنداق توخۇ يۈرەك، خۇمسا كېلىدۇ.

ئىززەت - غورۇرىغا تېگىدىغان بۇ زەھەرلىك سۆزلەرنى ئاڭلىغان پولات «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دەپ مەيدانغا چۈشتى.

يەن ھە دىگەندىلا ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ پولاتنى كۆز ئاچقۇزمىدى. ھالسىراپ كەتكەن پولات يەننىڭ ئاتقان پەشۋاسىدىن يىقىلىپ چۈشتى. يەن پولاتنى يەردىن يۆلۈپ ئېلىپ يىراقتا ئېتىۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ سول قولىنى تۇتۇپ قاتتىق سىلكىۋىدى، قولاق تۈۋىدىن يۇلۇنۇپ قولىغا چىقتى.

— مانا، مانا، دىمىدىممۇ، چەنتۇ دىگەن بىر مۇشتقا يارىمايدۇ. تازا ئۇششۇق نىمىكەنغۇ بۇ! ھېچنەرسە كۆرمەيلا قولىنى كۆرۈكگە قويغىنىنى مانىڭ!

— ھا ... ھا ... ھا ...

ئەتراپتىكى ئەسكەرلەر، خوشامەتكۇيلۇق بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

پولاتنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئار - نومۇس ئۇنىڭغا باشقىدىن كۈچ بەردى. كۈتۈلمىگەندە ئۇ مىلتىق ئوقىدەك قاڭقىپ تۇردى - دە، كالىچاراپ تۇرغان يەننىڭ پاتىڭگىسىدىن ئېلىپ ئالدىغا تارتقىنىچە ئارقا - ئارقىدىن تۆت - بەش كاللا قويىۋەتتى. يەننىڭ كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاچراپ كەتتى. پاناق بۇرنى تېخىمۇ ماكچىيىپ، ئاغزى - بۇرنى غەرق قانغا بويالغىنىچە يىقىلىپ چۈشتى. پولات پۇرسەتنى ئۆتكۈزمەي، چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ سىلكىۋىدى، بەرداشلىق بېرەلمىگەن قولاقلار تۈۋىدىن يۇلۇنۇپ چىقتى. ئەسكەرلەر كۈتۈلمىگەن بۇ ئىشتىن نىمە قىلارىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ قارىشىپ قېلىشقان ئىدى.

— خۇمسا دىگەن مانا شۇنداق دائىم ئىككى قولىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، — دىدى پولات تەنتەنە بىلەن.

— باغلاشمامسەن! — يەن قولىنى چاڭگاللاپ تۇرۇپ ئەسكەرلەرگە ۋاقىرىدى، — كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ دەرەخكە باغلاش،

ئۆزەم سويۈمەن!

پولات دەرەختكە چەمبەرچەس باغلاندى.

يەننىڭ ھاكاۋۇرلۇغى، زوراۋان قىلىقلىرىنى ئەزەلدىن ياقتۇرمايدىغان، دىلى يۇمشاق جاڭ يىڭجاڭ بۇ كېلىشكەن نەۋقىران يىگىتنىڭ قىسمىتىگە ئېچىندى. ئۇ ئارىلىشىپ تۇسالمايدىغانلىغىنى بىلەتتى. شۇ ئاندا بىر ئاتلىق ئالاقچى يېتىپ كېلىپ، جياۋ خەنچىڭنىڭ بۇيرۇغىنى سۇندى. ئەپلىك كەلگەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن جاڭ يىڭجاڭ يەنگە بۇيرۇقنى يەتكۈزدى.

— جياۋ تۇەنجاڭ «بۇيرۇق تەككەن ھامان قىسىم قايتىشقا يولغا چىقسۇن» دەپتۇ. ئىنىم، قوللىرىنى شۇ ئىپلاسنىڭ قېنىغا بويىمىسىلا، ئىككى ئەسكەرنى بۇيرۇيلى. بېدىلىككە ئاپىرىپ ئېتىۋەتسۇن. بىز ماگايلى! — دەپ ئەقىل كۆرسەتتى.

بۇيرۇقنى ئاڭلىغان يەن بوشاشتى.

جاڭ يىڭجاڭ بىر ئۇيغۇر، بىر خەنزۇ ئەسكەرنى پولاتنى ئېتىۋېتىشكە بۇيرۇپ، خەنزۇ ئەسكەرگە مەنىلىك كۆز قىسىپ قويدى.

—مەنسۇر،—دېدى خەنزۇ ئەسكەر پولاتنى بېدىلىككە ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ، يېنىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرگە، — مەنمۇ، سەنمۇ چۇگرىن① شۇ، ئۇ شوخۇزا ئىكەن، ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئاتمىساق - ھە؟ قانداق، بولامۇ؟

— چىن بەنجاڭ، — دېدى مەنسۇر دېگەن ئەسكەر كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، — ماگا ئىشەنمەمدىكىن دەپ ئاغزىمدىن چىقىرالمىغان ئىدىم. ياش جېنىغا زامىن بولمايلى، يالغان ئېتىپ كېتەيلى.

ئۇلار پولاتنى قويۇۋېتىپ ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىشتى - دە، ئالدىراش قوزغالغان قوشۇنغا يېتىشىۋالدى.

......

— شۇنىڭدىن كېيىن، — دېدى پولات ھېكايىسىنى داۋام قىلىپ، — قاراڭغۇ چۈش - كېچە بېدىلىكتە ياتتىم. قاراڭغۇ چۈشكەندە شەھەرگە كىرىپ ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە كىردىم. ئەمدى ماگا بۇ شەھەردە تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئاغىنەم مېنى ئىلى تەرەپلەرگە بېرىپ سودا قىلىپ يۈرگەن بىر كىشىگە قوشۇپ قويدى. بىچارە ئانام بىلەنمۇ كۆرۈشەلمىدىم. شۇنداق قىلىپ غۇلجىغا كېلىپ قالدىم. بىر - ئىككى ئاي ئىش تاپالماي لەيلەپ يۈرگىنىمدە، خەلق قوزغىلىڭى پارتلاپ قالدى. مەنمۇ سۇنى كۆرگەن بېلىقتەك قوزغىلاڭ قاينىمىغا ئۆزەمنى ئاتتىم، شۇندىن بۇيان قوشۇندا يۈرۈمەن. يەن دېگەن ھېلىقى ئىپلاس بىلەن مانا مۇشۇنداق تونۇش...

ئايسىز تۈن باغرىدىكى يايلاق، قىرئىدىرلار، قارىغاي ئورمانلىرى سۈرلۈك جىمجىتلىققا پاتقان ئىدى. ئارقىدا خانتەڭرىنىڭ قارلىق چوققىلىرى غۇۋا ئاقىرىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جىلغىدىكى سۇلار لەرزان شاقىرايتتى.

پولاتنىڭ سۆزلەپ بەرگەن كەچۈرمىشلىرى، لەيلىگۇلگە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قىلدى، بۇ ئانا مېھرىنى كۆرمەي ئۆسكەن دىلى يۇمشاق قىزنىڭ خۇددى ئۆزىدەك قىسمەت چەككەن جەڭچىگە ھېسداشلىغى قوزغالدى. تاراملاپ چۈشۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ پولاتقا ھۆرمەت بىلەن تىكىلدى.

كەچكىرىپ كەتكەنلىكتىن ئۇلار يولدا قوتۇپ قېلىشقان ئىدى. ئۇلار ئەسىرلەرنى پوستقا تاپشۇرۇپ، ئۆي ئىگىسى تەييارلىغان تاماققا تۇتۇش قىلىشتى.

① چۇگرىن — نامرات.

# ياش قوماندان

قوياش كۆتىرىلىپ ئەتراپقا ئالتۇن نۇرىنى سېپىشكە باشلىدى. تېخى تۈنۈگۈنلا شىددەتلىك جەڭ بولۇپ ئۆتكەن بۇ يەردە بۈگۈن شاتلىق قاينىماقتا ئىدى. قورغان مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن غەلىبىلىك ئىشغال قىلىندى. قورغاننى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پەشۋاغا بەرداشلىق بېرەلمەي تىرە-پىرەڭ بولدى. قاچىدىغىنى قېچىپ، ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، 120 دەك ئادەم ئەسىرگە چۈشتى.

بۈگۈن تاغ ئېغىزىدىكى قورغان ئۆتكىلدە غەلىبىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلماقچى ئىدى. تاغلىقلار بۇ غەلىبىنى تەنتەنە قىلىش ئۈچۈن، ئاتلىق، ئېشەكلىك، پىيادە دىگەندەك كېلىپ قورغان ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىققا يىغىلىشماقتا ئىدى. جەڭچىلەر كەلگۈچىلەرنى قىزغىن قارشى ئېلىشىپ، ھال-ئەھۋال سوراپ، سورۇنلارغا تەكلىپ قىلىشاتتى.

قورغان دەرۋازىسىنىڭ تۈۋىدىكى پاكىز سۈپۈرۈلۈپ كىگىزلەر سېلىنغان سورۇندا، مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر نەچچە ئوفىتسېرى ياشانغان يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن قىزغىن سۆھبەت قىلماقتا ئىدى. ئارا يولدا كەچلەپ قالغان پولاتلار ئەسىرلەرنى ھەيدەپ دەل شۇ پەيتتە ئۇلگۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى نىمىشقىدۇر خاپا-ئەلەملىك ئىدى. چۈنكى كېچىكى قونالغۇدا، يەن چىمىڭ پۇرسەت تېپىپ قېچىپ كەتكەن ئىدى. پولاتلار شۇنچە ئىزلەپمۇ يەن چىمىڭنى تاپالماي ئاخىرى قوماندانلىق شتابىقا قايتىشقان ئىدى.

— لەيلىگۈل، — دەپ پىچىرلىدى پولات يىراقتىن سورۇندىكىلەرنى كۆرسىتىپ تۇروپ، — ئاۋۇ ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان ياش كىشى، ئىنقىلاۋىمىزنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، جەنۇبىي يۆنىلىش قىسىملىرىنىڭ قوماندانى ئابدۇكېرىم ئابباسوف بولۇدۇ.

«ئابباسوف! — دەپ پىچىرلىدى قىز بۇ ئىسىمنى قەدىرلەپ تەكرارلىغىنىچە، — پاھ، تولىمۇ ياش قوماندان ئىكەنغۇ!»

لەيلىگۈلنىڭ كۆرۈۋاتقىنى 25 ياشلاردىكى، ۋىجىكرەك، كېلىشكەن، بۇلاقتەك ئويناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدە كۈلكە، خۇشخۇيلۇق چاقناپ تۇرغان ئىللىق چىراي كىشى ئىدى. لەيلىگۈل، ئۇنىڭ قېشىدىكىلەر بىلەن قىلىۋاتقان سۆھبىتىنى كۈزىتىپ ئۇنىڭ خۇشچاقچاق، پاراڭچى كىشى ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدى.

— ئۇنىڭ يېنىدىكىسى قاسىمجان قەمبەرى، — دەپ تونۇشتۇردى پولات يەنە، — ئۇ جەنۇبىي يۆنىلىش قىسىملىرىنىڭ سىياسىي رەھبىرى.

لەيلىگۈل قاسىمجان قەمبىرىگە قارىدى. ئۇ ئابباسوفقا ئوخشاش كىيىنىپ قېلىچ، تاپانچا ئاسقان، ئوتتۇرا بويلۇق، دوغىلاقراق، بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا قاش، قوي-كۆزلۈك 30 ياشلاردىكى بىر كىشى ئىدى.

— ئاۋۇ سول ياندىكىسى بولسا، — دەپ كۆرسەتتى پولات 40 ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈك، قاڭشالىق، ئۇزايىدىن غەيرەت-شىجائەت ۋە كەسكىنلىك ئىپادىلىرى بىلىنىپ تۇرغان كىشىنى كۆرسىتىپ، — سوپاخۇن بولۇدۇ. ئۇ جەنۇبىي يۆنىلىش قىسىملىرىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى.

ئاڭغىچە ئۆزلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېقىنلىشىپ قېلىشتى. پولات ئالدىغا ئۈچ قەدەم ئىلگىرى چىقىپ، پۇتىنى جۈپلەپ،

AltunOq

ھەربىچە سالام بەردى. ئولتۇرۇشقانلارمۇ دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ دىققەتتە تۇرۇشقان ھالدا قوللىرىنى شەپكىسىنىڭ چىكىسىگە ئاپىرىپ جاۋاپ قايتۇردى.

— يولداش قوماندان، مەلۇمات بېرىشكە رۇخسەت قىلىڭ! — دىدى پولات.

— رۇخسەت! — دىدى ئاباسوف جىددى تۇردە.

— جەنۇبىي يۆنىلىش ئارمىيە رازۋېدكا قىسىم 1 - پەيىنىڭ پەيجاكىسى پودپورۇچىك پولات كېرىم مەلۇمات بېرىدۇ: ۋەزىپە ئالغان قىسمىمىز ئىشغالىيەت دائىرىسىدىكى تاغ جىلغىلارنىڭ ھەممە يېرىنى تەكشۈردى. قورغان جېڭىدە پىتراپ كەتكەن قالدۇق دۈشمەنلەر تېپىلمىدى. بىراق، ئاقسۇدىكى 5 - ئاتلىق پولك قوماندانلىقى مەخسۇس ئەۋەتكەن فوگۇەن يەن باشچىلىقىدىكى بىر گورۇپپا دۈشمەن ئەسكىرى قولىغا چۈشۈرۈلدى. ئۇلار تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ ماڭغان يەرلىك ئوۋچىلاردىن لەيلىگۈل ۋە ئۇنىڭ دادىسى نورپاۋان ئازات قىلىندى. شۇ يەردىكى بىر ئائىلە كىشىلىرى بۇ دۈشمەنلەرنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىندى. ئەسىرگە ئېلىنغان دۈشمەن توققۇز...

پولات دۇدۇقلاپ قالدى. مەلۇمات بېرىش تۈگىدى دەپ چۈشەنگەن قوماندان تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن پولاتنى قىزغىن تەبرىكلىدى:

— يارايسىلەر، پىداكار جەڭچىلەر. قوماندانلىق زۇلۇم چەككەن قېرىنداشلىرىڭلارنى ئازات قىلغانلىغىڭلار ئۈچۈن، دۈشمەن قوماندانلىغىنىڭ تولىمۇ مۇھىم ئوفىتسېرىنى، بىر قىسىم ئەسكىرىنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەلگىنىڭلار ئۈچۈن، ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىك نامى بىلەن تەقدىرلەيدۇ. جاپا چەكتىڭلار، رەھمەت سىلەرگە!

— ئازاتلىق ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!

جاۋاپ مەيداننى زىل-زىلىگە كەلتۈردى. ئۆز ئارمىيىسىنىڭ مۇنداق ئىنتىزام-جاسارىتىنى كۆرۈشكەن خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبى ھاياجانغا تولدى.

پولات قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. تېخى ئۇنىڭ مەلۇماتى ئاخىرلاشمىغان ئىدى.

— بىراق... — ئۇ يەنە دۇدۇقلاپ قالدى.

— يەنە بارمۇ، سۆزلەڭ! — دىدى ئاباسوف.

خىجالەتكە پاتقان پولات قانداق سۆزلەشنى بىلەلمەي بىر پەس قىينالدى-دە، ئاندىن مەيۇس ھالدا دىدى:

— بىراق، بىخەستەلىك سەۋەبىدىن، دۈشمەن ئوفىتسېرىنى قاچۇرۇپ قويدۇق. بۇنىڭغا مەن جاۋاپكارمەن. ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىگىم ئۈچۈن قاتتىق جازا بېرىشىڭىزنى سورايمەن!

يىغىن سورۇنى جىمىپ كەتتى. لەيلىگۈل بۇ پىداكار يىگىتنىڭ راستىنلا جازاغا ئۇچراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئارىغا چۈشۈپ ئۇنى ئاقلىماقچى بولىۋىدى، قوماندانىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئەپسۇس، تۇتۇۋالغان ئەسىرىڭىز ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش ئوپېراتسىيىسىدە ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىيال ئىدى. ئەمدىلىكتە بىخۇتلىغىڭىز ئۈچۈن جازاغا لايىقسىز. بىراق، پۇخرانى ئازات قىلىپ، 8 نەپەر ئەسىرنى ئېلىپ كەلگەنلىگىڭىزنى ھىساپقا ئېلىپ، جازا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

— ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىمەن! — دىدى پولات.

دوكلات ئاياقلاشقاندىن كېيىن، پولات لەيلىگۈل ۋە نورپاۋاننى رەھبەرلەرنىڭ قېشىغا باشلاپ كېلىپ بىر-بىرلەپ تونۇشتۇردى. ھاياجانغا چۆمۈلگەن لەيلىگۈلنىڭ

تىلى سۆزگە كەلمەي يىغلاپ تاشلىدى.
قىزنىڭ قەلبىدىكىنى ياخشى چۈشەنگەن ئاباسوف ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ:
— سىڭلىم، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، خوشاللىق تېخى ئالدىمىزدا، — دېدى ۋە توپلىنىپ بولغان جامائەتكە نۇتۇق سۆزلەش ئۈچۈن ئالدىغا چىقتى.

## قېيىن تۈۋىدە

لەيلىگۈلنىڭ چىرايى شۇ كۈنلەردە باھار چېچەكلىرىدەك ئېچىلىپ، قەلبى خۇشاللىققا تولغان ئىدى. ئۇ قىن-قىنىغا پاتمايتتى.

قوماندانلىق ئاقسۇغا قىلدىغان ھەربى يۈرۈشتىن ئىلگىرى قورغاندا 2 كۈن توختاپ قوشۇننى دەم ئالدۇرغاچ رەتكە سېلىشنى قارار قىلغان ئىدى. شۇڭا جەڭچىلەر سۈپ-سۈزۈك سۇلىرى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان مۇزات دەرياسىنىڭ بويلىرىغا تارقىلىشىپ يۇيۇنۇۋاتاتتى، كىر-قاتلىرىنى يۇيۇۋاتاتتى. بەزىلەر قورال-ياراقلىرىنى تازىلاشسا، بەزىلىرى ئاتلىرىنىڭ ئىگەر-جابدۇقلىرىنى تۈزۈشەتتى. يەنە بەزىلىرى ھال سوراپ كەلگەن تاغلىقلار بىلەن سۆھبەتلىشەتتى.

شۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىلار قىسمىنىڭ ئات-ئۇلاقلىرى ئۈچۈن ئوت-سامان، يەم-بوغۇز، جەڭچىلەر ئۈچۈن ئوزۇق توپلاشتى.

لەيلىگۈل بۇ ئىشلارنىڭ سەپەرۋەرچىسى ئىدى. ئۇ چېپىپ يۈرۈپ خوتۇن-قىزلارغا ئىش كۆرسىتەتتى. ئۆزىمۇ باش بولۇپ ئىشلەپ ھارمايتتى.

قىز ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، پولاتنىمۇ كۆرەلمىدى. بۇ مەرت، ئاقكۆڭۈل، باتۇر يىگىت ئۇنىڭ قەلبىدىن خېلى چوڭقۇر جاي ئېلىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ پولاتنى پات-پات كۆرگىسى كېلەتتى، كۆرمىگەنسېرى تىت-تىت بولاتتى. بۇ زادى نېمە ئىش؟ بۇ ئاددى بىر سېغىنىشمۇ ياكى... بۇنى قىز ئۆزىمۇ چۈشەنمەيتتى. ئەمما كۆڭلى ئۇنى كۆرۈش ئىستىكىدە تەلپۈنەتتى.

ئانىسىدىن كىچىك ئايرىلىپ قالغان لەيلىگۈل مېھرىۋان، ئاقكۆڭۈل دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدى. ئۇرپاگان بۇ قىزنى خېلى چوڭ بولغىچە قوينىغا سولاپ دۈمبىسىگە ئارتىپ يۈردى، ئوۋغىمۇ ئۇنى بىللە ئاپىراتتى. شۇڭا قىز ئوغۇل بالىدەك باتۇر، چۇس مىجەزلىك بولۇپ ئۆستى. ئەمما بۇ جىددى مىجەزلىك قىزنىڭ كۆڭلى ئاجايىپ يۇمشاق ئىدى، بۇ مېھرى-ۋاپا ئۈمىتكە قۇرۇلغان ھاياتنى سۆيەتتى. لېكىن ئۇ قەلب ئارزۇسىنى ھېچكىمگە ئاشكارا قىلمايتتى.

لەيلىگۈل پولاتنى تاپالمىغاندىن كېيىن، مۇزات بويىغا چىقتى ۋە دەريانى ياقىلاپ يۇقۇرىغا قاراپ ماڭدى.

دەريانىڭ يۇقۇرى تەرىپىدىكى كۆپ-كۆك چىمەن بىلەن قاپلانغان ئارالچاقتىكى بىر توپ يالغۇز، ياش قېيىنغا كۆزى چۈشكەن لەيلىگۈلنىڭ يۈرىگى دۈپۈلدەپ كەتتى. چىرايى ئۆزىچىلا قىزىرىپ، پۇت-قوللىرى بوشاشتى. ئۇ نېمىشقىدۇ ئىلگىرى مېڭىشتىن قورققاندەك توختاپ قالدى.

سۇ بويىغا يېقىن ئۆسكەن يالغۇز قېيىننىڭ تۈۋىدە، پولات، ئالدىنى دەريا تەرەپكە قىلىپ كىر يۇماقتا ئىدى.

«نېمىشقا كەلدىم بۇ يەرگە؟» دەپ ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويدى لەيلىگۈل. ئۇ

خىجىل بولدى، يىگىتنىڭ قېشىغا قانداق بېرىشنى بىلەلمەيتتى. ئەزەلدىن يىگىتلەر بىلەن تەنھا تۇرۇپ سۆزلىشىپ باقمىغان قىزغا پولاتنىڭ يېنىغا بېرىش تولىمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇ قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ بۇرۇلدى. ئەمما، بىر قەدەم ئېلىپلا توختاپ قالدى.

كىرنى يېيىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغان پولات ئۆزىدىن 50 قەدەمچە نېرىدا تۇرغان قىزنى كۆرۈپ قالدى. ھىچقاچان يۈز بېرىپ باقمىغان بىر خىل ئىللىق ئېقىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تاراپ كەتتى.

— لەيلىگۈل، بۇياقتا كەپسىز!؟

نىمىشقىدۇ ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. قىز كىيىكنىڭكىدەك قارا كۆزلىرىنى ئۇياتچانلىق بىلەن يىگىتنىڭ ياشلىق گۈزەللىگى جىلۋىلىنىپ تۇرغان يۈزىگە، مېھىر-ساداقەت ئۇرغۇپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىگە تىكتى. ئۇ يىگىتنىڭ قەلبىدىكى ھاياجانلىق سەزگۈلەرنىڭ، شۇ تاپتا ئۆزىدىكى سەزگۈلەردىن كەم ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ قىزارغىنىچە:

— كىر قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرەي دەپ كەلدىم، — دىدى يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

يىگىتمۇ ئاناردەك قىزارغان بۇ تاغ قىزىنىڭ شۇ تاپتىكى قەلبىنى چۈشەندى، يۈرىگىدە ئاجايىپ كۈچلۈك ئوتنىڭ يېنىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

قىز ئۈنچۈقماي بېرىپ پولاتنىڭ كىيىملىرىنى قولىغا ئېلىۋىدى، پولات:

— لەيلىگۈل، ئۆزەم يۇياي، ئارمىيىمىزنىڭ ئۇستاۋى بۇنداق ئىشلارنى مەنى قىلىدۇ. جەڭچى ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىشى لازىم، — دىگىنىچە كىرگە قول ئۇزاتتى. ئۇلار كىرنى تارتىشىۋاتقاندا پولات دەسسەپ تۇرغان تاش ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى-دە، قولى كىردىن ئاجرىغان پولات تېز ئېقىۋاتقان سۇغا چۈشۈپ كەتتى. لەيلىگۈل قورقۇپ كەتتى. دەريا ئېقىنى تېز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېگى قورام تاشلىق ئىدى. ئەگەر پولات بىرەر تاشقا ئۇرۇلسا خەتەر چىقاتتى. قىز كىرنى قويغىنىچە پولاتنى سۈزۈۋېلىش ئۈچۈن يۈگۈردى. 100 قەدەمچە تۆۋەنگە ئاققان پولات بىر تاشقا ئېسىلىۋالدى. قىز پولاتقا نازۇك قوللىرىنى ئۇزاتتى. پولات قىزنىڭ قولىغا ئېسىلدى. قىزنىڭ قولى گويا ئوت ئىدى. شۇ ئان ھەر ئىككىيلەن ۋۇجۇدىدىكى يالقۇنلۇق ياشلىق ئوتىنىڭ بىرىگە ئۆتۈشكىنىنى سېزىشتى. ئۇلار بىر-بىرىگە مەنالىق قاراشتى.

ئۇلارنىڭ شۇ ھالىتىنى يىراقتىن كۆرگەن نۇرپاۋان دەسلەپتە «لەيلىگۈلنى چاقىرىۋالايمۇ-قانداق؟» دەپ ئويلىدى. لېكىن كېيىن يەنە ئويلىنىپ قالدى. چۈنكى پولاتنىڭ ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغان زور ياخشىلىقىنى بەدەلسىز قالدۇرغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پولاتمۇ ئۇنىڭغا ياراپ قالغان ئىدى. قىز ئۇنىڭغا ھەرگىز زايا كەتمەيدۇ. بىردىنلا نۇرپاۋاننىڭ دىلى يۇمشاپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئانا مېھرىگە قانماي، ھايات خوشاللىقىنى كۆرمەي تاغ-ئورماندا ئەرەنچە ياسىنىپ ئۆسكەن قىزىغا رەھمىسى كەلدى-دە، ئۇلارغا كۆرۈنمەيلا كېتىپ قالدى.

## «بىزگە يەنە كېرەك بولۇسىز، سىڭلىم»

تاش-تېپىلار بىلەن قورۇلغان بۇ كونا قورغان شەرقتىن كۆتىرىلىپ كېلىۋاتقان تولۇنئاينىڭ نۇرىدا گويا چۆچەكلەردىكى تىلسىملىق قەلئەلەردەك يالتىراپ تۇراتتى.

ئىتلارنىڭ ئاندا-ساندا قاۋاپ قويۇشلىرىنى ھېساپلىمىغاندا، ھەممە نەرسە كېچە جىمجىتلىقىغا چۆمگەن ئىدى. قوماندانلىق شتاۋىنىڭ بۆلمىسى تالاش-تارتىش مۇھاكىمىلەر بىلەن قىزىپ كەتكەن ئىدى. شۇ تاپتا بۆلۈمدە ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن... قاتارلىق باشلىقلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئاقسۇغا قىلىنىدىغان ھەربى يۈرۈشنىڭ پىلانى تۈزۈلمەكتە ئىدى.

پولات بۆلمىدىن 40 - 50 قەدەم نېرىدىكى لىم ياغاچتا ئولتۇرۇپ يىغىنىنىڭ ئاخىرلىششىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا لەيلىگۈل ۋە نۇرپاۋانمۇ بار ئىدى. قىز بايا پولاتقا ئۆزىنىڭ قوشۇنغا قاتنىشىپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا بىللە بېرىش ئارزۇسىنىڭ بارلىغىنى ئېيتقان ئىدى. قىزدىن مۇنداق تەلەپنى كۈتمىگەن پولات دەسلەۋدە ھەيران قالدى. ئاندىن قىزنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ راينى ياندۇرغىسى كەلمىدى. بۇ ئىش قوماندانلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش بولغاچقا، ئۇلارنى شتاپقىلا باشلاپ كەلگەن ئىدى.

يىغىن تۈگەپ ئوفىتسېرلار تارقاشتى، شتاپتا پەقەت ئابباسوف باشلىق بىر قانچە كىشىلەرلا قالدى. پولات رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن، لەيلىگۈل بىلەن نۇرپاۋاننى شتاپقا باشلاپ كىردى. ئابباسوف خوشال ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، نۇرپاۋان بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. قىزنىڭ ھالىنى سورىدى، ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئاڭغىچە كانۋېيى چاي قويۇپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئابباسوف كۈندۈزلىرى قول-قولىغا تەگمەي جەڭچىلەرگە قىزغىن ياردەم كۆرسەتكەن بۇ قەيسەر قىزغا زوقلىنىپ قاراپ قويدى. قىز تارتىنىپ قالدىمۇ يەرگە باققىنچە ئۈنچۇقمىدى. ئابباسوف پولاتقا «نىمە ئىش؟» دىگەن مەنىدە ئۆرۈلدى. پولات دىققەتتە تۇرغىنىچە:

— يولداش قوماندان، بۇلارنىڭ سىزگە بىر تەلىۋى بار ئىكەن! — دىدى.

— بىزگە زالىم، قانخور ھاشىم شاڭيۇنىڭ سالمىغان زۇلمى قالمىدى. ئانام سۇڭدوتەينىڭ قولىدا ئۆلگەن. ئاتا-بالا ئىككىمىز ئۇزۇندىن بۇيان سەرسان بولۇپ تارتمىغان جاپايىمىز قالمىدى. ئەمدى سىلەر كەپسىلەر. شۇڭا مەن سىلەرگە جەڭچى بولۇپ قوشۇلۇپ دەرت-يۇغانمىنى چىقارسام دەيمەن، — دىدى لەيلىگۈل قەتئىيلىك بىلەن.

ئابباسوف قىزغا قانداق جاۋاپ قايتۇرۇشنى بىلەلمەي قالدى. قىزنىڭ تەلىۋى ئورۇنلۇق ئىدى. لېكىن ئۇستاپچۇ؟ ئۇ، ياردەم كۈتكەندەك قاسىمجانغا قارىدى. قاسىمجان ئېغىر بىر تىنىدى-دە، جاۋاپقا ئېغىز ئاچتى:

— سىڭلىم، تەلىۋىڭىز ئورۇنلۇق، قوشۇندىكىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىمۇ سىزدەكلا خىلمۇ-خىل كۈلپەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەچكە بۇ ئىنقىلاپقا قاتناشقان. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، سىزنى قوشۇنغا شەرتسىز قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن بىز ھازىر ئىلگىرىكىدەك پارتىزان قوشۇن ئەمەس بەلكى، مۇنتىزىم ئارمىيە، قوبۇل قىلىنغۇچىلار تەشكىلىك، پىلانلىق قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز ياش قىز ئىكەنسىز، سىزنى ئۇرۇش ئوتى ئىچىگە سۆرەپ كىرىشكە كۆزىمىز قىيمايدۇ، ئالدىمىزدا يەنە نى-نى ئىشلار بار. ئالدىرىمالڭ، سىز يەنە كېرەك بولۇسىز، سىڭلىم.

ئەتىسى قوشۇن جەڭگىۋار ھالەتكە كىرىپ ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ قوزغالدى. تەرەپ-تەرەپتىن توپلانغان تاغ خەلقى ئۇلارنى قىزغىن ئۇزىتىپ قويدى.

قوشۇننى كۈزىتىۋاتقان ئابباسوف چىلان

تىرۇۋق ئاختىنى ئۆيناقلاتقىنىچە يېتىپ كەل-
گەن لەيلىگۈلنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ رەسمىي
ئۇۋچى قىياپىتىدە ياسانغان، مىلتىغىنى بويى-
نىغا ئاسقان ئىدى.

— پولات! — دەپ چاقىردى قوماند-
دان، — لەيلىگۈل سىز بىلەن كۆشرۈمەكچى
بولسا كېرەك.

— قوماندان، — دىدى پولات قىزارغان
هالدا، — چاقچاق قىلىۋاتامسىز؟ ...

— بىرىلىك! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئۇ بۇ
قېتىم جىددى هالدا، — قىز كۈتۈپ قالدى.

پولات نائىلاج ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ
ئۆزىگە ئۇتلۇق كۆزلىرىنى تىكىپ قاراپ
تۇرغان قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى. يىغىدىن
كۆزلىرى قىزارغان لەيلىگۈل تولىمۇ ئۇماق-
لىشىپ كەتكەن ئىدى.

— سەپىرىڭىز ئاق يوللۇق بولسۇن! —
دىدى قىز گەپنى قىسقا قىلىپ، — بۇ مېنىڭ
سىزگە تۇتۇدىغان ئاددى يوللۇغۇم، مەن
ئۇچۇن ئاتقاچ كېلەرسىز!

يىگىت هاياجان ئىلكىدە تىترىگەن
قوللىرى بىلەن قىز سۇنغان تۈگۈنچەكنى
ئاۋايلاپ ئالدى، تولىمۇ چىرايلىق كەشتىلەن-
گەن ئىپەك قول ياغلىقتا ئەسىرلەردىن قولغا
چۈشۈرۈلگەن 6 شازا مائۇزىر ئوقى ئورال-
غان ئىدى.

— يوللىغىڭىز تېنىمگە كۈچ - مادار بولۇ-
دۇ، — دىدى پولات، — تاپشۇرۇغىڭىزنى بىجان-
دىل ئورۇنلايمەن!

ئۇ ئوقنى ياغلىقتا قايتىدىن ئوراپ لەۋ-
لىرىگە تەككۈزدى - دە، ئاندىن قوينىغا سال-
دى ۋە ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ ئويناقلىتىپ
چاپتۇرغىنىچە ئۇزاپ كەتكەن قوشۇن ئار-
قىسىدىن يۈرۈپ كەتتى.

## قىممەتلىك ئامانەت

ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. هاۋا
خېلىلا سوۋۇپ كەتكەن، دەل - دەرەخلەرنىڭ
يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ چۈشۈشكە، ئوت -
چۆپلەر قۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. قورغاننىڭ
ئۇستۈنكى تەرەپلىرىدىكى ياپ - يېشىل ئوت -
لاقلاردىن ئەمدىلىكتە ئەسەرمۇ قالمىغان،
ئۇ يەرلەر ئەمدى يۇقىقا قار ئاستىدا قالغان
ئىدى. ئارچا - قارىغايلاردىن باشقا دەل - دە-
رەخلەر يالىڭاچلىنىپ مۈكچىراپ قېلىشقان،
قۇياش نۇرىدا بىللۇردەك چاقناپ تۇرۇدىغان
خانتەڭرىنىڭ هەيۋەتلىك چوققىلىرىمۇ ئەمدى
لەيلىشىپ يۈرگەن قارا بۇلۇت - تۇمانلارنىڭ
ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالغان ئىدى. ئومۇمەن،
يېشىللىقى، ئاۋاتلىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىد-
گە تارتىپ تۇرۇدىغان بۇ جاي مانا ئەمدى
چۆللىشىپ قالغان ئىدى، چېكىنىپ كېتىپ
بارغان مىللى ئارمىيە جەنۇبىي يۆنۈلۈش قى-
سىم جەڭچىلىرىنىڭ چىرايىغا ئوخشاش قاي-
غۇلۇق ئىدى.

جەنۇبىي يۆنۈلۈش قىسىم گومىنداڭ-
نىڭ مۇستەهكەم ئۇۋىسى — ئاقسۇنى مۇۋەپپە-
قىيەتلىك مۇهاسىرە قىلىپ، غەلىبىنى قول-
غا كەلتۈرۈشكە ئازلا ۋاقت قالغاندا، قوماند-
دانلىق ئۇشتۇمتۇتلا چېكىنىش بۇيرۇغىنى
چىقاردى. ئاكوپلاردا قان كېچىپ جەڭ قىل-
ۋاتقان جەڭچىلەر بۇيرۇقتا ناهايىتى قىيىن-
دا كۆنۈشتى. ئوفىتسېرلار هەر بىر جەڭ-
چىگە سەۋرلىك بىلەن خىزمەت ئىشلەپ ئۇ-
لارنى ئاكوپتىن ئاران قايتۇرالىدى.

قوماندان - ئوفىتسېرلار غالىبىيەت
قولغا كېلىۋاتقان جەڭنى داۋاملاشتۇرۇشنى
ئويلانمىغانمىدى؟ ئەلۋەتتە ئويلاشقان ئىدى.

ئۇلار يەنە ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەت قاتارلىق چوڭ مەسىلىلەرنىمۇ ئويلاشقان ئىدى.

جەنۇبىي يېڭىلۇش قىسىملىرىنىڭ ئادەم سانى كەلگەن ۋاقىتىدىكىدىن 10 ھەسسە كۆپەيگەن ئىدى. يەنە ئۇلارغا گومىنداڭنىڭ ئاسارىتىدە قېلىشنى خالىمىغان تەرەققىيپەرۋەر زىيالىلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچى-دىخان ياشلىرى توپ-توپ بولۇپ قوشۇلماقتا ئىدى. مۇزات تاغلىق رايونىغا كەلگەندە ئازات رايونغا چىقىپ كېتىدىغانلارنىڭ سانى ئىككى مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

×

پولاتنىڭ غەلىبە خەۋىرى ئېلىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تاقەتسىز بولغان لەيلىگۈلگە چېكىنىش خەۋىرى تولىمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى. بولۇپمۇ پولاتنىڭ ئېغىر يارىدار بولۇپ قايتىشى قىزنىڭ يۈرىكىنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك بولدى.

قىسىم قورغاندا قىسقىغىنە توختاپ، مۇز داۋانىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ تەييارلىقىنى ئىشلەۋاتقىنىدا لەيلىگۈل دادىسى بىلەن ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. لەيلىگۈل پولات قاتارلىق يارىدارلار جايلاشتۇرۇلغان بۆلۈمگە كىرىپ كەلگىنىدە ئابباسوف باشلىق رەھبەرلەر شۇ يەردە ئىدى.

— كېلىڭ، لەيلىگۈل. — دىدى ئابباسوف، — ئوبدان تۇرغانسىز؟

— نۇرىكا، ئۆزلىرىچۇ؟

— تېچلىق! — دەپ سوغاقىراق جاۋاپ بەردى قىز ئەلەم بىلەن ۋە قوماندانغا تەنە ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويدى.

سەزگۈر قوماندان قىزنىڭ چېكىنىشكە بولغان نارازىلىقىنى سەزدى-دە، خىجالەت بولۇپ يانغا قارىۋالدى.

قىز كارۋاتتا ياتقان پولاتنىڭ قېشىغا ئاستاغىنە يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىدىلا ئوچۇق قالدۇرۇلۇپ، ئورالغان داكىلار قىپقىزىل قان داغلىرى بىلەن قېتىشىپ كەتكەن ئىدى. پولاتنىڭ يارىسى يالغۇز بىشىدىلا ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ بەل، پۇتىنىمۇ ئوق تېشىپ ئۆتكەن ئىدى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، يۈز سۆڭەكلىرى پولتىيىپ چىققان، لەۋلىرى گەزلىشىپ، چىرايى تاتارغان بولۇپ، ئاۋالقى گەۋدىلىك يىگىت ئەمدى كىچىك بالىدەك بىر تېرە، بىر ئۇستىخانغا ئايلانغان ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى مۇھاسىرە جەڭلىرىدە قانچىلىك پىداكارلىق كۆرسەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. چېكىنىش تۇيۇقسىز باشلىنىپ، جىددى ھەربى يۈرۈش بولۇۋاتقانلىغى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، تۈزۈك-رەك تىببى ياردەم بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا پولاتنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلىگەن، ئۇ ھامان ھۇشسىز ھالدا جۆيلۈيتتى. لەيلىگۈل كارۋاتنىڭ بۇرجىكىگە ئاۋايلاپ ئولتۇردى-دە، ئالقانلىرىنى پولاتنىڭ قانلىق داكىلار بىلەن ئورالغان پېشانىسىگە قويدى. ئاندىن يۇمشاق بارماقلىرى بىلەن پولاتنىڭ يۈزىنى سىلاپ:

— پولات ئاكا، مەن لەيلىگۈل، داداممۇ بىللە كەلدى، — دىدى.

پولات ھۇشسىز ياتاتتى، بىر ئازدىن كېيىن ئۇ مادارسىز ھالدا بىلىنەر-بىلىنمەس قىلىپ:

— سۇ! سۇ! — دىدى.

لەيلىگۈل سانتار ئۇزاتقان، سۇۋۇتۇلغان قايناقسۇ قاچىلانغان سۇدانىنىڭ ئاغزىنى ئاۋايلىغان ھالدا پولاتنىڭ گەز باغلاپ، قېتىشىپ كەتكەن لەۋلىرىگە تەككۈزدى. پولاتنىڭ بوغىدىيەكلىرىدىنىڭ «غۇرت-غۇرت» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ مىدىرلاشلىرىدىن ئۇنىڭ سۇنى تولىمۇ قىيىندا يۇتۇۋاتقانلىغىنى

بىلگىلى بولاتتى. بىرھازادىن كېيىن ئۇ ئاستا كۆزىنى ئاچتى ۋە نىمدۇر دېگەندەك لېۋىنى مىدىرلاتتى.

پولات گويا بىرەر نەرسىنى ئىزلىگەندەك ئاستاغىنە قىمىرلىدى. ھوشيار سانىتار دەرھاللا پولاتنىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىدا ئېسىغلىق تۇرغان، ئۇ ھەممىشەم يېنىدىن ئايرىمايدىغان خۇرۇم تاشلىق سومكىسىنى ئاختۇرۇپ، قىپ ـ قىزىل قانغا بويالغان بىر بولاقنى ئالدى ـ دە، لەيلىگۈلگە ئۇزاتتى. لەيلىگۈل ئۆزى يۇللۇق تۇتقان ياغلىقىنى تونۇدى ـ دە، ھاياجان بىلەن يېشىپ قاراپ «ئاھ!» دېگىنىچە بولاقنى كۆكرىكىگە تاقىدى، بولاقتا ئۆزى يۇلۇق قىلغان ئوقلارنىڭ قۇرۇق شازىلىرى بار ئىدى. قىزنىڭ كۆزلىرىدىن تامچىلىغان ياش بولاقنى ھۆللىدى... پولات يەنە ھوشىدىن كەتتى.

— قوماندان، — دېدى لەيلىگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ، — مېنى بۇ يارىدار جەڭچىلەرگە قاراشقا قوبۇل قىلىڭ. سىلەردىن ئايرىلىپ ئەمدى بۇ يەردە بىزگە قىلىدىغان ئىش يوق. سىلەر كەتسەڭلار گومىنداڭچىلار بىزدىن ياۋۇزلۇق بىلەن ئۆچ ئالماي قالمايدۇ. ئەمدى ئاتا ـ بالا ئىككىمىزنى قوبۇل قىلارسىز؟

ئابباسوف قىزغا يالت قىلىپ قاراپ قويدى ـ دە، كەسكىن قىلىپ:

— قوبۇل قىلىمىز! — دېدى.

×

قوشۇن چېكىنىش سەپىرىنى تولىمۇ قىيىندا داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ قورغاندىن قوزغالغىنىغا ئۈچ كۈن بولغان بولسىمۇ تېخىچە مۇز داۋانغا يېتىپ كېلەلمىدى. دۈشمەن قوشۇنلىرى ھە دېگەندىلا ئىز بېسىپ قوغلاپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. يارىدارلارنى ئېلىپ مېڭىش تېخىمۇ قىيىنغا چۈشتى. يارىدارلارنىڭ مېڭىش ئىمكانىيىتىلا بولغانلىرى بىر ئامال قىلىپ مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. ئابباسوف يارىدارلار بىلەن، قاسىمجان، سوپاخۇنلار قىسمىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە جەڭچىلەر بىلەن بىللە ئىدى.

بىر قېتىم پولات ھوشىغا كېلىپ، قوماندان ئابباسوفنىڭ ئۆزىنى نوسىلكىدا كۆتىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، پۈتۈن قىسىمدىكى جەڭچىلەرنىڭ يارىدارلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ، ئىلگىرى يۈرەلمەيۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ، ئابباسوفتىن ئۆزىنى ئېتىپ تاشلاپ، ئالغا ئىلگىرىلەۋېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئابباسوف ئۈندىمەستىن نوسىلكىنى ئىككى قولى بىلەن باش ئۈستىگە ئېلىپ كۆتىرىپ ماڭدى. جەڭچىلەر ھۆكىرىشىپ يىغلاشقان ھالدا نوسىلكىنى قوماندانىدىن تالىشىپ ئېلىپ خېلى يەرگىچە باش ئۈستىدە كۆتىرىپ ماڭدى.

ئېگىزلىككە كۆتىرىلگەنسېرى ھاۋا شالاڭ ھەم سوغاق بولغانلىقتىن، يارىدارلارنىڭ بولۇپمۇ پولات قاتارلىق ئۈچ يارىدارنىڭ ھالى ناچارلىشىشقا تۇردى.

— قوماندان، — دېدى لەيلىگۈل سازلىق بىلەن قۇم كۆل ئارىلىقىغا كەلگەندە نوسىلكىنى قويۇپ تۇرۇپ، — ئەمدى بولمىدى، بۇ ئۈچ يارىدارنى مۇشۇ تاغ ئىچىدە ئاتا ـ بالا ئىككىمىزگە قالدۇرۇپ كېتىڭلار. بىز يەرلىك، بىزگە ھەممە يەر تونۇش، سول تەرەپتىكى بۇ غولنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر غار بار. ئەتراپى قارىغايلىق. ئېقىن سۈيىمۇ بار. ياۋايى ھايۋانلىرىمۇ كۆپ. زۆرۈر تېپىلسا، مەھەللىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، يارىدارلارنى جەزمەن ياخشى ئاسرايمىز، ئۇلار ياخشى بولغاندا ئارقاڭلاردىن يېتىشەيلى.

— شۇنداق قىلايلى، ئوغلۇم. — دېدى نۇرپاۋانمۇ قىزنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ.

ئاباسوفمۇ بۇ ئەقىللىق باتۇر قىزغا ئۇزاقىچە تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ قەھرىمانلىق خىسلەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بۇ گۈزەل قىزنىڭ ئۆزى تونۇشقاندىن بۇيانقى قىزغىن ياردىمىنى، ئازاتلىق كۈرىشىگە بىلدۈرگەن قىزغىن مېھرى-مۇھەببىتىنى خاتىرىسىدىن بىرمۇ-بىر ئۆتكۈزدى.

— سىڭلىم، — دېدى ئاباسوف هاياجاندىن بوغۇلغان هالدا، — پىكرىڭىز ئورۇنلۇق، بولىدۇ. بۇ ئۈچ جەڭچىنى سىلەرگە قالدۇرايلى. ئەسكەرتىپ قويايكى، بۇ كىشىلەر خەلقىنىڭ سادىق-پىداكار ئوغلانلىرى، سىلەر ئۈچۈن قىممەتلىك ئامانەت، بىز سىلەرگە ئىشىنىمىز. ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلاپ، ئامانەتنى خەلقىڭلارغا سالامەت تاپشۇرساڭلار، خەلق سىلەرنى تارىخنىڭ شەرەپلىك تۆرىگە ئولتۇرغۇزىدۇ. مۇبادا ئورۇندىيالمىساڭلار ۋە ياكى دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويساڭلار، ئۇ چاغدا .....

ئاباسوف قىزنىڭ كۆڭلىنى ئاياش يۈزىسىدىن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمىدى.

— ئۇ چاغدا، — دېدى سەزگۈر قىز ئۆزى جاۋاپ بېرىپ تۇرۇپ: — خەلق نەپرىتىنىڭ سىرتمىقى بويىنىمىزغا چۈشىدۇ.

## قامال

لەيلىگۈل ئەتىگەندىن بېرى دادىسى ۋە مۇھاپىزەتچى رازىق بىلەن غارنىڭ ئاغزىنى تاشتا ئېتىپ ئاراش قالغان يەرلىرىنى ئارتۇق ئەدىيال ۋە ئۆۋلانغان هايۋان تېرىلىرى بىلەن توسىقان بولسىمۇ، ئىككى كۈندىن بېرى شىددەت بىلەن چىقىۋاتقان شىۋىرغاننىڭ مۇدھىش سوغىنى توساشقا ئاجىز كەلدى. يېقىلغان گۈلخانمۇ غار ئىچىنى تازا ئىسسىتىپ كېتەلمەيۋاتاتتى.

پولات باشلىق ياردارلار غارنىڭ قولايلىق يەرلىرىدە، ئەدىيال ۋە ئۆۋلانغان هايۋان تېرىلىرىدىن قىلىنغان چۈشەكتە يېتىشاتتى.

مانا قوشۇن مۇز داۋاندىن هالقىپ ئۆتۈپ كەتكىلى 15 كۈنمۇ بولۇپ قالدى. لەيلىگۈل ۋە نۇرىكاملار ياردارلاردىن ئوبدان-خەۋەر ئالدى. ئوتتۇن-ياغاچ غارنىڭ ئالدىدا، گۆش تاغدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىسىم بىر تال 5 ئاتار مىلتىق، هەر بىر كىشىگە بىردىن مائوزىر، دىكتار ئاپتومات، يېتەرلىك ئوق-دورا، ئاش-ئوزۇق، ئەسۋاپ-سايمان قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. سەپەر ئۈستىدە تۈزۈكرەك ئارام ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان ياردارلار قىسقىغىنا 15 كۈن ئىچىدە خېلى ئوبدان بولۇپ قالدى. پولاتتىن باشقىلىرى ماڭالايدىغان بولدى.

— مەھەللىنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلىشىپتۇ، — دېدى بىر كۈنى نۇرىكام سىرتتىن تىنىڭ-تىنىڭلاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇز قېتىپ كەتكەن چورۇغىنى ئوتقا قاخلاپ تۇرۇپ، — گومىنداڭ قورغانىغا بىر يىڭ ئەسكەر چىقارتىپتۇ. بۇنىڭغا ھېلىقى قان ئىچەر يەن فۇگۇەن باش ئىكەن. «ئىلى ئوغرىلىرىغا ياردەم بەرگەن» دەپ، بىگۇنا كىشىلەرنى قىرغىن قىلغىلى تۇرۇپتۇ. هازىرچە مۇزات داۋىنىنىڭ تۈۋىدىكى قاراۋۇلخانىدا ئەسكەر يوق ئىكەن. ئاز كۈن ئۆتمەي ئۇ يەرگىمۇ ئەسكەر چىقارتىمدۇ. ئۇ چاغدا بىز ئالدى-ئارقىمىزدىن قاپسىلىپ قالارمىزمىكىن؟

— قامال، — دەپ تەكرارلىدى لەيلىگۈل ئەلەم بىلەن ۋە يارىدار جەڭچىلەرگە قىيا قاراپ قويىدى، — دادا، كېلەر يىل ئەتىيازغىچە بەرداشلىق بەرگىلى بولماسمۇ؟

— مۇز داۋاننىڭ ئەڭ سوغاق - شىۋىرغان پەيتى دەل ئەتىياز پەسلىدە بولىدۇ. تاكى 5 - ئاي ئاخىرلاشمىغىچە داۋان يولى ئېچىلمايدۇ. يەنە بىر ئايدىن كېيىن داۋاندىن ئۇچار - قۇشمۇ ئۆتەلمەيدۇ. يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىن چىدىغىلىمۇ بولار، لېكىن دۈشمەن ئورنىمىزنى بىلىپ قالسىچۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىرتلارغا چىقىپ، مىلتىق ئېتىپ تۇرۇمىز. هازىر داۋاندىن ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ياخشى پەيتى.

— مۇشۇ بىر - ئىككى كۈندىن قالماي قوزغالساق دەملا؟

— ھەئە.

— يارىدارلارچۇ؟ ئاباسوفنىڭ دىگەنلىرى ئېسىلىرىدىمۇ؟

— ئېسىمدە، — دىدى ئېغىر خورسىنىپ نۇرپاۋان، — مەنمۇ شۇ غەم بىلەن، قىزىم. — ئۇ بىر پەس شوكلەپ تۇرۇپ كەتتى، — ماقۇل، قىزىم. سەن دىگەندەك ئەتىيازنى كۈتەيلى.

— لەيلىگۈل، — دەپ چاقىردى پولات زورۇققان ئاۋاز بىلەن، — مەن، نۇردكامىنىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق دەپ قارايمەن. ئۇ كۆپنى كۆرگەن، ئۇنىڭ ئېيتقىنى ئورۇنلۇق.

گۈلخانغا ھەممىدىن يېقىن ياتقان پولات ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ ھەممە گەپلەرنى ئاڭلاپ ياتقان ئىدى.

قىز ھەيران بولۇپ، يىگىتنىڭ قېشىغا كەلدى - دە، مۇلايىملىق بىلەن:

— سىلەر تېخى دەرمانغا كىرىپ بولالمىغان تۇرساڭلار، — دىدى.

— كىم شۇنداق دەيدۇ، هازىر خېلى ئوبدان كۈچ - ماغدۇرغا كېلىپ قالدۇق. ئۆمىلەپ بولسىمۇ ئۆتۈپ كېتەلەيمىز. بىزنىڭ داۋاندىن مۇشۇ پەيتتە ئۆتۈۋالغىنىمىز ياخشى.

— قاراملىق قىلىشقا بولمايدۇ، پولات ئاكا!

— بۇ، مېنىڭ بۇيرۇغۇم، — دىدى پولات بىر ئاز جىددىيلىشىپ، — بويسۇنۇشىڭىز كېرەك.

— قوماندانلىق سىلەرنى بىزگە تاپشۇرغان، بۇ يەردە بىز باشلىق.

— لەيلىگۈل، — دىدى پولات ئىلاجسىز ھالدا يۇمشاپ، — گەپكە كۆنۈڭ، نۇردكامىنىڭ گېپى راستىنلا ئورۇنلۇق. كېيىن قالساق چاتاق چىقىشى مۇمكىن. ئەمىلىي ئەھۋال بويىچە ئىش قىلغىنىمىز تۈزۈك.

پولاتنىڭ كېيىنكى سۆزى لەيلىگۈلنى يۇمشاتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ بىر تۈپ كىشىلەر سەپەر پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن گۈلخان ئالدىغا توپلىنىشتى ۋە ئاخىرىدا بۈگۈنلا يۈرۈپ كېتىشنى قارار قىلىشتى.

— ئانداق بولسا، — دىدى نۇرپاۋان ئورنىدىن تۇرۇپ، — قاراۋۇلخانا تەرەپنى تىڭ - تىڭلاپ كېلەي. ئىمكان بار قاراڭغۇ چۈشكەندىرەك ماڭغىنىمىز تۈزۈك.

— دادا، — دىدى لەيلىگۈل كۆڭلى ئۈيىغاندەك قىلىپ، — بارمىسىلا بولارمىكىن.

— خاتىرجەم بولغىن، قىزىم. تاغنى بەش قولدەك بىلىمەن. خۇدا ئامان قىلسا، چوقۇم قايتىپ كېلىمەن.

— دادا ... — دەپ توختاپ قالدى قىز ئەۋەتكىسى كەلمىگەندەك قىلىپ، لېكىن كىملا بولمىسۇن بىرسى قايتا تىڭ - تىڭلاپ كەلمەي بولمايتتى، كىم بارىدۇ؟ دەرۋەقە، دادىسىدىن مۇناسىپراق كىشىمۇ يوق ئىدى.

قىز ئىلاجىسىز دادىسىنىڭ بېرىشىغا قوشۇلدى.

— مۇبادا، ھازىر قاراۋۇلخانىنى دۈشمەنلەر ئىگەللىگەن بولسىچۇ؟ داۋاندىن ئايلىنىپ ئۆتۈدىغان بۇنىڭدىن باشقا يولىمۇ بارمۇ، دادا؟ قىز بۇ سوئالنى ھەر ئېھتىمالغا قارشى سورىغان ئىدى.

— بار، قىزىم. — دەپ جاۋاپ بەردى نۇرپاۋان قىزىنىڭ سەزگۈرلىگىگە قايىل بولغان ھالدا، — ئۇزاقى يىلى، ياردار ئارقارنى قوغلىشىپ، بىر جىلغا بىلەن داۋاننىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالغىنىمىز ئېسىڭدىمۇ؟ ئاشۇ يول مۇشۇ غارنىڭ ئارقىسىغا كېلىدۇ. لېكىن بەك خەتەرلىك، كۈندۈزى ماڭمىسا بولمايدۇ.

قىز خوشال بولۇپ كەتتى.

## ئازات رايونغا سەپەر

دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ ئاتقان ئوقى لەيلىگۈل دالىدا قىلىپ تۇرغان يوغان چوخماق مۇزنىڭ بىر بۇرجىگىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. سوغاق مۇز پارچىلىرى، قىزنىڭ گەجگىسىدىن ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ پەسەنت قىلماي غەزەپ بىلەن ئوق ئۈزۈۋەردى، ھىلىقى نىجىسنىڭ مىڭىسىنى چۇۋۇپ تاشلىدى. جەسەت ياندىكى چوڭقۇر مۇز يېرىقىغا چۈشۈپ كەتتى.

دۈشمەنلەر ئىلگىرىكىدەك تېپىلىشىپ ئوق ياغدۇرمايتتى. ئەمدى ئۇلار تار داۋان يولىدىكى تاش-مۇزلارنى تۇرۇپ دالدا قىلىپ، قارىنى كۆرۈپ ئوق ئۈزەتتى. لەيلىگۈل بۇنىڭدىن دۈشمەننىڭ ئادەم ۋە ئوق-دورا جەھەتتە ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىغانلىغىنى، ئارقا سەپتىن ياردەمسىز قالغانلىغىنى چۈشەندى. بۇ، ئۆزلىرى ئۈچۈن تازىمۇ قولايلىق پۇرسەت ئىدى. شۇڭغىچە ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كېتىپ قالماسلىقنى تىلەيتتى. بۇ ئۆلۈمدىن قورققانلىغى ئەمەس. ياردارلارنى ئازات رايونلارغا سالامەت ئۆتكۈزۈپ، قوماندانلىق ئالدىدا بەرگەن ۋەدىسىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئىدى.

دۇنيادىكى ئەڭ قەدىرلىك كىشىسى — دادىسى نۇرپاۋاننىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى قىزغا ئۆلۈمنىمۇ پەسەنت قىلمايدىغان ئاجايىپ قەيسەرلىك بېغىشلىغان ئىدى.

نۇرپاۋان كۆرۈشكە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، غاردا قالغانلار قارار بويىچە ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ، يۈرۈشكە تەييارلاندى. نامازدىگەر مەزگىلىدە غار ئاغزىدا ئۇشتۇمتۇت دۈشمەنلەر پەيدا بولدى. ئۇلار باش-كۆزى قانغا بويالغان، چەمبەرچەس باغلانغان نۇرپاۋاننى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

— ئاھ، بىچارە دادام! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى قىز تاقەت قىلالماي ۋە ئاپتوماتنى ئېلىپ سىرتقا ئېتىلدى. ئەگەر مۇھاپىزەتچى چاققانلىق بىلەن تۇتۇپ ئالمىغىنىدا نېمە ھادىسىلەر يۈز بېرەر ئىدىكىن؟

نۇرسكام، داۋان قاراۋۇلخانىسىغا ماڭىدىغان يول ئاغزىدىلا، قاراۋۇلخانىنى ئىگەللەش ئۈچۈن كېتىۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا دۇچ كېلىپ قولغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. دۈشمەنلەر نۇرپاۋاننى كۆپ قىيىن قىستاققا ئالغان ئەمما بوۋاينىڭ ئاغزىدىن ھېچنەرسىگە ئىگە بولالمىغان. شۇنداق بولسىمۇ گۇمان بىلەن ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ ئاخىرى بۇ يەرگە كېلىشكەن ئىدى.

— جېنىم دادام، شەپقەتچىم، كۆز نۇرۇم، مېھرىۋانىم!...

قىزنىڭ زارى ھەممىسىنىڭ يۈرىگىگە تەككەنلىكتىن، غار ئىچىنى ئېغىر جىمجىتلىق قاپلىدى. ھەممەيلەن بۇنداق بولۇشىنى كۈتمىگەن ئىدى. ھەممەيلەننىڭ نۇرپاۋانغا كەلگەن بۇ قىسمەت ئۈچۈن يۈرىگى ئېچىشىپ

AltunOq

كېتىپ باراتتى. ئەمدى يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ ئېتىشماقتىن باشقا چارە قالمىدى.

— ئەھۋال ئۈشتۈمتۇت ئۆزگەردى، — دىدى پولات تەمكىنلىك بىلەن غاردىكىلەرگە قاراپ، — ئاخىرقى تامچە قېنىمىز قالغىچە جەڭ قىلايلى. ھەرگىز تىرىك قولغا چۈشمەيلى. بولالمىغاندا بىر يەرگە يىغىلىپ قورال - ياراقلىرىمىز بىلەن بىللە، گىراناتنى پارتلىتىپ قۇربان بولايلى. لەيلىگۈل، ناھايىتى سەۋرلىك، ئىرادىلىك بولۇڭ، نۇردكامنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوقلۇقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار بىزنى تىرىك تەسلىم قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق ياۋۇز ئۇسۇلنى قوللانغان، قەتئىي بەرداشلىق بېرەيلى!

— ھەي، ئىللى ئوغرىلىرى! — دەپ ۋاقىردى بىر ئەسكەر تۇمشۇقىنى سوزۇپ، — قامالدا قېلىشتىڭ، تەسلىم بولۇش، ئەگەر تەسلىم بولۇشمىساڭ...

ئەسكەر غاردىن جاۋاپ چىقمىغاندىن كېيىن يەنە ۋاقىراشقا باشلىدى:

— ھەي لەيلىگۈل! داداڭغا ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ؟ تەسلىم بولۇشمىساڭ داداڭنى ئەڭ قىيىن ئازاپ بىلەن ئۆلتۈرۈمىز!

لەيلىگۈلنىڭ بارمىقى ئىختىيارسىز ئاپتوماتنىڭ چاقمىقىغا تېگىپ كەتتى - دە، تا - تاتلىغان ئوق ئاۋازى پۈتۈن جىلغا ئىچىنى ياڭرىتىۋەتتى. ھىلىقى ئەسكەر كەينىگە ئۇچۇپ كەتتى.

— ئېتىڭلار!

دۈشمەن ئوفىتسېرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شىددەتلىك ئوق يامغۇرى يېغىشقا باشلىدى. پولات باشلىق ياردارلارمۇ بىمارلىقىنى ئۇنتۇپ، دۈشمەنگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنىڭ كۈچى بىلەن ئاپتوماتلاردىن ئوق ياغدۇردى.

لەيلىگۈلنىڭ كۆزى تويۇقسىزلا ئەسكەرلەر ئارىسىدا غىل - پاللا كۆرۈنگەن يەن چىمەنگە چۈشۈپ قالدى - دە، قەلبىدە قىساس ئوتى يالقۇنجاپ كەتتى. ئۇ يەن چىمەنگنى نىشانغا ئېلىشقا تىرىشاتتى، لېكىن ئۇ ھىلىگەر ئەبلەخ ئۆزى ئالدىغا چىقماي، يوشۇرۇنغان ھالدا قوماندانلىق قىلاتتى.

ئوق ئاۋازلىرى خانتەڭرى باغرىنى زىل - زىلىگە كەلتۈردى. ئېتىشىش بىر سائەتكە سوزۇلدى. كۈن ئولتۇراي دەپ قالغان ئىدى. ئاخىرى دۈشمەنلەر بەرداشلىق بېرەلمەي 15 چە ئۆلۈكىنى قالدۇرۇپ، غار ئاغزىدىن 100 مېتىرچە نېرىغا — يانتۇلۇقتىكى قىيىنزارلىققا چېكىندى. غاردىكىلەرگە كۆرۈنگۈدەك ئۇلۇغ قىلىپ گۈلخان ياقتى. نۇرپاۋاننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— تەسلىم بولۇشامسەن - يوق؟ تەسلىم بولۇشمىساڭ، بۇ ئادىمىڭنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىمىز! — دەپ ۋاقىردى.

غاردىكىلەر دۈشمەنلەرنىڭ نىيىتىنى چۈشىنىپ تۇرالماي قېلىشتى. ھەممەيلەن لەيلىگۈلگە قاراشتى، لەيلىگۈلنىڭ سۇرلۇك مەڭزىلىرىدە ياش تامچىلىرى يالتىرىدى. شۇ چاغدا نۇرپاگاننىڭ: «جېنىم قىزىم، ھەرگىز تەسلىم بولماڭلار! ھالىمدىن يۈرىگىڭ ئېزىلمىسۇن، نومۇس - ئارىمىزنى ساقلايلى، ئاخىرىغىچە ئېلىشىڭلار، مېنى ئېتىپ تاشلاڭلار» دىگەن ئايانچلىق ئاۋازى يېتىپ كەلدى. نۇرپاۋاننىڭ دۈشمەن قولىدا ئۆلۈشنى خالىمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. باشقا ئىلاج يوقلۇقىنى چۈشەندى - دە، قەھرى - غەزەپ بىلەن گۈلخاننى نىشانغا ئېلىپ ئوق ياغدۇردى. رەزىل دۈشمەنلەر ئوق زەربىدىن يىقىلغان نۇرپاۋاننىڭ جەسىدىنى غالجىرلىق بىلەن گۈلخاننىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىدى... ئېتىشىش ئەل ياتقۇغا قەدەر داۋاملىشىپ. ئاندىن

دۈشمەن تۇيۇقسىز جىمىپ قالدى. جەڭچىلەر دۈشمەنلەرنىڭ قاراۋۇلخانىغا قاراپ چېكىنگەنلىكىنى بايقاپ قېلىشتى. مانا تاڭمۇ سۈزۈلۈپ قالدى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدى پولات لەيلىگۈلگە. لەيلىگۈل ئاجايىپ چىدام بىلەن ئۆزىنى بېسىۋالدى-دە، قەتئىيلىك بىلەن:

— ئاخىرىغىچە ئېلىشىمىز، غارنىڭ ئارقا ئېغىزى بىلەن تۇنۇگۈن كۆرۈپ كەلگەن يولغا چېقايلى، رازىق، سىز يولداشلارنى باشلاپ مېڭىڭ، مەن مۇداپىئە قىلىپ يېتىشىپ ماڭىمەن، — دېدى.

×

لەيلىگۈل دۈشمەنلەرنىڭ يارىدىمىسىز، پەرىشان ۋەزىيىتىدىن پايدىلانماقچى بولدى-دە، مەڭگۈنۈپ تۇرغان ئورنىدىن ئۆمىلەپ رازىقنىڭ قېشىغا كەلدى. پولات باشلىق يارىدارلارمۇ ئاپتوماتلىرىنى قوللىرىدا چىڭ تۇتۇشقىنىچە داۋان يولىنىڭ بىر تەرىپىدىكى مۇز ئۆڭكۈرىدە توپلىنىپ تۇرۇشقان ئىدى. قىز ھەممەيلەن ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ۋەزىيەتنى چۈشەندۈردى. ماڭالايدىغان كىشىلەرنى رازىقنىڭ مۇھاپىزىتىدە، پولاتنى نوسۇلكا بىلەن ئېلىپ مېڭىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

— سىزچۇ؟ — دەپ سورىدى رازىق، — سىز يارىدارلار بىلەن مېڭىڭ، مەن مۇداپىئە قىلاي.

— ئەزمىلىك قىلماي، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىڭ! نېمىگە قاراپ تۇرۇسىز؟

رازىق لەيلىگۈلنىڭ چىرايىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى-دە، ئارقىسىغا بىر-ئىككى قەدەم داجىدى. قىزنىڭ چىرايى ئاجايىپ سۈرلۈك تۈس ئالغان كۆزلىرى ئارسلاننىڭكىدەك چاقناپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئاپتوماتىنىڭ ئاغزى دەل رازىقنىڭ يۈرىكىگە توغرىلانغان ئىدى.

— بۇيرۇققا بويسۇنۇڭ! — دېدى زەئىپ ئاۋاز بىلەن پولات، رازىقنى كۆندۈرۈپ.

ئۇلار ئۆزلىرىدىكى ئارتۇق ئوق گىراناتلارنىڭ ھەممىسىنى قىزغا قالدۇرۇشتى.

— خەير، ئاق يول تىلەيمەن! — دېدى لەيلىگۈل جەڭچىلەرگە قاراپ، ئاندىن پولاتنىڭ قېشىغا كەلدى. جاراھەت ئازاۋىدىن كۆپ قىينالغان، لېكىن ھاياتىي ئىشەنچىسى پارلاپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىگە قارىغىنىچە ئۇنىڭ ئورۇق قوللىرىنى تۇتتى.

— خوش، ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز، مۇبادا...

پولات لەيلىگۈلنىڭ ئالقانلىرىدىن چىقىۋاتقان ھارارەتنىڭ بەدىنىگە ئۆتۈشۈپ، ئاجايىپ كۈچلۈك بىر يالقۇنغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. سۆز قىلماقچى بولسىمۇ يۈرىكىدە ئۇرغۇپ تۇرغان قايناق ھېسسىياتىنىڭ تەسىرىدىن تىلى سۆزگە كەلمەي قالدى. ئۇ ئورۇق قوللىرى بىلەن قىزنىڭ يالقۇنلۇق قوللىرىنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە قىزنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەمدى لەيلىگۈل ئەمەس، لەيلىگۈل ئىسىملىك بىر ئىلاھىي تاغ پەرىسى تۇراتتى. ئۇنىڭ ھاياتقا خوشاللىق بېغىشلايدىغان يۈزلىرى ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەن ھاياتلىق ئۇچقۇن شىرىن سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرىنى چېچىپ تۇرۇۋدىغان كۆزلىرى، قەھرلىك چاقنىغان زىلۋا گەۋدىسى، ئاپپاق قىروداپ كۈن نۇرىدا يۇلتۇزدەك جىمىرلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى ئاپپاقلىقىنا مۇز ئادەمدەك ھەيۋەت سىماسى خۇددى خانتەڭرى چوققىسىغا ئوخشاپ كەتكەن ئىدى.

— خانتەڭرى قىزى، — دەپ پىچىرلىدى پولات ھاياجان بىلەن، خەير، بىز

چىۋقۇم بەخت ـ شاتلىق ئىچىدە كۆرۈشىمىز.

قىزنىڭ يۈزىدە ئاجايىپ نازاكەتلىك ئىللىق كۈلۈمسىرەش ئىپادىلەندى.

قىز ئاۋالقى ئورنىغا ئۆمىلەپ كەلگەنىچە ئاپتۇمات گىراناتىلارنى تەق قىلىپ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان مۇزغا كۆكرىگىنى تىرىدى. «ئۆلۈپ كەتسەم — دەپ ئويلىدى ئۇ، — دۈشمەن خورلىمىسۇن، جان تالاشقىچە مۇز قېتىغا — هاڭغا ئۆزەمنى ئاتاي، خانتەڭرى مۇزلۇقلىرىدا تۇغۇلدۇم، خانتەڭرى مۇزلۇقلىرىنىڭ قېتىدا ياتاي!» ئۇ هاڭغا يېقىنراق سۈرۈلدى. دۈشمەننىڭ ئوقى يەنە ئۇ پانالىنىۋاتقان مۇزنى ئۇچۇرۇپ تاشلىدى. جاۋاپ ئوق بىلەن يەنە بىر دۈشمەن هاڭغا ئاغدۇرۇلدى. شۇنداق ئىتىشا ـ ئىتىشا دۈشمەن تەرەپ بىر هازا جىمىپ قالدى. «ئەجىبا دۈشمەن چېكىندىمۇ ياكى بۇ هىلىمۇ؟» قىز ئۇيان ـ بۇيېنىغا قاراپ ئۆزىدىمۇ ئوق ـ دورا گىراناتلارنىڭ ئاخىرلاشقانلىغىنى سىزدى. دەل شۇ چاغدا چوش ۋاقتىنىڭ قۇياشى خانتەڭرى ئۈستىدە كۆتىرىلدى①. باياتىن بېرى سوغاققىنا كۆكىرىپ تۇرغان پايانسىز مۇزلۇقلار ئەمدىلىكتە قۇياشىنىڭ ئالتۇن نۇرىغا چۆمۈلۈپ گۆهەردەك چاقناپ كەتتى. قىز ئارقىسىغا قاراپ ياردىدارلارنىڭ خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنلىگىنى كۆردى ـ دە، مۇشۇ جىمجىتلىق پەيتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئاستا ئورنىدىن تۇراي دەپ تۇرۇشىغا، قارشى تەرەپتىن خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا بىر دۈشمەن ئوفىتسېرىنىڭ گەۋدىسى پەيدا بولدى.

— يەن چىمىك! — سان ـ ساناقسىز بىگۇنا پۇقرالارنىڭ، مېهرىۋان دادىسىنىڭ، خەلق ئازاتلىق ئىنقىلاۋى جەڭچىلىرىنىڭ قاتىلىنى كۆرۈپ قىزنىڭ يۈرىگىدىن نەپرەت، قىساس ئوتلىرى يالقۇنلاپ كەتتى ـ دە، قەددىنى مەردانىلارچە تىك قىلىپ تەييارلاندى. — ئىپلاس قاتىل، كەل قېنى! ...

— لەيلىگۇل، — دىدى يەن فۇگۇەن سوغاقتىن يېرىلغان، گەز باغلاپ، پوستەكلىرى ئۆرلەپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ تۇرۇپ، — خاتا ئويلاپسىز، دادىڭىزنىڭ قاتىلى مەن ئەمەس، مەن كەلگىچە شۇنداق قىلىشىپتۇ. قاتىلنى جازالىدىم. ئەپۇ قىلىڭ ...

بۇ كۆرەك ئوفىتسېرنىڭ شۇ تۇرقى هالى تولىمۇ بىچارە ئىدى، بىر كېچە ـ كۈندۈزلۈك ئېتىشىشلاردىن كېيىن ئۇ مادارىدىن كەتكەندەك قىلاتتى. كىيىملىرى تىتىلغان، چىرايى خۇنۇك، پاگونلىرىنىڭ بىرسى سۆكۈلۈپ ساڭگىلاپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاشكارا قىلىشى نىجاتلىق مۇددىئاسىدىنىمۇ ياكى قىلتاقمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

— ياۋۇز ئىپلاس، مانا ئەمسە!

غەزەپ بىلەن ئېتىلغان تاش ۋىلىڭ قىلغىنىچە ئوفىتسېرنىڭ بۇرنىنى يالاپ هاڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— لەيلىگۇل، رەهىم قىلىڭ، هازىر بۇ يەردە ئىككىمىزدىن بۆلەك ئادىمىزات قالمىدى. راست ئېيتىۋاتىمەن. هەر ئىككىمىزدە ئوقمۇ قالمىدى، هەر ئىككىمىز ئىنسان، ئەپۇ قىلىڭ، بولۇدىغان ئىش بولدى. ئۇرۇش دىگەن شۇنداق بولۇدىكەن. مەن سىزگە ئاشىق. ۋىسالىڭىزدىن مەهرۇم قىلماڭ، مەنمۇ بۇ يىرگىنىچلىك ئەسكىرىي تۇرمۇشتىن بەزدىم. ئىككىمىز بۇ لەنىتى تاغ ئارىسىدىن كېتەيلى. كېيىنكى تۇرمۇشىمىزنى خىلۋەت بىر ماكاندا بىللە ئۆتكۈزەيلى، ئايىم قىز، كېلىڭ! ئۇنىڭ سوزۇلغان يىرگىنىچلىك قولى شۇ پېتى تۇرۇپ قالدى ـ دە، ۋۇجۇدىنى دەهشەت باس-

① تاغ ئارىسىدا قۇياش نۇرى ئۈچ ـ تۆت سائەتلا كۆرۈنىدۇ. باشقا چاغلاردا سەهەر پەيتىدەكلا كۆرۈنىدۇ.



قىنىچە قورقۇنچ ئىچىدە ئارقىسىغا داجىشقا باشلىدى.

لەيلىگۈلنىڭ چىرايى ئىنسان ئەيمەنگۈدەك تۈسكە كىرگەن. چىرايى خانتەڭرى مۇزلىرىدەك كۆكىرىپ كەتكەن ئىدى. قەددى قامىتى ۋە قەھرىلىك كۆزلىرىدىنمۇ سوغاق ئۇچقۇنلار چاچراپ تۇراتتى. قىزنىڭ قولىدىكى خەنجەر قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى.

فۇگۇەننىڭ قورقۇنچىدىن تىلى گەپكە كەلمىدى. چىكىنە-چىكىنە، مىلتىق نەيزىسىنى ئاسمانغا قىلىپ تۇتقىنىچە يىقىلىپ قېتىپ قالغان ئۆز ئەسكىرىنىڭ جەسىدى بار مۇز كارىزىغا ئارقىچە يىقىلدى.

— ئا!...

دەھشەتلىك چىقىراش داۋان ئۈستىنى قاپلاپ كەتتى. دەھشەتلىك ھىڭگىيىپ تىپىرلاپ جان تالىشىۋاتقان مۇردىغا كۆزى چۈشكەن لەيلىگۈلنىڭ تېنى شۈركىنىپ بىر قىسما بولغىنىچە كۆڭلى سەسكىنىپ كەتتى. فۇگۇەن بىر قانچە سېكۇنت نەيزە ئۇچىدا تىپىرلىدى-دە، ئاخىر ئۇنىڭ سالمىقى بىر تەرەپكە قىيشايغىنىچە مىلتىقنى سۆرىگەن پېتى مۇز ئاستىدىكى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى. لەيلىگۈل ئېغىر بىر تىنىدى. ئەمدى تاغ ئىچىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. ئۇ ھەيران بولغان ھالدا ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى.

— ئەلۋىدا يۇرت، — دىدى قىز كۆز ئالدىدىكى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، تۇمان باسقان تۆپىلىك جىلغىلارغا، قار باسقان قارىغاي-ئارچىلارغا، ئۇزاقتىن قارىيىپ، تۇرغان داللارغا قاراپ، — ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز.

ئۇ ئاپتوماتنى قولىغا ئالدى-دە، ئارقىسىغا بۇرۇلدى. تېخى ھېلىلا سەپداشلىرى كەتكەن يولغا — ئازات رايون تەرەپكە قاراپ مەردانە قەدەم باستى.

**1985 - يىل، فۇرال، ئاقسۇ**

# قانچىلىك گۈزەلسەن، ئۇلۇغ ۋەتىنىم!

(سەيلە خاتىرىلىرى)

ئابابەكرى ئەمەت

## تەپەككۇر قۇشلىرىم قىلغاندا پەرۋاز

تەبىئى خەرىتە ئالدىدا مېنىڭ
تۇرۇدۇ، كۆز نۇرۇم قەلبىمگە تۇتاش.
كۆرۈنەر ۋەتىنىم گۈزەل ۋە كۆركەم،
تاڭ پەيتى چىللىغان خورازغا ئوخشاش.

تونۇشتۇر بۇندىكى چوڭ - كىچىك شەھەر،
تاغ، دېڭىز، دەريا، كۆل، سېپىل، قاناللار.
كېزەتتى مىڭەمدە ئۇلۇغ ۋەتەنىنىڭ
قوينىنى بىر كەزسەم دىگەن خىياللار.

هە، ئۇچتۇم مەن بۈگۈن ئاسماندا ئىگىز،
ئاستىمدا ئانا يەر، بىپايان دېڭىز.
تەپەككۇر قۇشلىرىم قىلغاندا پەرۋاز،
قەلبىمدە بەتلەرگە سالماس نىچۈن ئىز؟!

## بۇلۇتلار ئۈستىدە

زىمىندىن ئۆرلىدى كۆككە سامالىيوت،
پەستىلا قېپقالدى مېنى تۇققان يۇرت.

«يول بولسۇن!» دەپ قالدى ئاقباش تەڭ-
رى تاغ،
ياپراقلار چاۋاكتا، كۈلدى كۈر مىڭ باغ.

مەن بىلەن بىللەدۇر يۇرت مۇھەببىتى،
ئاززۇلار جامىدۇر يۈرىگىم قېتى.

بوغدادىن قاناتلار قاقىتان بۈركۈتتەك،
سېزىمەن ئۆزەمنى، تېنىممۇ ئوتتەك.

ئۇچقاندا مەن ئاسمان قەرىدە ئىگىز،
بۇلۇتلار يولۇمدا بولدى ئاق كىگىز...

مەن ئالدىم يادىمغا «ئۇچار گىلەم»نى،
گۆدەكلىك چاغدىكى شاتلىق، ئەلەمنى.

ئۇ چاغلار چۈشۈمدە ئۇچۇپ كېتەتتىم،
ئويغىنىپ خىيالغا چۆمۈپ كېتەتتىم...

هە، بۈگۈن قاناتلىق، ئۇچتۇم سامادا،
پەرۋازىم يىراققا كەتتى هاۋادا.

AltunOq

بۇلۇتلار لەيلەشىپ بولدى پايانداز،
بەھوزۇر ئۇچۇمەن ئاڭلاپ ناخشا - ساز.

ئاپپاق توپ بۇلۇتلار پاختا دۆۋىسى،
كۆرۈنەر گويا ئاق تاغلار ئۆركىشى.

ئاق سۇمرۇغ پەسلىدى زېمىنگە قاراپ،
بۇلۇتلار يول بەردى ھەر يانغا تاراپ.

كۆرۈندى باغ - ئېتىز كۆك ۋە ئالتۇنرەڭ،
ئاق يىپتەك كۆرۈنگەن دەريا ئىكەن كەڭ.

«بېيجىڭنىڭ قوينىغا كەلدۇق!» دېگەندە،
لېۋىمدە شاتلىقتىن ئوينىدى خەندە.

## بېيجىڭ شامىلى

بوستانلار ئارىلاپ ئۇچماقتا پىكاپ،
ھەر يانغا قارايمەن ھەۋەستە ياپراپ.
گۈللەرنىڭ ھىدىنى ئېپكەلگەن شامال
ئۆتتۇدۇ يۈز سۆيۈپ، چاچلارنى تاراپ.

ياشارغان ئۆزگىچە بەرقۇت ياپراقلار،
ئېيۇننىڭ يامغۇرى يۇغاچ تازا - پاك.
شامالّلار خەۋەرنى يەتكۈزگەنىمدۇ،
«خۇش كەپسەن» دېگەندەك چالماقتا چاۋاك.

ئەي، بېيجىڭ شامىلى، جانغا ھوزۇر سەن!
ئېپكەلدىڭ دىماققا گۈلنىڭ بويىنى.
سۆيگىنە، تارتىنماي سۆيگۈن، قوندۇرۇپ؟
ئىجادىم بېغىغا ئىلھام قۇشىنى.

ئۇرغىنى دىماققا قايسى خۇشپۇراق،
ئىپارمۇ؟
زەپەرمۇ؟
مۇشكى، ئەنبەرمۇ؟
ۋە ياكى «ئالدىڭدا گۈزەل باغ بار»دەپ،
ئالدىدىن بېرىلگەن شەرەت - خەۋەرمۇ؟

سەن دېدىڭ: «مەندىكى بۇ ئېسىل پۇراق—
بەختىيار خەلقىمنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى.
چېچەكلەپ گۈل ئاچقان گۈزەل ئەخلاقنىڭ
بۇ تەشنا دىللارغا بەرگەن ئوزۇغى.»

## يېخىيۇەن

گۈزەللىك ئىشقىدا كۆيۈدۇ ھەركىم،
گۈزەلگە كۆيمىگەن ئۇ قانداق كۆڭۈل؟
گۈزەللىك ئىچىگە چۆمگەن پايتەخت،
قوينىدا يېخىيۇەن ئەڭ ئېسىل بىر گۈل.

ھەر كۈنى مىڭ - مىڭلاپ كىرىدۇ مېھمان،
كۈتتۇدۇ بۇ گۈلباغ بولۇپ ساھىپخان.
سەيلىسى كۆڭۈللۈك، يايرايدۇ دىلى،
بۇ يەردە شاتلىق بار، يوقتۇر دەرت - پىغان.

قاتمۇ - قات راۋاقلار تاغنىڭ زىننىتى،
قۇلۇۋاقلار ئۆزگەن كۆل باغنىڭ زىننىتى.
نىلۇپەر گۈللىرى كۆلنىڭ زىننىتى،
شوڭلاشقا بۇ باغنىڭ ئاشتى ئىززىتى.

گۈللەرنىڭ ئىچىدە مەنمۇ گۈل بولدۇم،
ھۆرلەرنىڭ ئىچىدە ئوينۇدۇم - كۈلدۇم.
يېشىللىق ئىچىدە ئۆرلىدىم تاققا،
شاتلىقتىن يايرىدى، ئۆستى بۇ كۆڭلۈم ...

## سەددىچىن

تاغلارنىڭ ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتقان،
سەددىچىن گوياكى ئۇزۇن ئەجدىھا.
چوققىلار ئۈستىدە چوققىدىن ئېگىز،
يېشىللىق ئىچىدە قاپتۇ ئۇ تەنھا.

شۇ مەزمۇت قىرغانلار، ئىگىز سېپىللەر،
ئەجداتلار ئەجرىدىن بولغاندۇر بىنا.
ئۇ بۈگۈن تارىخنىڭ جانلىق شاھىدى،
ئەمگەكچان خەلقنىڭ ئەجرىگە گۇۋا.

## مەجنۇنتال

شامالدا ئويناقلاپ تۇرغان مەجنۇنتال،
يامغۇردا چېچىنى يۇيار بىمالال.
ياپراقلار سايىۋەن — جېنىمغا ھوزۇر،
گۈزەللىك ئىشقىدا! سۇرۇمەن خىيال ...

قانچىلاپ سەيلىچى قىز - يىگىتلەرگە
مۇشۇ تال بولغاندۇ پىنھان سايىۋەن.
تەبىئى گىلەمكەن يۇمشاق كۆرپىدەك،
توپا - چاڭ قونغۇرماي يەلپۈنگەن چىمەن.

مەجنۇنتال چىۋىقى تولغانسا لەرزان،
خىيالىم چىرمىلىپ كېتىدۇ ئاڭا.
ئوخشاتقۇم كېلىدۇ يۇرتۇم قىزىنىڭ
قىرىق كاكۇل ئۆرۈلگەن قوندۇز چېچىغا.

مۇشۇ تال تۈۋىدە قانچە جۈپ ياشلار،
مۇھەببەت رىشتىنى ئەشكەندۇ بەلكى.
چىن يۈرەك سۆزىنى قىلىشىپ ئىزھار،
قەلبىدىن تۈگۈچنى يەشكەندۇ بەلكى...

بۇندىمۇ بار ئىكەن ئەۋرىشىم بەللەر،
چىۋىقتەك تولغىنىپ تۇرغان مىسالى.
گۈللەرنىڭ ئىچىدە يۈرۈدۇ ھۆردەك،
ھۆسنىمۇ گۈل كەبى — گۈزەللىك شاھى ...

ئويلارنى يىغدىم - دە، قوپۇپتۇم ئورنۇمدىن،
سايىدا ئولتۇرۇپ قاپتىمەن خېلى.
بۇ پىنھان ماكانغا باردۇر كەلگۈچى،
ئۇلارنىڭ ئىشىغا يەتكۈزمەي دەخلى.

## ئارزۇ

مەن شېئىر يازماقچى بولۇپ ئولتۇردۇم،
بۇ گۈزەل بېيجىڭنىڭ ھۆسنى ھەققىدە.
ھاياجان ئىلكىدە سۆز تاپماقمۇ تەس،
يۈرىگىم تېپىدۇ ئىلھام تەپتىدە.

ئويلايمەن سىغدۇرسام بار گۈزەللىكنى،
بىر كىچىك شېئىرغا قىلىپ مۇجەسسەم.
ھەر بىنا بىر ھەرپ ۋە ياكى چېكىت،
ھەر كوچا بىر مىسرا بولسا زەپ كۆركەم.

دەل - دەرەخ، گۈل - چېچەك بەرسە بەدىئى رەڭ،
گۈلباغلار شېئىرىدا بولسا قاپىيە.
گۈلباھار قۇشلىرى بەرسە خۇش ئاھاڭ،
شېئىرىنى خەلقىمگە قىلسام ھەدىيە.

1982 - يىل، ئىيۇن - ئىيۇل.

# ئۈچ شېئىر

ئابلىكىم خېۋىر

## قارىيىپ ياتىدۇ ئاسفالت يوللار

قارىيىپ ياتىدۇ ئاسفالت يوللار،
ئەسلىتىپ دىلبەرنىڭ قوندۇز چېچىنى.
كۆرۈمەن شۇ تاپتا ئەمگەكچى ئاچقان
قىرلىرى تۇتاشقان ئېتىز ئىچىنى.

شۇ يولدا ماڭىمەن، ئازات پىكىرلەر
قەلبىم ئىچىزىغا يامغۇر قۇيۇدۇ.
يوللارنى ئاچقانلار ئۇچۇن شۇ ئىچىز
تەشەككۇر گۈللىرى بىلەن تولۇدۇ.

شۇ يولدىن ئۆتۈدۇ ئەلنىڭ دەردىگە
لوقمانچە شىپالىق مېھىر ۋە ۋاپا.
بۇ يولدىن ئۆتۈدۇ پىداكار مەرتلەر،
ئەل ئۇچۇن جان تىكىپ، يەڭگىلى جاپا.

شۇ يەردىن ئۆتـۈدۇ تالاي - تالاي خەت،
مەسۇم ئىككى دىلنى چىتىپ ئـۆزئارا.
بىرىدە ۋەدە بار، تاغلاردەك بۈيۈك،
بىرىدە يوللانغان ئىجات - ئىختىرا.

شۇ يولدىن ئۆتۈدۇ كىيلىن كۆچۈرۈپ،
توي ئەھلى قىلغىلى ئىككى باشنى جەم.
ئۆتۈدۇ هازىدار قېشۇن كۆمگىلى
بىمەھەل كەتكەننى خىلۋەت يەرگە ھەم.

بۇ يولدىن ئۆتۈدۇ، توكتىن مىڭىنى
تۇغدۇرغان، پەن ئەھلى— ئۆرلىگەن شۇڭقار.
ئۆتۈدۇ ئۆزىنى مېھراپقا ئاتاپ.
ئىجاتلىق ئىزلىگەن مۆمىن - تەقۋادار.

بۇ يولدىن ئۆتۈدۇ ساقچى ئالدىراپ،
ئومۇمى تەرتىپنى جېنىدەك كۆرۈپ.
بۇ يولدىن ئۆتۈدۇ ئوغرى قايسى بىر
ئولجىنىڭ يانچۇغى، ئۆيىنى يۇيۇپ.

قارىيىپ ياتىدۇ ئاسفالت يوللار،
شەھەردە بوپ ئۆتكەن ھەر ئىشقا شاھىت.

ئۇ دەيدۇ: ئادەملەر ئىچىدە ياخشى -
ياماندىن كۆپ بولار ئىكەن ھەر ۋاقت.

قارىيىپ ياتىدۇ ئاسفالت يوللار،
ۋەتەندە ھەممە يول بىلەن چىتىلىپ.
تاشيـولمۇ، چىمـيولمۇ— يولغۇ ئاخىرى،
ئەسىرلىك مېھنەتتە كەتكەن قىتىلىپ.

شەھىرىم يەر شارى ئۈستىدە چېكىت،
ۋە لېكىن يوللىرى دەريا، بىپايان.
ئالەمنىڭ قايسى بىر يولدىن كەلسەڭ،
تاپىسەن بۇ يەرنى مەلەڭدەك ھامان.

شەھىرىم يوللىرى ئېپ بارار بىزنى
ئالەمنىڭ ھەر بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا.
راۋانلىق، ئۆتۈشۈش، باغلىنىشلارنى
يەر شارى ئېپ ياتار قۇچاقلىرىغا.

ئادەملەر ياراتقان ئاشۇ يوللارغا،
ئادەملەر قاچانكى توساق قۇرۇشقان.
توساقلار ئوڭ - سولى ئۈزۈلمەس رىشتە،
مۇھەببەت توساقنى سۆككەن، بۇزۇشقان.

يەر شارى ئايلىنار قۇياشنى ھامان،
ئۆزىگە خاس تىنىق، خاس رېتىم بىلەن.
شەھىرىم تەۋرەيدۇ ئاڭا رېتىمداش،
جۆر بولدۇم ئاڭا ئوت تىنىقىم بىلەن.

قارىيىپ ياتىدۇ ئاسفالت يوللار،
خىيالىم تەيۋەنلىك قېرىنداش بىلەن.
ئاخىرقى توساقلار بۇزۇلسا، جەم بوپ
يۇيارمىز ھىجراننى ئىسسىق ياش بىلەن.

## باھار سۆلەرى

تومىنىڭ قاپقىغىنى تارتتى دىخان،
ئەچىدىھار دەم تارتقاندەك چىقتى سادا.

قىنىغا پاتماي قالدى كەڭ ئېرىقنىڭ
سۇ گويا ھۆركۈپ قاچقان يىلقا - پادا.

كېسەكتەك ھىساپسىز جىق مۇز پارچىسى،
مىنگىشىپ دولقۇنلارنى ئېقىپ كېلەر.
سۇ گويا لاگىر بۇزغان تۇتقۇنلاردەك
كەڭلىككە — قىر - دالىغا چېپىپ كېلەر.

تىڭشىدىم سۇنىڭ سۇرلۇك شاۋ - شۇۋنى،
شاۋقۇنلار ئارىسىدا نازۇك مۇڭ بار.
قاغاركەن بەنت ئەتكۈچى قاپقاقنى، دەپ:
«كەستى ئۇ يولىمىزنى بۆلۈپ بىر دار.

بىز ئەركىن، ئەركىنلىكتە چۈشەنمىز يوق،
تەبىئەت ئەركە قىلىپ باققان بىزنى.
يەر بىلەن تا ئەزەلدىن سۆيۈشكەن چىن
كۆكلىتىش بۇرچىمىزدۇر باغ - ئېتىزنى.

ئەركىنلىك، ئەركىن ھەركەت جېنىمىزدۇر،
شۇ قاپقاق ئۆلتۈرەيلا، دىدى بىزنى.
زىمىستان كۆپ قىيىندى بىزنى چەيلەپ،
تۇڭلىتىپ ياۋۇزلارچە ئۆستىمىزنى ... »

شۇ مۇڭدىن مۇڭلانىمدىم مەن ئۇنچىلىك،
ئون يىللاپ تۇتقۇن بولغان بىزمۇ بىر چاغ.
ۋە بىزمۇ لاگىر بۇزۇپ چىققان ئاخىر،
ئۇنتۇلۇپ كەتكىنى يوق ئاچچىق ساۋاق.

يامىردۇق بوگۈن بولۇپ باھار سۈيى،
قەلەمنى ئات قىپ مىنىپ ھەممە سەپتە.
قاپقاقلار كۆن ئۆتكەنچە تۇگەپ بارار،
گۈللىنىش يولى ئىشتا، ئەمەس گەپتە.

ئەركىن سۇ، باھار سۈيى ئېقىمىڭغا
قوشۇلۇپ ئېقىپ كېتەي يىراقلارغا.
گاھ سىڭەي ئېتىزلارغا، گاھ نۇرلاردىن
شاقىراي، زەرەت بېرىپ چىراقلارغا.

## باھار بەزمىسىدە

باھار بەزمىسىدە قايناشتۇق بىر پەس،
دوستلارغا سائادەت، بەخت تىلىشىپ،
قايناق مەي ۋە دوستلۇق سىڭىپ تەنلەرگە،
ھارارەت ئۆرلىدى، قاپتۇق تەڭلىشىپ.

بىر تىلەك سەگىتتى بىزنى كەيپتىن،
«باي بولغىن، بوسۇغاڭ ئالتۇندىن پۈتسۇن.
بايلىغىڭ رومكىدەك پاكىزە بولغاي،
ئۆمرۈڭمۇ مەي كەبى غۇبارسىز ئۆتسۇن!»

# قىسقا شېئىرلار

### خەلىم سالىخ

### ئەھدىم

ئەھدىم مېنىڭ: كالۋادىن گۆش يىمەيمەن،
ياغ تۇتسىمۇ ئاڭا قىيا باقمايمەن.
مۇشت يىسەممۇ دانا - ئاقىللاردىن يەي،
نەپ ئالسامەن ھەرگىز ۋايىم يىمەيمەن ...

### نومۇس

ھايا نىمە، نومۇس نىمە، بىلەمسەن؟
بەزەن سېنى تۇرالماس قىپ ياتقۇزۇدۇ.
بىلسەڭ دوستۇم، نومۇس نارىنىڭ يۈكىنى،
شەك - شۈبھىسىز، بوتىلاقىقا ئارتقۇزۇدۇ ...

### يىغلىما

يىغلاپ دىدى ناخشىچى: «ئىشتىن توختىدىم،
رادىيودىن ئەمدى ناخشام چىقمايدۇ».
مەن دىدىمكى: «چىقساڭمۇ سەن پېنسىيىگە،
ناخشاڭ ھەرگىز پېنسىيىگە چىقمايدۇ ...».

### كىمنىڭ توغرا؟

قىزىق ئىش - ھە، مۇشۇ كۈندە ياش - ئۆسمۈرلەر،
بەس - بەس بىلەن مىڭ جاپادا ماركا يىغار.
ماركا يىغسا پايدىسى كۆپ، زىيىنى يوق،
بىراق تېخى بەزى ياشلار ھالقا يىغار ...

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** شائىرنىڭ چىن ھەم قايناق ھېسسىياتىدىن تۇغۇلۇدىغان شېئىرىي ئەسەرلەردە تۇرمۇشتىكى ساپ، گۈزەل شەيئىلەر مەدھىيىلىنىدىغانلىقى، خۇنۇك، چاكىنا شەيئى ياكى ھادىسىلەر پاش قىلىنىدىغانلىقى بىرخىل نورمال ئەدەبىي ھادىسە. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەركىن ئەدەبىياتىمىز شائىرلارنىڭ تۇرمۇشتىكى ساختا، چۈشكۈن تەرەپلەرنى ئېچىپ تاشلىشىنى چەتكە قاقمايدۇ. شائىرنىڭ بەدىئىي تاۋلىشىدىن ئۆتكەن شېئىرىي ئوبراز ئادەتتىكى تۇرمۇش پاكىتلىرىنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس. شائىر ئۆزىنىڭ بەدىئىي غايىسىگە ئاساسەن، سان ـ ساناقسىز، چۇۋالچاق ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئىچىدىن ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى تاللاپ، تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىق ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە تىپىك شېئىرىي ئوبراز يارىتىدۇ.

يولداش ئابدۇراخمان مامۇتنىڭ «ساھىپخان» ناملىق شېئىرىدا ئوبراز ۋاستىسى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئالدامچىلىق، كۆز بوياماچىلىق ئىللىتى قامچىلانغانلىقى ئۈچۈن، ژۇرنىلىمىزنىڭ 1984 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ئىدى. تەھرىر بۆلۈمىمىز يېقىندا ئاپتور تۇرۇشلۇق ناھىيىدىكى مەلۇم بىر يولداشتىن ئاشۇ شېئىر توغرىسىدا يېزىلغان بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە ئۆتكەن يىلى مەلۇم بىر رەھبەر ئۇلارنىڭ ناھىيىسىگە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگەندە، نۇقتىلىق بىر ئائىلىنى زىيارەت قىلغانلىقى، لېكىن ئۇچاغدىكى ئەمىلىي ئەھۋال شېئىردا ئېيتىلغاندەك ئەمەسلىكى، شۇڭلاشقا بۇ شېئىر «تۆھمەت خاراكتېرلىق» ئەسەر ھېسابلىنىدىغانلىقى، ئۇنى «ئاممىۋىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىش زور سىياسىي مەسىلە» بولۇدىغانلىقى يېزىلغان، ھەتتا ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىن بۇ مەسىلىنى بىۋاستە تەكشۈرۈش ۋە ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرىنى قوبۇل قىلماسلىق تەلەپ قىلىنغان.

«‹ساھىپخان›» ناملىق شېئىردا پاش قىلىنغان ناچار ئىستىل بىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا بارمۇ ـ يوق؟ جەمئىيەتتىكى ناچار ئىستىللار قامچىلانغان ئەسەرلەر نېمە ئۈچۈن بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ؟

تەھرىر بۆلۈمىمىز بۇ مەسىلىنى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىپ، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىش، چوڭقۇر رىئال ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا كىتابخانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا يولداش ئابدۇراخمان مامۇتنىڭ «‹ساھىپخان›» ناملىق شېئىرىنى قايتا ئېلان قىلدۇق.

AltunOq

# «ساھىپخان»

ئابدۇراخمان مامۇت

يۇقۇرىدىن باشلىقلار كېلىشىنى ئاڭلاپ،
«نۇقتىلىق ئۆي» ياساپ، قويۇلدى كارۋات.
يىپەكتىن پەردىلەر تارتىپ ئىشىككە،
دۇخاۋا يوتقانلار يىغىلدى قات - قات.

ئىشەكنىڭ ئېغىلى باشقىچە تۇستە،
ئوقۇردا جۇپ ئاتلار بىدە چاينايدۇ.
كاۋاپدان يېنىدا ئۇرۇك ئوتۇنى،
قازاندا بورداقنىڭ گۆشى قاينايدۇ.

دەرۋازا ئالدىدا تىراكتورمۇ بار،
ھويلىدا ۋەلسىپىت تەييار قىلىنغان.
تال - باراڭ ئاستىغا، سۇپا ئۇستىگە،
ئوتقاشتەك چاقنىغان گىلەم سېلىنغان.

گۇڭشىنىڭ مۇدىرى دەر ئاكا شۇنداق،
— ھەممىنى مېنىڭ دەڭ، قويماڭ چاندۇرۇپ.
سىزگىلا تەئەللۇق، قىلماڭ ئەندىشە،
ئالمايمىز ھەرگىزمۇ سىزدىن ياندۇرۇپ.

پىكاپلار توختىدى ئىشىك ئالدىدا،
شۇ كۈنى ھويلىدا مېھمان قاينىدى.
«باي» بولغان دىخاننىڭ ئاغزىدىن ئۇلار
«باي بولۇش ھەققىدە» دوكلات ئاڭلىدى:

— بانكىدا قويغىنىم بىرمىڭ بەشيۈز يۈەن،
تىراكتور، ئۇنئالغۇ، موتوچپ ئالدىم.
ئونلىۋەنى ئۆيلىدىم بۆيىل يېڭىدىن،
دەرىزە - ئەينەكلىك ئىمارەت سالدىم.

ئارىلاپ سورالغان سوراققا دەرھال،
«ساھىپخان» بېرەتتى چاندۇرماي جاۋاپ.
راستلىققا تەستىقلار باشلىق بېشىنى،
ئۆي بىسات، ئاشلىق ھەم چارۋىنى ساناپ.

مېھمانلار ئۇزاشتى «نۇقتىلىق ئۆي» دىن،
كۆرگەنگە ئىشىنىپ شەھەرگە ماڭدى.
تىراكتور شۇ كۈنى يۆتكەپ بىساتنى،
بۇ ئۆيدە بورداقنىڭ كالىلىسى قالدى.

×

مۇشۇنداق ئىستىل بار بەزى جايلاردا،
شۆھرەت ۋە نام ئۈچۈن ئېيتىشار يالغان.
ئېيتىڭا، راست گەپنى، ئەي مۇدىر ئاكا،
كۆز بوياش ۋە ئالداش توگەيدۇ قاچان؟

## ھارماس قەلەمكەش ــ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر



پېشقەدەم شائىر ئابدۇرېھىم تىلەشۈپ ئۆتكۈر 1923 - يىلى قۇمۇلدا سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ، بىر يېشىدا ئانىسىدىن يېتىم قالدى. دادىسى تىلەش بېگىم ئاتۇش تىجەنلىك كىشى بولۇپ، ئالەمدىن ئۆتەر چېغىدا، ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن ئابدۇرېھىمنى قۇمۇل مۆتىۋەرلىرىدىن بولغان دوستى ئوسمان ھاجىمغا ئوغۇللۇققا بېرىۋەتتى. ئوسمان ھاجىم ئۆمرىدە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن ۋە تىجارەت بىلەن چەتئەللەرگە كۆپ چىقىپ، كۆزى ئېچىلغان مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغاچقا، ئابدۇرېھىمنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلىم ئېلىشىغا قاتتىق كۆڭۈل بۆلدى ۋە دىنىي مەكتەپكە بەردى. بىراق ئۇنىڭ قۇرئان ساۋادى ئەمدىلا چىقىشقا باشلىغاندا، قۇمۇل خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىڭى پارتلىدى. جاللات شىڭ شىسەي ئۈرۈمچىدىن نۇرغۇن چېرىك بىلەن كېلىپ، قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەنلىكتىن، مەكتەپلەردە دەرس توختىدى، خەلق سەرسان بولۇپ، ھەر تەرەپكە قاچتى. ئوسمان ھاجىمنىڭ ئائىلىسىمۇ بىر تۈركۈم پۇقرالار بىلەن ئۆز ماكانىنى تاشلاپ، تاغۇ - دەشتلەرنى كېزىپ، ئاخىرى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جۇچۈەن ۋىلايىتىگە قېچىپ باردى ۋە شۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى.

بەختكە يارىشا، ئوسمان ھاجىمنىڭ قېينانىسى مارىخان موماي موللا ئايال بولغاچقا، ئابدۇرېھىمنى ئۆيدە ئوقۇتۇشقا باشلىدى. ئابدۇرېھىم بىرەر يىل ئىچىدىلا «سوپى ئاللايار» ناملىق نەزمى كىتاپنى تامام قىلدى. گۆدەك ئابدۇرېھىم 18 - ئەسىردە يېزىلغان بۇ كىتاپتىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىسىمۇ، ئۇنىڭدىكى مىسرالارنىڭ ئاھاڭدارلىقى خۇددى يېقىملىق مۇزىكا سادالىرىدەك ئۇنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مارىخان موماي ھېكايە، چۆچەك، رىۋايەت، تەمسىل ۋە تېپىشماقلارنى بەكمۇ جىق

بىلەتتى. ئابدۇرېھىم مۇمىنىدىن ئائىلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى دىڭگۇدەك ئەستە قالدۇراتتى.

ئوسمان ھاجىم ئابدۇرېھىمنى قانچە ئەزىزلەپ، ئوقۇتۇشقا تىرىشقانسېرى، كىچىك تاغىسى ئىچى تارلىق قىلىپ، ئۇنى ئوقۇشتىن قالدۇرۇشقا شۇنچە ئۇرۇناتتى. ئوسمان ھاجىم قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتىدە خوجانىياز ھاجى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا كېتىشى بىلەنلا، ھېلىقى كىچىك تاغىسى ئۇنى پادا بېقىشقا قويىدى، «قەشقەر كېچىسى» نىڭ مۇقەددىمىسىدىكى «مېنى سۈرسا پادا باققان بالىدىم» دىگەن مىسرا ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ خاتىرىسى ئىدى. تۆگمىچى بارات بوۋا بىلەن بىللە پادا باققان كۈنلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر چوڭ مەكتەپ بولدى. ئۇ، بارات بوۋايدىن ئەجدادلىرىمىز ھاياتىغا دائىر نۇرغۇن ۋەقەلەرنى ئائىلىغاندىن تاشقىرى، تۆۋەن قاتلامدىكى يىرىق-سۇللۇق تۇرمۇشىنىڭمۇ تەمىنى تېتىپ كۆردى.

بۇ ئەگرى-توقايلىق تۇرمۇش يولى شائىرنىڭ كېيىنكى ئىجادىي ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

قوزغىلاڭ غەلبىسىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئۈچتۇرپانغا كۆچۈپ چىقتى. چۈنكى بۇ چاغدا ئۇنىڭ دادىسى يېڭى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۈچتۇرپان چېگرىسىدىكى تاموژنا باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېگرىداش بولغان ئۈچتۇرپان ئەينى يىللاردا پەقەت سودا مەركىزىلا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت، ئاقارتىش مەركەزلىرىنىڭمۇ بىرىگە ئايلانغان ئىدى. بۇ ھال شائىرنى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈردى. ئۇ، 1936-يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگىتىپ، ئۈرۈمچىدىكى بىرىنچى گىمنازىيىگە ئوقۇشقا كىردى. بۇ مەكتەپ شائىرغا نىسبەتەن تامامەن يېڭى بىر دۇنيا ئىدى. مەكتەپتىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن تۇنجى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىدى. شائىر بۇ مەكتەپتە پەننىي بىلىملەر قاتارىدا رۇس-سوۋېت ئەدەبىياتى بىلەنمۇ تونۇشۇشقا باشلىدى. پۇشكىن، لېرمونتوپ، تولستوي، ئابدۇللا توقاي، ھادى تاختاش، ئۇيغۇن، ئۆمەر مۇھەممەدى، تۇردى ھەسەن (گۈلستان) قاتارلىق ئەدىپلەر ئۇنىڭ مەنىۋىي ئۇستازلىرىغا ئايلاندى ۋە شۇلاردىن ئىلھاملىنىپ، مەكتەپ تام گېزىتلىرىگە تۇنجى شېئىرلارنى يازدى.

1939-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇ «كۆز شامالىرى» ناملىق بىر شېئىر يېزىپ، ئۇنى «شىنجاڭ گېزىتى»گە بەرمەكچى بولدى. شائىر بۇ چاغدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتاتتى. بۇ شېئىر جالالەت شىڭ شىسەينىڭ شائىرنىڭ دادىسى ئوسمان ھاجىمنى ۋە مەكتەپتىكى ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنى قولغا ئېلىپ كەتكەن شارائىتتا يېزىلغاچقا، مەيۈسلۈك ۋە ئۈمىتسىزلىك ھېسسىياتى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئىدى. شائىرنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازى مەرھۇم ئايۇپ مەنسۇرى بۇ شېئىرنى كۆرۈپ، شاگىرتىنى قاتتىق تەنقىت قىلدى ۋە جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىشقا رىغبەتلەندۈردى. دەل شۇ كۈنلەردە دۇ چىڭيۈەن ۋە لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلابچىلار ئىنستىتۇت رەھبەرلىكىگە تەيىنلىنىپ كېلىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇۋەتتى. ماۋدۇن (شېڭ يەنبىڭ) ۋە جاڭ جۇڭشى قاتارلىق ئىلغار زاتلار يېڭى پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىسات ۋە ئىنقىلابىي ئەدەبىياتتىن دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى. بولۇپمۇ، ئىنستىتۇتنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىرى لىن جىلۇنىڭ ئالىجا-

ناپ ئىنقىلاۋىي خىسلەتلىرى باشقا ياشلار قاتارىدا شائىرغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. شائىر ۋەتەن تارىخى ۋە هازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، خەنزۇ تىلىنى ئىگەللەشنىڭ زۆرۈرلىگىنى هىس قىلىپ، تىرىشچانلىق بىلەن تىل ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، 1940 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «يېڭى نۇر» ژورنىلىدا ئۇنىڭ ياپون جاهانگىرلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىغىغا قارشى مەزمۇندا يېزىلغان «گاڭ قانات لاچىن»، «كۆرەش دولقۇنلىرى» ناملىق بىرمۇنچىلغان شېئىرلىرى ۋە تەرجىمىلىرى كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىندى. 1942 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» ناملىق داستانى بىلەن «تامچە قاندىن مىليون چېچەكلەر» ناملىق دىرامىسى شائىرنىڭ شۇ يىللاردىكى ئەسەرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ، 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مۇتەللىپ بىلەن بىرلىكتە «چىمەن مودەن» دىرامىسىنى يېزىپ چىقتى.

شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بۇ مەزگىللەردە سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنىدىغان «شەرق هەقىقىتى» ۋە «قازاق ئېلى» ژورناللىرى ئارقىلىق كلاسسىك ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئەدەبىياتى بىلەن جۈملىدىن، ئارۇز ۋەزنى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ئۇ، 1944 - يىلدىن 1945 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە گومىنداڭ تۈرمىسىدە ئەخمەت زىيائى ۋە پېشقەدەم مائارىپچى سابىت ئەپەندى بىلەن بىللە بولغان كۈنلىرىدە لۇتفى، ناۋايى، فۇزۇلى قاتارلىق كلاسسىك - لارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تونۇشتى. شۇ - نىڭدىن ئېتىبارەن بارماق ۋەزنىدىلا ئەمەس، ئارۇز ۋەزنىدىمۇ شېئىر يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ - نىڭ 1946 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىجات قىلغان «يۈرەك مۇڭلىرى» ۋە «تارىم بويلىرى» ناملىق ئىككى شېئىر توپلىمى، «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانى ئەنە شۇ دەۋرنىڭ مەهسۇللىرى ئىدى.

شائىر ئازاتلىقتىن كېيىن خېلى بىر مەزگىل، ئاساسەن، تەرجىمە، تەتقىقات ۋە ئوقۇت - قۇچىلىق بىلەن، جۈملىدىن، چەتئەل تىللىرى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللاندى. پەقەت پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىيغىنىدىن كېيىنلا قايتىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، «ئۇلۇغ ئانا هەققىدە چۆچەك» ناملىق داستان بىلەن بىر مۇنچىلغان شېئىر هەم نەسرىي پارچىلارنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر مۇنچىلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلدى. «قەشقەر كېچىسى» ئايرىم كىتاپ قىلىنىپ نەشر قىلىندى. ئۇ يېقىندا يەنە 1907 - يىلدىن 1913 - يىلغىچە داۋاملاشقان قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى تېما قىلىنغان «ئىز» ناملىق تارىخىي رومانى بىلەن 40 نەچچە يىللىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار — «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق توپلىمىنى نەشرگە بەردى. ئۇ هازىر «ئىز» ناملىق تارىخىي رومانىنىڭ داۋامى «ئويغانغان زېمىن» ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

پېشقەدەم شائىرىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەنمۇ ئىزچىل تۈردە شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئالىمى مەخمۇت قەشقىرىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغات تۈرك»نى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ها -

(داۋامى 126 - بەتتە)

## يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار



يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار 1936 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ بويىنى كېسىك مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلدى. 1952 - يىلغىچە غۇلجىدىكى باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇدى. 1952 - يىلى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىغا كىرىپ بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىغا كىردى. 1956 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، 1961 - يىلغىچە ئۈرۈمچىدىكى دارىلمۇئەللىمىندە ھەم رادىيو سىنەن داشۆبىسىدە، 1980 - يىلغىچە غۇلجىدىكى دارىلمۇئەللىمىندە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىدى. 1980 - يىلدىن تا ھازىرغىچە ئىلى پېداگوك ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

1944 - يىلى غۇلجىدا گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاپ پارتلاپ، 1945 - يىلى 10 - ئايلارغا كەلگەندە 3 ۋىلايەت گومىنداڭ زۇلمىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدى. بۇ ئازات رايونلاردا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. تۈرلۈك گېزىت - ژورناللار ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. گۆدەك ئابدۇراخماننىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئىشتىياقى دەل ئاشۇ يىللىرى باشلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاكىسى تۇرسۇن قاھارى ئەينى يىللاردا خېلىلا تونۇلۇپ قالغان شائىرلاردىن بىرسى ئىدى. ئابدۇراخمان ئاكىسىنىڭ تەسىرى ھەم يېتەكلىشى بىلەن يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە»، «غۇنچەم» ناملىق ئەسەرلىرىنى، ئۆمەر مۇھەممەدى، ئىسمايىل ساتتار، قادىر ھەسەنلەرنىڭ شېئىر توپلاملىرىنى ئوقۇشقا كىرىشتى ھەمدە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى يادلىۋالدى. كېيىنرەك سەدرىددىن ئەينىنىڭ «ئادىنا» ناملىق پوۋېستى، م.گوركىنىڭ «ئانا» رومانى، ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلىرى، ماياكوۋسكى، ئايبېك، غاپۇر غۇلام، ئاباي، پۇشكىن، لېرمونتوف، نېكراسوف، گوگول، ل.تولستوي، چېخوپ ۋە باشقىلارنىڭ ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك ۋە تاتار

AltunQq

تىلىدا نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى. ئابدۇراخماندا قوزغالغان كۈچلۈك ھەۋەس ئۇنى ئاخىرى ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ «بەختىمىز كۈلدى» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1953 - يىلى «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى، شۇنىڭدىن باشلاپ «ئىلى گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» قاتارلىق گېزىت - ژورناللارغا ئۇنىڭ 100 پارچىغا يېقىن شېئىرى بېسىلدى. «ئىلى دەرياسى» ناملىق شېئىرى دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلدى.

ئابدۇراخمان قاھار 1957 - يىلدىن ئېتىۋارەن پروزا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىشقا باشلىدى ۋە 3 ۋىلايەت تېمىسىدا بىر مۇنچىلىغان ھىكايىلارنى يازدى. ئۇنىڭ 1957 - يىلى ئېلان قىلىنغان تۇنجى ھىكايىسى «ئانا ۋەسىيىتى» خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، شىئەندىكى «بىخ» ژورنىلىغا چىقىتى ھەم شۇ يىلى ئايرىم كىتابچە قىلىنىپ بېسىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن «ھەسرەت»، «نىزامىدىننىڭ ئىشى» ناملىق ھىكايىلىرى ئېلان قىلىندى.

يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار 1958 - يىلى «يەرلىك مىللەتچى» دىگەن بەتنام بىلەن ئەيىپلىنىپ، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىندى ۋە 1973 يىلىغىچە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانمىدى. يازغۇچى 1973 - يىلدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە قايتىدىن كىرىشتى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ «ئاقىن سىرى» «ئۈچ قېتىم دۇدۇقلىغاندا»، «150 سوم»، قاتارلىق ھىكايىلىرى كەينى - كەيىندىن ئېلان قىلىندى. يازغۇچى ئۆزىنىڭ بۇ ھىكايىلىرىدا «سول» ئىدىيىنىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلىرىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلدى. كېيىنكى يىللاردا ئۇ يەنە «كىچىك يول باشلىغۇچى»، «ئەمەت ھاجى»، «سازەندە دىخان» ناملىق ھىكايىلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشتى. بۇ ھىكايىلارنىڭ بەزىلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.

يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى تېمىسىدا يىرىك ئەسەر يېزىشنى بۇرۇندىنلا كۆڭلىگە پۈككەن ۋە ئۇنى 1964 - يىلدىن باشلاپ يېزىشقا كىرىشكەن ئىدى، ئەپسۇسكى بۇ ئەسەرنىڭ يېزىپ بولۇنغان 6 بابى 10 يىللىق مالىمانچىلىقتا كۆيدۈرۈۋېتىلدى. ئۇ، 1974 - يىلى قايتىدىن «ئىلى دولقۇنلىرى» ناملىق رومانىنى يېزىشقا كىرىشىپ، 1975 - يىلى پۈتتۈردى. بۇ رومان 1981 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. يازغۇچى يېقىندا بۇ رومانىنىڭ داۋامى — «جەڭگىۋار يۈرۈش» نى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، نەشرگە بەردى. ئۇ ھازىر «ياغلىق ۋە ئۈرۈك قىسسىسى» ناملىق پوۋېستى ئۈستىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار 1979 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىگە، 1983 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولدى. بىز تىرىشچان يازغۇچىمىز ئابدۇراخمان قاھار ئىجادىيىتىنىڭ تېخىمۇ يۈكسىلىپ كامالەتكە يېتىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

# شېئىرىي ئىجادىيىتىمىز ھەققىدە

# بەزى قاراشلىرىم

سىدىقھاجى روزى

مەن يېقىندا «تارىم» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىلەن «تۇرپان» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىرلىكتە تۇرپاندا ئۆتكۈزگەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدۇم. بۇ يىغىن مېنى شېئىرىيىتىمىزدىكى رېئال مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئىلھاملاندۇردى. مەن بۇ ماقالىنى ئاشۇ يىغىندا سۆزلىگەن سۆزۈم ۋە تەسىراتلىرىم ئاساسىدا يېزىپ چىقىپ، يولداشلارنىڭ مۇھاكىمىسىگە سۇندۇم.

× ×

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى 35 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا، شېئىرىي ئىجادىيىتىمىزدە چېكىنىشمۇ، ئىجادىي تەرەققىياتمۇ بولدى. شېئىر توغرىسىدا گەپ قىلغاندا، بىز «شېئىرىيىتىمىز زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى» دەپ باھا بېرىمىز. بۇ خىل ئابستراكت باھانى كونكرېتلاشتۇرساق، شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭمۇ ھەقىقەتەن ئاز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئۇزۇندىن بېرى نەتىجىلەرنى مۇبالىغە قىلىپ كۆپتۈرۈشكە، يېتەرسىزلىكنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يوشۇرۇشقا ئادەتلەنگەنلىكتىن، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تونۇش ۋە تۈگىتىش جەھەتتە، ناھايىتى ئاز ئىزلەندۇق. تۆۋەندە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە نۇقتىلار ئۈستىدە توختىلىمىز:

1. كلاسسىك شېئىرىيىتىمىز بىلەن ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى. بىز ئۇزۇندىن بېرى كلاسسىك شېئىرىيىتىمىز بىلەن ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالمىدۇق. «كونىدىن يېڭىنى يارىتىش، شاكىلىنى تاشلاپ، مېغىزىنى ئېلىش، تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش» دېگەن سىياسىي ئۇقۇملارنى بىر تەرەپلىمە چۈشىنىپ، مىللىي ئىنكارچىلىق بىلەن شۇغۇللاندۇق. كلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش ۋە ۋارىسلىق قىلىشمۇ ئىزچىل بولمىدى. نەشر قىلىنغان كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش شۇ ئەسەرلەردىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەر ۋە مۇئەييەن ئاپتورلارنىڭ پەلسەپىۋى

قاراشلىرىغا قارىتىلىپ، شۇ پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى يورۇتۇپ بەرگەن گۈزەللىكىنى تەتقىق قىلىشتا ئىتتىۋار بېرىلمىدى. ئەمەلىيەتتە، پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى، پەلسەپىۋى قاراشلارنى تەتقىق قىلىش ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشىنى تەتقىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئاسان يول ئىدى. بىز شائىرنىڭ پەيلاسوپ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئاۋال ئۇنىڭ شائىرلىقىنى قەيت قىلىشىمىز لازىم (گېگىل بىلەن گىيوتى ئوخشاشلا پەيلاسوپ، لېكىن گىيوتىنىڭ ئاۋال شائىر ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ). شائىر بىزگە پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى يالىڭاچلا ئىپادىلەپ بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنى بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئېچىپ بېرىپ، زوقلانغۇچىنى تەسىرلىنىش ئالمىگە يېتەكلەيدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، شېئىر پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ يالىڭاچ دۆۋىسى ئەمەس. لېكىن بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىز تارىختا ئۆتكەن ھەر قانداق بىر شائىرنىڭ ئىجادىيەت خاراكتېرى، ئىندىۋىدۇئاللىقى، ئۇسلۇبى، تۇرمۇشنى كۆزىتىشتىكى پىشخىك ئادىتى، گۈزەللىك يارىتىشتىكى ئىجادىي ئۆزگىچىلىكى ئۈستىدە يېتەرلىك ئىزلەنمىدى، ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزگە كلاسسىك پوئېزىيىنىڭ تەسىرى زىمىنىدە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرەلمىدى. شۇڭا كلاسسىكلارنىڭ ئىجادىي روھىدىن تولۇق خەۋەردار بولالمىدۇق.

2. سىياسىي بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى. ئۆتكەن 25 يىلدا ئەدەبىياتىمىزدا «ئەدەبىيات سىياسىغا بېقىنىدۇ»، «سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ» دېگەن شۇئار ئۈستۈنلۈكتە تۇرغانلىقتىن، ئەدەبىياتنى سۇنئىي پەيدا قىلىنغان سىنىپىي كۈرەشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇپ قويدۇق. سىياسىي بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى بەزى شائىرلارنىڭ ئېڭىدا ئېنىق بولمىغانلىقتىن، ئۇلار شېئىرنى «سىياسىي ئۇقۇملارنى تەبىرلەش» دەپ چۈشىنىپ، سىياسىي بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، شېئىرنى ئۇقۇملاشتۇرۇشقا يۈزلەندۈردى. ئۇلار ئەدەبىياتمۇ، سىياسەتمۇ، ئوخشاشلا ۋاستە ئىكەنلىكىنى، بىراق پەرقى بارلىقىنى، ئەمەلىيەتتە ۋاستە بىلەن ۋاستە، قورال بىلەن قورال ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە خىزمەت قىلىش، بىر - بىرىگە بېقىنىش مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش، سىڭىشىش مۇناسىۋىتىدە بولۇدىغانلىقىنى ئىلمىي ئاساستا چۈشەنمىدى.

نۇرغۇن شائىرلار تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ۋە رەڭدارلىقىنى بەكمۇ ئاددىي چۈشەنگەچكە، تۇرمۇشنىڭ سىياسىي مەزمۇنىغىلا ئىتتىۋار بېرىپ، ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى تۇرمۇش ئەمەس، بەلكى سىياسىي ئۇقۇم دېگەن چۈشەنچىدە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەسۋىرلەيدىغان ئوبيېكتى چېگرىدىكى جەڭچى، ئۇ بايرام، بۇ يىغىن، قۇرۇلتاي، دوختۇر - ھەمشىرە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. بۇ خىل تېمىدىكى شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى قارىغاي خىسلەتلىك جەڭچىنىڭ چېگرىدا تۇرغانلىقى، ناخشىچى قىزنىڭ دەۋرنىڭ بۇلبۇلى بولغانلىقى، دېخاننىڭ خامان سورىغانلىقى، سېستىرا قىزنىڭ بىمارلارغا شېرىن سۆزلەرنى قىلىپ بەرگەنلىكى، «باغۋەن» نىڭ تاڭ ئاتقىچە چىراقنى يورۇتۇپ قويغانلىقىنى كۆيلەش بىلەنلا چەكلەندى. ياخشى نىيەتلىك بۇ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئالاھىدىلىك شەيئىلەرنىڭ بىر تەكتىلەيدىغان ئالاھىدىلىكى بولماستىن، دەۋر ھەربىر شەخسنىڭ ئورنىغا قاراپ تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى، يەنى ھەربىر شەخس ئورۇنلاشقا تېگىشلىك

بولغان بۇرۇچ ئىدى، خالاس. بۇ شائىرلار يېزىقچىلىقتا كۆرسىتىلگەندە، كونكرېت پائالىيەتنى كۆردى. پائالىيەتنىڭ ئىگىسى «ئادەم» نى كۆرمىدى. ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي خاسلىقىغا بەكرەك ئېتىبار بېرىپ، ئادەمنىڭ تەبىئىي خاسلىقىغا ئېتىبار بەرمىدى. ئۇلار ئۇزۇندىن بېرى تەبىئىي ئىنسان خىسلىتىدىن ئايرىلىپ، ھادىسىلەردىكى زىددىيەتنىڭ كۆرۈنۈشىنىلا تەكىتلەپ، بىرلىككە سەل قارىغانلىقتىن، ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى كونكرېت ئادەمنى بەدىئىي ئەسەرلەردە ئابستراكت ئۇقۇم ئىچىدە غايىپ قىلىۋەتتى، زوقلانغۇچىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان، ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى، ئادەمنىڭ تۇرمۇشتىكى ھەر خىل شەيئىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى، ھەر خىل ئىنكاسىنى ئىپادىلەپ بېرەلمىدى. ئەگەر شائىرلىرىمىز ئادەمنىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان مۇناسىۋىتىدىكى مۇرەككەپلىكىنى ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلىگەندە ئىدى، تۇرمۇشتىكى كونكرېت ئادەم بىلەن بەدىئىي ئەسەرلەردىكى كونكرېت ئادەمنىڭ ئوخشاشلىق ۋە پەرقلىك سىپلىشتۈرمىسىدا ئۇنى تولغۇسىز ۋە ھەرقانداق قەلبنى رام قىلىۋالىدىغان شېئىرىي ئەسەرلەرگە ئىگە بولالايتتۇق.

تۇرمۇش ئەزەلدىن ئۆزىنى ئۆزى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگەن ئەمەس. شۇڭلاشقا ئىنكاس قىلىنغۇچى بىلەن ئىنكاس قىلغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى شەكىللىنىپ، ئىنكاس قىلغۇچىدا ئىنكاس قىلىنغان تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان، بۇ ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى پەيدا بولغان. ئايرىملىقنى ئومۇملۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى بەدىئىي ئابستراكسىيە جەريانىدىن ئۆتكۈزۈش دىگەنلىك بولۇپ، ئۇ تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئەينەن تەسۋىرلەش بىلەن ھەرگىزمۇ چىقىشالمايدۇ.

شائىر تۇرمۇشنى ئۆگىنىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. لېكىن مېنىڭ قارىشىمچە، شائىر ئالدى بىلەن ئۆزىنى بىلىشى، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە پەيدا بولغان ھەقىقى (ساختا ئەمەس) ھېس - تۇيغۇسىنى شېئىرىي ئوبرازغا ئايلاندۇرۇشى لازىم. بۇنداق شېئىرلاردا بەلگىلىك ھېسسىيات بولىدۇ - دە، ئۇنىڭدىن تۇرمۇشنىڭ مەلۇم قانۇنىيەتلىرىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۇزۇندىن بېرى بىز تاشقى دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى قىلماي، پەقەت سۈرەتلەش ئوبيېكتى دەپ تونۇدۇق، ماددا، ماددىي دۇنيا دىگەننى كۆپ تەكىتلىدۇق، ماددىي دۇنيانىڭ بىۋاستە ئىنكاسى ئاڭ ۋە تەپەككۇر پائالىيىتىگە يېتەرلىك ئېتىبار بەرمىدۇق، شۇڭلاشقا پوئېزىيىمىزدە، داستانلىرىمىزدا پەقەت تۇرمۇشتىكى يۈزەكى ھادىسىلەر ۋە ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى رېئال مۇناسىۋەتلەرنى پەدەزلەپ تەسۋىرلەشكە بېرىلىپ كېتىپ، شەيئىي، ھادىسىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرىنى ئېچىپ بېرەلمىدۇق ھەمدە ئۇلارنى تەسىرلىك بەدىئىي گەۋدىگە ئايلاندۇرالمىدۇق.

سىياسىي ئۇقۇمغا ھېرىسمەن بەزى شائىرلارنىڭ نەزىرىدە، بىر شەيئى شۇ شەيئىنىڭ ئۆزى، ئۇ ئۆزىدىن باشقا نەرسە بولالمايدۇ، بۇ خىل چۈشەنچىدىكى شائىرلار ھەمشىرە، دىخاننىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىنىڭ قىممىتى پەقەت ھەمشىرە، دىخان بولغانلىقىدا، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى يوق دەپ ھېساپلايدۇ. ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىدىكى تۇرمۇش تەقدىرى قىلغان كۆپ خىللىق، مۇرەككەپلىكىنى بۇ شائىرلار بەكمۇ ئاددى چۈشىنىدۇ. تونۇگۇن ئوماچقا قەرزدار بولغان دىخاننىڭ بۈگۈن قورسىقى تويغانلىقى راست،

ئەمدى ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىجتىمائىي تەلىۋى يوق، دەپ ئېيتىشقا بولامدۇ؟ ئادەمدىن ئىبارەت مۇرەككەپ گەۋدىنى تولۇق چۈشەنمەيدىغان مېتافىزىك كۆز قاراشقا گىرىپتار بولغان بەزى شائىرلىرىمىز شېئىرىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ تۇرمۇشتىن بارغانسېرى يىراقلىشىشىغا سەۋەبچى بولدى. شۇنداق قىلىپ خەلق ئىچىدە «ئاتام ئېيتقان بايىقى»، «شېئىرنىڭ تەمى قالمىدى» دىگەن ئىنكاسلار پەيدا بولدى، تەلەپ ۋە تەلەپنى قاندۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كۈچەيدى.

شۇنداق شائىرلارنىڭ بىرسى:

«ئون ئىككىنچى قۇرۇلتاي،
دەل ۋاقتىدا ئېچىلدى.
ئۇنىڭ غالىب نۇرلىرى،
ئەتراپلارغا چېچىلدى.»

دەپ يازدى. بۇ بىر كۇبلېت خەلق قوشىقى ئەمەس، بەلكى خەلق قوشاقلىرى شەكلىدە، مەدھىيە خاراكتېرىدا يېزىلغان شېئىردۇر. ئەگەر بىز بۇ شېئىرنى شېئىرغا قويۇلىدىغان ئەقەللىي تەلەپ بويىچە ئۆلچىسەك، بۇ شېئىردا ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ئىزناسىمۇ يوق.

3. تېما دائىرىسىنىڭ تارلىقى. دۇنيا قاراشنىڭ ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئېتىراپ قىلىدىكەنمىز، پوئېزىيە خەلقنىڭ ئېستېتىكىلىق تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەر قانداق بىر تېمىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى رەت قىلمايدۇ، سارىخاننىڭ كۈلكىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى بىلگەن شائىر سارىخاننىڭ يىغىسىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈشكە قىزىقمىسا، بىر تەرەپلىمىلىككە يول قويغان بولىدۇ. چەكسىز ۋە مۇرەككەپ بولغان تۇرمۇش دىئالېكتىكىلىق جەريان ئىكەن، شائىر مۇشۇ نۇقتىدا پاش قىلىش بىلەن مەدھىيىلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىش كېرەك.

ئۇزۇندىن بېرى پوئېزىيىمىز تۇرمۇشقا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شائىرلىرىمىز ئالداش ۋە پەدەزلەشنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. رىئاللىقنى يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت قارىمۇ ـ قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدە كۆزەتمەستىن، ئەكس ئەتتۈرۈشتە بىر خىللىققا يۈزلىنىپ، بىر مەزمۇننى تەكرارلىدى. بىر تېما ئۈستىدە ئوخشاش ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىپ، كىتاپخانلارغا ئۇنى «شېئىر» دەپ تەقدىم قىلدى. ئۇلارغا تۇرمۇش بىر خىل، تېمىمۇ بىر خىل سېزىلدى. تۇرمۇشقا قىزىقىش بولمىغان يەردە ھەقىقىي شېئىرنىڭ ۋە بەدىئىي بىلىشنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

بىز تۆۋەندە بۇنىڭ پاكىتلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

1983 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتىدە بىر شائىرنىڭ «سائادەتلىك زاماندا» سەرلەۋھىلىك بىر شېئىرى ئېلان قىلىندى. بۇ شېئىردا ھەر قايسى سەپتىكى قىزلارنىڭ زامانىۋىلىشىش دەۋرىدىكى ئىش ـ پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن. قىزىقى شۇكى، 1982 ـ يىل 11 ـ سان «تارىم» ژۇرنىلىدا يەنە شۇ شائىرنىڭ «كۆلدۈرۈپ» سەرلەۋھىلىك شېئىرى ئېلان قىلىنىپ، شائىر ئۇنىڭدىمۇ بىر قىزنىڭ پائالىيىتىنى

AltunOq

تەسۋىرلىگەن ئىدى. بۇ ئىككى پارچە شېئىرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، يۇقۇرىدىكى پىكرىمىز چۈشىنىشلىك بولىدۇ دەپ ئويلايمەن.

«تۆكەر دىلدىن ناۋا بۇلبۇل كەبى شېرىن زابان قىزلار،»
(«سائادەتلىك زاماندا» دىن)

باشلىدى شات ناخشىنى شېرىن زابانى كۈلدۈرۈپ.»
(«كۈلدۈرۈپ» تىن)

«چېكىپ قەلبى كۆكۈل رىشتى بىلەن تال - تال يىپەكلەرنى»
(«سائادەتلىك زامان» دىن)

«چەگدى ئۇ گۈلگە تىۋىت سىزغان كەبى رەسسام سۈرەت»
(«كۈلدۈرۈپ» تىن)

«قۇچۇپ كەشپۇ - ئىجاتتىن هەر يىلى مۆجىزە شان قىزلار»
(«سائادەتلىك زاماندا» دىن)

«دىدى: مەنمۇ قۇچۇمەن شان هۆر زامانىنى كۈلدۈرۈپ.»
(«كۈلدۈرۈپ» تىن)

بىز مەزمۇن تەكرارلىغىدىن ئىبارەت بىنورمال ئەدەبىي هادىسىنى كۆرگىنىمىزدە غەزەپلەنمەيمىز، بەلكى شائىرنىڭ سۇسلىشىپ كېتىۋاتقان ئىجادىي قىزغىنلىغىنىڭ پاسسىپ ئاقىۋىتىدىن ئېچىنىمىز. مەن بۇ شائىرنىڭ بەدىئىي ئىقتىدارىدىن گۇمانلانمايمەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ تۇرمۇشنى ۋە ئۆزىنى بىلىشىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىگىنىمۇ چۈشەنمەيمەن.

1983 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتىدە بىر شائىرنىڭ «ئانا قەلبى» سەرلەۋھىلىك شېئىرى ئېلان قىلىندى. بۇ شېئىردا بىر ئانىنىڭ چېگرىدىكى جەڭچى ئوغلىغا يازغان خېتى شېئىرنىڭ مەزمۇنى قىلىنغان. 1984 - يىل 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتىدە يەنە شۇ شائىرنىڭ «سېغىنىش كۈيى» سەرلەۋھىلىك بىر شېئىرى ئېلان قىلىندى. بۇ شېئىردىمۇ يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاشلا بىر ئانىنىڭ چېگرىدىكى ئوغلىنى سېغىنغانلىغى مەزمۇن قىلىنغان. بىز بۇ ئىككى پارچە شېئىرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

«بۈگۈن نورۇز بايرىمىنىڭ هارپىسى.»
(«ئانا قەلبى» دىن)

«جەڭچى ئوغلۇم بۈگۈن نورۇز ئاخشىمى»
(«سېغىنىش كۈيى» دىن)

«خىياللىرىم كەزمەكتىدۇر چېگرىنى»
(«ئانا قەلبى» دىن)

«پىكرىم كېزەر مۇشۇ تاپتا چېگرىنى»
(«سېغىنىش كۈيى» دىن)

«سەن ئالدىنقى قاراۋۇلى كارۋاننىڭ»
(«ئانا قەلبى» دىن)

«كۆرۈپ سېنى پوستا هۇشيار ۋە سەگەك»
(«سېغىنىش كۈيى» دىن)

«قوغداش كېرەك تېنچلىق، بەخت، هەق يولنى»
(«ئانا قەلبى» دىن)

«چېگرا قوغداپ ياۋغا قارشى ئوق ئۈزۈپ»
(«سېغىنىش كۈيى» دىن)
«سەندەك جەسۇر ئوغلانلار بار ئەل ئامان»
(«ئانا قەلبى» دىن)
«ساڭا ئوخشاش ئوغلانلار بار ئەل ئامان»
(«سېغىنىش كۈيى» دىن)

بۇ شېئىردا شائىرنىڭ مەزمۇن تەكرارلىقىنى قايىيە رەڭدارلىقى ئارقىلىق يوشۇرغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇدۇ. مەن بۇ شائىرنىڭ كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدەك بىرەر كۈپلېت شېئىرى بارلىقىنى بىلمەيمەن، پەقەت شائىرنىڭ قاپىيەگە باي، پىكىرگە گادايلىقىنى ياخشى بىلىمەن. شائىر بىلەن بىر دەۋردە ياشاۋاتقان ئاڭلىق زوقلانغۇچىلار مېنىڭ بۇ قارشىمنى ئىنكار قىلمىسا كېرەك. بۇ شائىرنىڭ شېئىرنى نىمە دەپ چۈشىنىدىغانلىقى زوقلانغۇچىلارغا ئوخشاشلا ماڭمۇ سىر بولۇپ كەلمەكتە. شېئىردىكى «ئانا» نىڭ ئوغلىغا يازغان خەتلىرىنىڭ مەزمۇن ئوخشاشلىقىدىن بۇ سادده «ئانا» نى كەچۈرۈشكە بولۇدۇ، لېكىن شېئىرىي پىكىر ئىجادىي بولۇش كېرەك، دىگەن ھەقىقەت بويىچە مۇئامىلە قىلغاندا، شائىرنى كەچۈرۈش تەس.

ئۈزۈندىن بېرى پوئىزىيىمىزدە تېما دائىرىسىنىڭ تارلىقى ئۇقۇم-لاشتۇرۇشنى، ئۇقۇم-لاشتۇرۇش تېما دائىرىسىنىڭ تارلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەدىبىي ھادىسە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇنىڭغا مىسال سۈپىتىدە تۆۋەندە 3 پارچە شېئىر ئۈستىدە توختىلىمىز.

«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1984 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈندىكى ئەدىبىيات بېتىدە «سېستىراغا مەدھىيە»، 2 - ئاينىڭ 2 - كۈندىكى ئەدىبىيات بېتىدە «سالام، ھەربى دوختۇر»، 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈندىكى ئەدىبىيات بېتىدە «ھەمشىرە» سەرلەۋھىلىك شېئىرلار ئېلان قىلىندى.

«دورا بېرىپ ئەھۋالىنى سورىدى.
ئۇ بېشىمدا چىراق بولۇپ يورىدى.
ياخشى كۈتۈش كېسەللەرنى ئادىتى.»
(«سېستىراغا مەدھىيە» دىن)

«كېلىپسەن تەكشۈرۈپ دەرھال ماڭا بەردىڭ ئوكۇل دورا،
يېنىمدىن كەتمىدىڭ بىردەم قىلىپ شەپقەت. بېرىپ ئىلھام.
شىپالىق قوللىرىڭ شۇ كۈن يېنىكلەتتى ئازاۋىمنى.»
(«سالام ھەربى دوختۇر» دىن)

«ئايدەك يۈزىدە كۈلكە قىيانى،
بىمار يۈرەككە نۇردەك ياقىدۇ.
ئۇنتۇلار بەزەن ئاغرىق ئازاۋى،
شېرىن سۆزىدىن سېستىرا قىزنىڭ»
(«ھەمشىرە» دىن)

سېستىرا، ھەمشىرە، دوختۇر بىزدە ئۈزۈندىن بېرى يېزىلىپ كېلىۋاتقان ئوخشاش تېمىلاردۇر. بۇ تېمىدا يېزىلغان شېئىرلارغا كۆپىنچە جانىنى قۇتقازغۇچى بۇ پەرىشتىلەرنىڭ شېرىن سۆزلىرى، دورا بېرىپ كېسەلنى ساقايتقانلىقى، ئاخىرىدا ئاپتورنىڭ ھاياجانلىق

تەشەككۈرى قاتمال مەزمۇن بولۇپ كەلدى. كىم - كىمگە تەقلىت قىلدى ياكى كىم - كىمدىن كۆچۈرۈپ ئالدى، خۇددى بىدىلىكتىكى سېرىق ئۆتىنىڭ يىلتىزىنى تاپقىلى بولمىغاندەك، ئۇچرىغان بىر شائىرنى تەنقىت ئوبيېكتى قىلغىلى بولمايدۇ، لېكىن شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، دوختۇر توشۇرسىدىكى تەييار ئۇقۇم شۇ تېمىدا شېئىر يازغان شائىرلارنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ ساپلىقىنى كوز - كوز قىلىشتا تاللىشىدىغان تەييار تېما بولۇپ قالغان، خالاس. ئېھتىمال ئۇلار ۋەزىن، تۇراق، قاپىيە بولسىلا شېئىر بولىدۇ دەپ چۈشىنىدىغاندۇ. شېئىرىي پىكىرنى قويساقچۇ، قاپىيەگە تولۇپ تۇرغان مىگەمنى شېئىرىي پىكىر دىگەن نەرسىلەر بىلەن قوچۇشنى خالىمايدەن، دەپ قارايدىغاندۇ، ئەگەر ئۇلار مۇشۇ پىكىردە چىڭ تۇرۇدىغان بولسا، ئۇنداقتا مەن ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەقىقىي شېئىر چىقىشىغا ئىشەنمەيمەن.

4. ناتۇرالىزىم بىلەن رېئالىزىمنىڭ پەرقىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش.

ناتۇرالىزىم ۋە رېئالىزىملىق ئىجادىيەت مېتودى پەرقلىق ئۇقۇم سۈپىتىدە ئوكيانۇسقا كىرىپ بولغان، بىزدىن باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئاللىبۇرۇن ھەل قىلىپ بولغان بىر مەسىلىدۇر. بىز يۇقۇرىدا مىسال كەلتۇرگەن سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بەزى شائىرلىرىمىز رېئالىستىك ئىجادىيەت مېتودىدىن چەتنەپ، ناتۇرالىزىملىق خاھىشنى رېئالىزىم دەپ تونۇۋالدى. مەسىلەن: تەلكە تېغى، سايرام كۆلى بويلىرى ... يولدىن ئۆتكەن ۋە مەلۇم دەرىجىدە ئەسلەش ئىقتىدارىغا ئىگە شائىرلارنىڭ ئەكس ئەتتۇرۇش ئوبيېكتى قىلىندى. بۇ ھەقتە يېزىلغان نۇرغۇن شېئىرلاردا «ئاق بۇلۇت» تەك قوي پادىلىرى تەسۋىرلەندى. نەتىجىدە، زوقلانغۇچىلارنى بۇ شائىرلار ئۆزئارا كېلىشىۋالغانمۇ - قانداق؟ دىگەن تۇيغۇغا كەلتۇرۇپ قويدى. ھالبۇكى، بىزگە كېرىكى ماددىي ئەينەنلىك ئەمەس، بەلكى بەدىئىي ئىشەنچ بولغاچقا، بەدىئىي ئىشەنچ يارىتىش ئىقتىدار ۋە تالانت تەلەپ قىلغاچقا، شائىرلارنى قاتتىق ئەيىپلەشكە ھەققىمىز يوق. شۇنداق بولسىمۇ، بىزنىڭ مېتودىمىز رېئالىزىملىق ئىجادىيەت مېتودىي ئىكەنلىگىنى ئۇلارنىڭ سەمىگە سىڭلىپ قويۇشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

ماددىي ئوبيېكتنى ئەينەن كۆچۈرۈپ قويساق، ئۇ شېئىر ھېساپلانمايدۇ. تاشقى دۇنياغا تەقلىت قىلىشقىمۇ يول قويۇلىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن تەقلىت جەريانىدا شائىرنىڭ ئىجادىي باھاسى شېئىرنى شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىشنىڭ ئاساسىي بولۇشى لازىم. چۈنكى بۇ باھانىڭ ئىچىگە شائىرنىڭ گۈزەللىك قارىشى يوشۇرۇنغان بولىدۇ، لېكىن بىزگە شۇ نەرسە ئايدىڭكى، بۇ شائىرلار چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇشنى ناتۇرالىزىملىق دەپ قارىغانلىقتىن، بەدىئىي ئابىستراكسىيىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ - دە، تەسۋىرلەش ئۈچۈن تەسۋىرلەشكە بېرىلىدۇ.

بىزنىڭ بۇ پىكرىمىز شېئىرلاردىمۇ تەپسىلات تەسۋىرى بولۇشنى رەت قىلمايدۇ، چۈنكى ماددىي دۇنيادىكى شائىرغا تەسىر قىلغان شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئۆزىنىڭ ئەينى قىياپىتىنى شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ، شېئىرغا پاكىت بولۇپ كىرىدۇ، بۇ پاكىت ئارقىلىق شائىر شېئىرىي مۇھىت يارىتىدۇ، شائىرنىڭ ھىسسىياتى بۇ مۇھىتقا سىڭىپ كىرىدۇ - دە، مۇھىت ئىچىدە شېئىرىي ئوبراز يارىتىلىپ، شېئىرىي پىكىر بىلەن ئوبرازنىڭ ھەقىقىي بىرلىگى ئىشقا

ئاشۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، «تۇزاڭ قەسىدىسى» ، «تارىم»، «دەريا شاقىرايدۇ قاراڭغۇلۇقتا»، «چۈنكى مەن ئادەم»، «تاغلارنى قۇچاقلاپ»، «قۇچاقلا، ئۇ سېنىڭ داداڭ»، «باھارگۈل ئەسلىدىم، سېنى باھاردا» قاتارلىق لىرىكىلاردا تەپسىلات يوق دېيىشكە بولامدۇ؟ ھېسسىيات قۇرۇقتىن - قۇرۇق «ئىھ، ئاھ» دەيدىغان ئىسلىق سۆزلەر ئارقىلىق ئۇرغۇيدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ تاشقى دۇنيادىكى مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسىنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ، شۇڭا شېئىردا تەپسىلات بولىدۇ. لېكىن بۇ تەپسىلات ناتۇرالىستىك تەپسىلات ئەمەس.

5. ئۇقۇملاشتۇرۇشنىڭ ئىپادىلىرى. ئۇقۇملاشتۇرۇش بىزنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىمىزدە ئەڭ ئېغىر ئەدەبىي ھادىسە بولۇپ داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بىر قىسىم شائىرلار تۇرمۇشقا يۈزلەنمەي، ئابستراكت ئۇقۇمنى ئوبراز يارىتىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ھەر قايسى دەۋردىكى رېئال تۇرمۇشنى چوڭقۇر، بەدىئىي ئىشەندۈرەرلىك قىلىپ ئېچىپ بېرەلمىگەچكە، ئۇلارنىڭ ئۇقۇملاشتۇرۇلغان ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋىي ۋە بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچى كەم بولدى. بەزى شائىرلارنىڭ ئەمگىكى زور بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەنىۋىي قىممىتى يوق ھېساپتا بولدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئۇقۇملاشتۇرۇشنى يېڭىشتە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن نۇرغۇن شائىرلارنىڭ يازغان شېئىرلىرى زوقلانغۇچىلار ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى، لېكىن بىر قىسىم شائىرلار داۋاملىق ئۇقۇملاشتۇرۇش يولىنى بويلاپ كېتىۋەردى. بىز «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دەۋرىدە تەنقىتنىڭ غەيرى رولىدىن پايدىلىنىپ، ئۇ شېئىر قاراڭغۇ تەرەپنى پاش قىلدى، بۇ شېئىرنىڭ مۇقامى چۈشكۈن، خاھىشى ساغلام ئەمەس، دەپ تەنقىت قىلدۇق. لېكىن ئۇ چاغلاردا ھېچكىم جۈرئەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ ئۇقۇملاشتۇرۇش، شېئىر ئەمەس دېيەلمىگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە، «ئىجادىيەت ئەركىنلىگىگە ئىگە بولمىغان شائىرنى تەنقىتلىگەن تەنقىتچىنىڭ ئۆزىمۇ ئەركىن ئەمەس» ئىدى. ئىجادىيەت ئەركىنلىك بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلگەن بۈگۈنكى دەۋردە جۈرئەتكە زېمىن ھازىرلانغان بولسىمۇ، لېكىن جۈرئەت ئادەت كۈچىگە تەڭ كېلەلمىگەنلىكتىن، ئۇقۇملاشتۇرۇشنى دادىل تەنقىت قىلالمىدۇق، ھەتتا بۇنداق شائىرلارغا مەدەت بەردۇق، يۆلىدۇق. نەتىجىدە، تۇرمۇش بىلەن پوئېزىيىنىڭ ئارىلىقى تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتتى. شېئىرنىڭ خەلق ئىچىدىكى تەسىرىگە ئېغىر زىيان يەتتى.

ئۇقۇملاشتۇرۇشقا 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتىدە ئېلان قىلىنغان مۇنۇ شېئىر مىسال بولالايدۇ:

«قارىغاي، قارىغىنە،
يېشىللىشىدۇ،
قار قېلىن، قىش قاتتىق بولغانسېرى.
ئادەممۇ بىلەمسەن، گۈزەللىشىدۇ،
جاسارەت، غەيرەتكە تولغانسېرى.»

بۇ شېئىردا ئالدىنقى ئىككى مىسرادا قارىغاينىڭ كۆكىرىپ تۇرۇشىغا قار بىلەن قىش شەرت قىلىنغان. كېيىنكى ئىككى مىسرادا ئادەمنىڭ «گۈزەل» بولۇشىغا جاسارەت ۋە غەيرەت-

تىن ئىبارەت ئابستراكت ئۇقۇم شەرت قىلىنىپ، قارىغاي بىلەن ئادەم سېلىشتۇرما قىلىنغان. بۇ ئەمەلىيەتتە، «قارىغاي ياشىرىپ تۇرىدۇ، مەنمۇ قارىغايدەك بولىمەن» دەيدىغان ۋەدىنامىنىڭ تەكرارلىنىشى بولۇپ، «جاسارەت، غەيرەتتە ئۆتتۇق يالۇجياڭدىن» دىگەن كونا ناخشىنى ئىختىيارسىز ئەسلىتىدۇ.

ئوخشىتىشنىڭ شېئىرلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى رولى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. بەزى ئوخشىتىشلارنىڭ تولا ئىشلىتىلىپ كونىراپ كەتكەنلىكى ئوخشىتىشنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئورنىنى تۆۋەنلەتتى، شۇنداقلا ئۇقۇملاشتۇرۇشنىڭ سەۋەپلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. «ئالتۇن» ھەممىمىزگە مەلۇم، تاۋارلىق قىممىتى ناھايىتى ئۈستۈن بولغان بىر خىل مېتال بولۇپ، پوئېزىيىمىزدە ئۇزۇندىن بېرى ئوخشىتىش ئورنىدا ئىشلىتىلمەكتە. «ئالتۇن مۇقام»، «ئالتۇن نۇتۇق»، «ئالتۇن ساز»، «ئالتۇن پىيالە» قاتارلىق ئوخشىتىشلارنى لېرىكىلاردا، داستانلاردا ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. بۇ شېئىرلارنىڭ ئاپتورلىرى ئىجادىيەت جەريانىدا خېلى كۈچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز شېئىرلىرىدا «ئالتۇن» دىگەن بۇ ئۇقۇمنى ئىشلىتىۋەرگەچكە، زوقلانغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇردا شېئىرنىڭ گۈزەللىك قىممىتىنى تۈگىتىپ ياكى تۆۋەنلەشتۈرۈپ، ئۇقۇملا قالدۇردى. يولداشلار «ئالتۇن» ياكى «بۇلبۇل» نى شېئىردا تەكرارلاش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىستىتىك قاراشلىرىدىكى ئادىتىغۇ دېيىشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە، بىر مىللەتنىڭ ئىستىتىك قاراشلىرى قېتىپ قالغان نەرسە بولماستىن، بەلكى دەۋرنىڭ تەرەققىياتى ۋە تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، تەرەققى قىلىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە، بۇ نۇقتىنى چۈشەنمىگەن شائىرلىرىمىز زوقلىنىش پائالىيىتىنىڭ ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇر پائالىيىتى ئىكەنلىكىنى، ئادەم ماھىيىتىنىڭ يېڭىلىقتا ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىش تەرىپىنى ئەستىن چىقىرىپ قويغان بولىدۇ.

مەن يۇقۇرىدا شېئىر ئىجادىيىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. دەۋرىمىز ۋە شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيات مەنزىرىسى ئىلھام بەرگەچكە، دادىللىراق بولۇشقا توغرا كەلدى. ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئوبيېكتىپ جەھەتتە، سولچىللىقنىڭ كاساپىتىدىن بولدى دېيىلسە، سۇبيېكتىپ جەھەتتە، ھەر بىر ئاپتورنىڭ ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىنى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. تۇرمۇش ساڭا بەزىدە ھومىيىپ قارايدۇ، بەزىدە كۈلۈپ قارايدۇ، ھومىيىپ قارىغاندا، ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىقىمىز، كۈلۈپ قارىغاندا، ھودۇقۇپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. ئادەم تۇرمۇشتا مەقسەتلىك ياشىغان ياخشى، مەقسەت دىگەن سۆزنىڭ كەينىگە «ئاڭ» دىگەن ئۇقۇمنى قوشساق ئۇ مەقسەتلىك ئاڭ بولىدۇ. مەقسەتسىز ئۇيانغا دوقۇرۇپ، بۇيانغا دوقۇرۇپ، ئۆمرىنى مەنىسىز ئۆتكۈزگەندىن كۆرە، ئىجادىيەتتە مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئېنىق نىشان بولغىنى تۈزۈك.

سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز، خەلقىمىز شېئىرغا موھتاج. دەۋرىمىز ئىجادىيىتىمىزنى ئەركىنلىك بىلەن كاپالەتلەندۈردى، يازايلى، ئۇستازلار، دوستلار، يازايلى. شېئىرنى سىيا بىلەن ئەمەس، بەلكى يۈرەك قېنىمىز بىلەن يازايلى!

AltunQ

# قارا دولان

(ھېكايە)

نۇر روزى

ئۇستام ئوبدان ئادەم، لېكىن-زە، مىجەزى بەك چۇس: مايىنى سىزىۋلدۇرمەي قويسام، بىگىز قىلى بىلەن پېشانەمگە نوقۇيدۇ. گايكىلارنى تەرتىۋى بويىچە چىڭىتمىدىڭ دەپ، كۈلۈچنى سىلكىشلەپ تارتىۋالدۇ. تېز دەسسەپ، ئاستا قويۇپ بەر دەپ، بەزىدە پۇتلىرىمغا تېپىپمۇ سالىدۇ.

«كىچىككىنە بىخەستەلىك قىلساڭ، مىڭ نەچچە كوينىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇسەن» دەپ كايىشلىرىچۇ، تېخى... يەنە مۇنداق قىلىقلىرىمۇ بار تېخى: قۇرۇق غازاڭ شىرىق قىلغۇدەك شامال چىقىپ قالدىمۇ، بولدى. «نېمىشقا يېلىڭ يۇرۇسەن؟ ئاغرىپ قالىسەن!» دەپ دوق قىلىشلىرىنى دېمەيسىز. لەپىلدەپ قار يېغىۋاتسا كارى يوق. مېنى مېھمانخانىدا ياتقۇزۇدۇ، ئۆزى تىراكتورنى باقىدۇ.

يىلغا چىققاندىن كېيىنلا يولدىن كۆزنى ئۈزمەي، غىڭشىپ دولان ناخشىسىنى باشلايدۇ:

«ئالدىم دولاننىڭ قىزىنى... ئو... ھو... ي
ئايدا يۇمايدۇ يۈزىنى... ئى... ئى... ھە... ي
قىيپ يۈزۈڭنى يۇ دىسە ھە... ە... ي
ئۇيىدەك ئالايتىدۇ كۆزىنى... ھو... ھوي...!»

— ھا... ھا... ھا! قىزىقمىكەن؟

— قىزىقلىغىنىمۇ قىزىقكەن، ئايدا يۈزىنى يۇمايدىغانمۇ ئادەم بولامدىكەن؟ ئۆزىڭىزمۇ دولانلىقمۇ؟

— ئەخمەق! بۇ دېگەن چاقچاق غەزەل. كۆرۈۋاتسەنغۇ! يىگەن-ئىچكەندەك، سوقا سەندەلدەك، سۆزلىرى چاقماقتەك، مەڭزى قىپ-قىزىل ئانارەدەك دولان ئاياللىرىنىڭ گۈپ-گۈپ كەتمەن چاپقىنىنى، نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولۇدىكەن؟!

يېڭى بىر ماشىنا كېلىۋىدى. ئىدارىدىن ئۇستامغا تاپشۇردى، ئۇ خۇددى مېنىڭ ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىمنى بىلىۋالغاندەك:

— بولدىلا ئۇكا! مۇشۇ تىراكتورنىڭ مەينەت-مۇشەققىتىنى مەنلا تارتىپ ئۆتۈپ كېتەي! — دەپ ماشىنىنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويدى.

«رەھمەت. ئۇستامغا مىڭ رەھمەت! مەنمۇ ئۇستامنى رازى قىلىپ، رەھمىتىنى بىر ئالاي» دېدىم ئىچىمدە.

ماشىنا-ماشىنىلاپ ئوتۇن-كۆمۈرلەرنى ئەكەلدىم. رەھمەت دەيدۇ-يۇ، ئىدارىنىڭ ئاشخانىسىغا تاشلايدۇ. قوغۇن-تاۋۇزلارنى توشۇدۇم. بۇنىڭغىمۇ رەھمەت... قارىسام،

دوختۇرخانىغا تىزشۇيدۇ...

لېكىن بىر باغلام ئوتۇن، توك سويىملار ئۈچۈن سىنىت ئۈستىدە تىك تۇرۇپ سودىلىشىدۇ.

قانداق ئىشكەن تاڭ، بىزنىڭ كۆزىمىز ئۈچ يىلدىن بېرى مانا شۇنداق قىلاشماي ئۆتتۈۋاتىدۇ.

بۈگۈن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قېلىش خىيالىمىزغىمۇ كەلمەپتۇ.

— ۋاھ! ئەجەپمۇ بەلەن بولدى. خۇدايىم دىلىڭغا سالغاندەكلا، دەل ۋاقتىدا كەلدىڭغۇ.

ۋاي - ۋۇي ئۇستامنىڭ يۈزلىرىنى... ماي، توپا - چاڭدا قاسماقلىشىپ كەتكەن، خۇددى سەگەزدە چۈمبەل تارتىۋالغاندەكلا ئالا بۇلماچ!

— ھە! نىمىگە ھەجىيىسەن، ئىككى چىشلىق كېۋەزدەك؟!

— ئەگەر ئويۇن قىيساق - زە، سىزنىڭ نومۇرىڭىز بىلەنلا بىر يىللىق كىرىم توپلىيالايدىكەنمىز.

— ھەددىڭدىن ئاشما!

ئۇقسام ئۈچ كۈن بوپتۇ. جاڭگالغا بېرىپتىكەن، يول ناچار ئىكەن. تىراكتور تولا سىلكىنىپ ماي يولىلاش نەيچىسى يېرىلىپ كېتىپتۇ. بىر نەرسىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ ئاران مۇشۇ يەرگىچە كېلەلەپتۇ. كېچىدىن بېرى ئاچ قۇساق ئولتۇرۇپتۇ.

ماشىنىغا سۆرۈتۈپ ئاپىرىپ قويماقچى بولدۇم.

— نىمە بېسىپ كەلدىڭ؟

— ئوغۇت.

— ئوغۇت؟! ئۇنداق بولسا، كېتىۋەر! — ئۇنىڭ يىرتىلغان خالتىلارغا قاراپ بىردىنلا ئەرۋايى ئۇچتى - دە، توۋلىدى.

— ماڭ! تېزرەك يېتىپ بار! يامغۇردا قالسا ئىش چاتاق! ئوغۇت بۇزۇلمامدۇ؟! ماڭا ئىككى كۈلۈچ بەرسەڭلا ئامال قىلىپ كېتەلەيمەن.

×

يول ساسلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئىدى. ئالا - پاساق شور ئۆرلىگەن پاتقاق، تولىمۇ ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئىدى. ماشىنا ئىغاڭلاپ غاراس - غۇرۇس غىچىرلايتتى.

كەتمەن ئورنى چاغلىق كاداڭغا توغرىلىنىپ قالدىمۇ، بولدى. لەسسىدە يېتىۋالدۇ - دە، چاق «پىر - پىر» پىقىراپ ئاچچىق لايىنى چاچرىتىپ جايىغىلا ئولتۇرۇشۇپ قالدۇ.

قارغۇلار! شۇنچە كەڭرى جاھاندا يەر تاپالمىغاندەك...! سەللا ئايلانسا بولۇدىكەنغۇ؟! ئېسىستەي...! بۇ يولدا ماڭغان ماشىنىنىڭ جېنىغا ۋاي...!

... لېكىن دەردىڭنى كىم ئاڭلىسۇن؟!... ئاچچىق زەي پۇراپ تۇرغان بۇ ساسلىقتىن ئەسلا سادا يوق! ئامالسىز چاقنىڭ تېگىنى كولايتتىم. ماشىنىنى پاتۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ رولىنى گاھ ئۇيان - گاھ بۇيان بۇرايتتىم. تورمۇز بەكمۇ زىل ئىدى. تەپكىگە پۇتۇمنىڭ ئۇچى تېگىپ بولغىچە ماشىنا شىپ - شىپ توختايتتى. لېكىن - زە،... كاساپەت بۈگۈن نىمە بولدىكىن تاڭ، ئۇقۇدۇم. شۇنچە كۆچەپ دەسسەپمۇ، كۆزلىگەن نىشاندا زادىلا توختىتالمايىۋاتىمەن. قىرىشقاندەك مەن قاچۇرغان ئاشۇ خۇددا ئىزغۇر ئازگاللارغا لوككىدا چۈشكەندىلا، لۆم - لۆم پاتقاقتا ئوقچىچە پاتقاندىلا توختايدۇ. قانداق بولغىنى، كاساپەت تورمۇز نىمشقا ئاددىنى بۇنداق قىينايدىغاندۇ؟! ھە، مانا كاشىلىنى تاپتىم.

تورمۇز لېنتىسىنى تەڭشىگۈچى گايكا بوشىشىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟

ھېچقىسى يوق. بۇ دېگەن ئاسان گەپ، بۇنداق ئىشلار ئۈچۈن شوپۇرلار بېشىنى قاشلاپ ئولتۇرمايدۇ. سەللا چىڭىتىپ قويسا بولۇدىغۇ.

تاراقشىتىپ نەرسە - كېرەكلەرنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتىم. لېكىن ئىزدىگەن 19 × 17 - نومۇرلۇق كولۇچىنى تاپالمىدىم. مەيلى ئۇ بولمىسا كارايىتى چاغلىق!

يىغما كولۇچ... ۋۇي ئاپلا! مېنىڭ بۇ كاللامنى! ھېلىقى كولۇچ بىلەن يىغما كولۇچ ئۇستامدا قالدى ئەمەسمۇ؟! يامان بولدى. ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى! ئامالسىز گايكىنى قولۇم بىلەن چىڭىتىش ئۈچۈن شۇنچە كۈچەپ باقسامۇ بولمىدى. گايكا داتلىشىپ كەتكەنلىكتىن، مىدىر قىلمىدى. قوللىرىم غاجىلىنىپ، قىپ - قىزىل قان ئۆرلەپ چىقتى، خالاس.

... ئىشنىڭ تەتۈر كەلگەنلىكىنى قارىمامدىغان؟! يەنە ئۇستامنىڭ دېگىنىدەك چىقتى، ئەتىيازنىڭ قويۇن ئارىلاش شاملى ھەيدىگەن قاپ - قارا بۇلۇتلار، خۇددى ھازىرلا چېلەكلەپ يامغۇر قۇيۇۋېتىدىغاندەك ھەيۋە بىلەن قارا تۈتۈندەك باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. تېشىلگەن، خۇددى ئىت تالىۋەتكەندەكلا تىتما - كاتاڭ يىرتىلغان قاپلاردىكى ئوغۇتلار مانا مەن دەپ ئوچۇقلا كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى. تېخى ئەتىگەندىلا ئۇستامنىڭ زەردە بىلەن «قاملاشمىغان ئىش قىلىپسەن! يامغۇردا قالسا، بۇزۇلۇپ قالامدۇ؟! چاققان تەككۈز!» دېگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە، بۇ ئىشقۇ قاملاشمىدى. نىمە ئامال...؟ قاملاشمىسا قانداق قىلىمەن؟ يېرىم يولدىلا ئالدىمنى توساپ جىگدىنىڭ كۆتەكلىرىنى بولدى دېگىچە باستۇرغان باشلىق خالتىلارنىڭ يىرتىلىپ، تېشىلىپ كېتىشىنى بىلەمتى؟ بىلەتتى. لېكىن بۈگۈن يامغۇر يېغىپ قېلىشىنى بىلمەيتتى - دە! مەنمۇ بىلمەيتتىم. بىلسەمغۇ ئۇنى - بۇنى دەپ باشقا كۈنى ئەكىلىپ بېرىشكە كۆندۈرگەنمۇ بولاتتىم.

×

ئەگىز سۇيى ئۈستىگە سېلىنغان بۇ كۆۋرۈك دەريانىڭ ئۈستىدە خۇددى سەگۈنچۈكتەك ئېسىلىپ تۇراتتى. بۇ بېشى تىك قىرغاقتا، ئۇ بېشى ساتمىغا ئوخشاش كىچىككىنە بىر ئۆينىڭ يېنىدىن ئويۇپ ئېلىنغان يولغا تاقىشاتتى.

كەپىنكىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرۇپ يىراقلارغا تىكىلدىم، كۆزۈم تالدى. يولدا ئىنسى - جىن كۆرۈنمىدى. خۇداغا شۈكرى، دېدىم - دە، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ماشىنىنى ئاستا قوزغىدىم. ھەي...! بۇنىمۇ كۆۋرۈك دېگىلى بولامدىغان؟! ماشىنا غاراس - غۇرۇس غىچىرلاپ ئىككى يانغا ئىغاڭشىغىلى تۇردى. كۆۋرۈكنى كۆتىرىپ تۇرغان كېمىلەر سۇنى شالاق - شۇلۇق چالغىتىپ كۆزۈمنى ئالا - چەكمەن قىلىۋەتتى.

دەل شۇ چاغدا، ئاپلا، خۇدا ئۇردى! ھېلىقى يولنىڭ دوقمۇشىدىن ئۈچىلىغى قوسىقىغا چۈشۈپ قالغان بىر ئېشەك قۇلىغىنى خۇددى توشقاندەكلا دىڭگايتىپ، چىچاڭشىپ چېپىپ چىقىپ كەلدى.

يۈرىكىم قارتتىدە قىلدى - دە، قول - پۇت تورمۇزلىرىنى تەڭلا ئىشقا سالدىم. ئەستەغپۇرۇللا! بۇ نەسچىلىكنى، كار قىلمىدى. بۇزۇق تورمۇز ئۆزى بىلگەننى قىلدى...! ماشىنا يۈرىكىمنى سىقىرىتىپ، توختىماي مېڭىۋەردى.

ھا... ھا... ھاي! خۇداغا شۈكرى! ئۇنىڭغىمۇ جان لازىم ئىكەن. ئېشەك ماشىنىنى كۆردى بولغاي، چۆچۈپلا تاق

تۆختىدى - دە، خارتىلا قىلىپ ئارقىسىغا ياندى.

... لېكىن ... ماۋۇ پېشكەللىكنى ...! خۇدا ئۇرغۇر سەت قېتۇرنى قارىماىدىغان!

قېغىلاپ كېلىۋاتقان بوۋاينى كۆرۈپلا، كەينىگە ياندى. شۇنداق قىلىپ ئالدى - ئارقىسىغا بىر نەچچە قېتىم يېنىپ چۆگىلەپ ئاخىرى، ماشىنىغا ئارقىسىنى قىلغىنىچە تىرەجەپلا تۈگۈلۈپ تۇرۇۋالدى.

بوۋاي كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قولدىغىدىن تۇتقانچە سۆرىدى - يۇ، ئۇلگۈرەلمىدى ... بولمىدى ... ماشىنا ئېشەككە گۈپپىدە ئۇسسىدى - دە، سىلكىنىپ شىپپىدە تۆختىدى.

ئاھ خۇدا! ماشىنا دىگەن نەرسىنىمۇ، ھەيدەمدىغان كىشى!

×

«تاك - تاك - تاك» كەپىنكە بوشقىنا چېكىلدى. لېكىن خۇددى بولىقا بىلەن چوقۇغاندەكلا، بېشىم زىڭگىدە قىلدى - دە، قورقۇپ سوغاق تەر بېسىپ، لاغ - لاغ تىترەپ كەتتىم.

ئۈچ يىل ئىلگىرىكى بىر كېلىشمەسلىك ھىلىھەم ئېسىمدە، بىر توخۇنى باستۇرۇپ قويۇپ، ھەققىنى ھەسسىلەپ تۆلەپ، ئۇسىتىلەپ يىگەن تاياقتىن قالغان تاتۇق مانا، سول چېكەمدە كۆرگەزمە بولۇپ تۇرۇپتۇ.

ئەمدى قانداق قىلاي، تۆلەتسىغۇ ئېشەكنىڭ خۇنى دىگەن تايىنلىق بىر نىمە، جان ئاچچىغىدا ... كەپىنكە يەنە چېكىلدى. قورقۇنچىدا بېشىمنىمۇ كۆتىرەلمەي كۆزۈمنى ئاستا ئاچتىم - دە، چۆچۈپلا كەتتىم. ئاللا كارامەت، بۇ دەھشەتنى!

بوۋاي چېقىر كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە تىكىلىپ تۇراتتى. يىرىك، شالاڭ، سېرىق قاشلىق، ياپما قاپاقلىرى خۇددى بىر جۈپ خوخا گۈلنى چاپلاپ قويغاندەكلا ئىدى. سىم ساقاللىرى دىر - دىر تىترەيتتى.

يامان بولدى. چۆجىنى قامالىغاندەك بوغۇپلا - دەرياغا تاشلىۋەتسە ... مانا كۆۋرۈك ...

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — بوۋاي قولىنى ئۇزاتتى. يېنىدىكى ياشانغان ئايالمۇ، ئەنسىز قاراشلىرى بىلەن ماڭا تىكىلگەن ئىدى.

غەلىتە ئىش، سۆرۈن تىلەتىنى سۇر بېسىپ تۇرۇۋدۇ - يۇ، كۆرۈشۈشكە قولىنى بەرگىنى نىمىسى، پەملەپ گاچ - گۇچ سالمىسۇن يەنە! قولىدا تېخى ئۇزۇن يۇلغۇن تايىغى. لاغىلداپ تۇرغان قاسماق قولۇمنى چىقاردىم. لېكىن قورقۇنچىمدا، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالامغا زادىلا تىلىم كەلمىدى.

— ياپىرىم، خۇدايىم بىر ساقلىدى - دە! تاس - تاماس قالدى، پوكەيلى بولۇپ كەتكىلى، كۆرىدىغان كۈنۈڭ بار ئىكەن ئۇكا، مىجەزىڭ يوقمۇ نىمە؟

تىلىم كالۋالىشىپ دۇدۇقلىدىم:

— ياق - ياق، مەن ساق، ھىچنىمە بولمىدىم.

— ئۇھ ...! — بوۋاي چوڭ بىر تىنىدى، — مۇنداق دىگىنە، سەندىن ئەنسىرەپ جان - پېنىم چىقىپ كەتتى. بولدى قورقما، چىرايىڭ تاتىرىپلا كېتىپتۇ، ئادەمنى قورقۇتۇپ!

ئالدىنقى چاق، كۆۋرۈكنىڭ قىرىنى پەقەت يېرىملا چىشلەپ قالغان ئىدى. كۆپ - كۆك سۇغا قاراپ تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى. يىقىلىپ قالغان ئەگەر سۇيى بولغان بىلەن، دەريانىڭ تېگى كۆرۈنمەيتتى. — تۇرۇپلا كەتتىڭغۇ؟ بولغۇلۇق بولدى، ئورنىغا كەلمەيدۇ. بولدى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما! ئىش قىلىپ ئامان قالدىڭ، خۇداغا شۈكرى، دىسەڭ بولىدۇ. ماشىناڭ بۇزۇقمىدى؟ ھېي، ئاۋۇ قولۇڭغا نىمە بولدى، مۈشۈك تاتىلىغاندەك قىيما - چىيما بولۇپ كېتىپتىغۇ؟

ھىلقى ئايالنىڭ كۆزىدۇ لىپپىدە قىزىلغا چۈشتى. ئۇ ئاپپاق رومىلىنىڭ چېتىدىن چىرتتىدە يىرتتى - دە، قولۇمنى پاكىزە سۈرتۈپ تېڭىۋەتتى. بوۋاي ئوبدان قىلدىڭ، دىگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى:

— ئەمدى بولدى، سۇ تەگمىسىلا يېرىڭداپ قالمايدۇ. نىمە بولدى؟

— تورموز بۇزۇلۇپ قالدى. شۇنى ئوڭلايمەن دەپ ...

— ئەسۋاپتا ئوڭلىساڭ بولماسمىدى؟ يوقمىدى - يا؟

— بار ئىدى، ئۇستامدا قالدى. ئوغۇت يامغۇردا قېلىپ بۇزۇلۇپ قالامدىكىن دەپ ئالدىراپ ...

— ئوغۇت؟! ھوي، ئوغۇت بېسىپ كەلدىڭما؟ — بوۋاي تاققىدە چاققا دەسسەپلا ماشىنىغا چىقتى، — ۋاي، ئەجەپمۇ ئۇلۇق ئىش قىپسەن! بىر قوشۇق ئوغۇت ئۈچۈن جان بېرىدىغان چاغدا، خالتىلار يىرتىلىپ كېتىپتۇ. بىر نەرسە يېپىپ قويساڭ بولۇپتىكەن.

— پالاس خالتىلارنىڭ تېگىدە قاپتۇ.

— ھەي، خامدە - خام. ئۇستاڭمۇ تازا پىشمىغان ئادەمكەن. شاگىرتىنىڭ ئەسۋابىنى ئېلىۋېلىپ مۇشۇ كۈنگە قويغان بولسا!

— ياق - ياق، ئۇستام بەلەن ئادەم. تىراكتورى يولدا بۇزۇلۇپ قاپتىكەن. ئۇ چاغدا ماشىنام ساقتى. بىزنىڭ ئاشلىق ئىدارىمىزدىكى ھەممە ئادەم ئۇستامنى بەك ئاق كۆڭۈل دەيدۇ. راست دەيدۇ.

— ئاشلىق ئىدارىسىدا، دەمسەن؟! ھىلقى ساپايىدەك، ھەممە يېرى تەڭ شالاقشىيدىغان كۆك تىراكتور؟

— ھە، شۇ. شۇ تىراكتورنى ھەيدەيدۇ، بىلىدىكەنلا؟

— ھىم! ئاق كۆڭۈلمىش.

بوۋاينىڭ ئۇچۇلۇقىنى يېپىشىۋاتقان قىزىللىرى تىترەيتتى، ئۇلۇق - كىچىك تىناتتى.

— ئىست، ئون يىل كۈچ بەرگەن ئىدى. ھە، قېنى كېلە، سۇنى بولغىمىسۇن بۇ نىجاسەت، — ئىككىمىز ئىشەكىنىڭ قولىغىدىن تۇتتۇق، دار - دار داقىرىتىپ يىگىرمە قەدەم نېرىدىكى بىر ئازگالغا تاشلىدۇق، — ئۆلگىسى كەلگەن - دە، بۇ ھارامىلىقىنىڭ. گالۋاڭلىقنى، جاھىللىقىنى خۇدايىم مۇشۇ جاڭۋاغا مۆھۈرلىۋېتىپتىكەن. خوتۇننى مىندۈرۈپ قويىمۇدىم، ئىككىنى ھالازلاپلا يىقىتىۋېتىپ قاچتى. ئاخىرى ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقتى.

بوۋايغا قانداق ناماقۇل بولۇشنى، نىمە بىلەن رازى قىلىشنى بىلمەيتتىم. خىجىللىقتا يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. يېنىمدا بار - يوقى ئون كويلا پۇلۇم بار ئىكەن. بېشىمنى كۆتەرمەيلا ئۇنىڭغا تەڭلىدىم!

— پۇل؟! — بوۋاينىڭ يىرىك بۇرۇتلىرى لىك - لىك تىترىدى - دە، چېقىر كۆزلىرىنى ماڭا مىقتەك تىكتى، — نەدە چوڭ بولغان نىمىسەن؟! ئادەمنى ئۇنداق پەس چاغلىما، بۇ دىگەن — تاپ، ئىتنىڭ رىسقى. قايسى دولان تاپ ساتىدىكەن؟ مەن دىگەن قارا دولان. تاپ سېتىپ دوزاققا چۈچۈلا بولسۇن دەمسەن؟! تۆت كۈنلۈگۈم قالغاندا! — ئوغۇتنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇر! ھالال ئىش قىل! ئەكىلە، بىر شورىۋالاي! ۋاي - ۋۇي، ئۆزەك غورىلايدەك سېرىق تۈك باللىكەنسە - نۇ، قاتتىق كۈچلۈكىنى چېكىدىكەنسەن. ئوھ - ھو! ئوھ - ھو! ئوھ - ھو!

دەل شۇ چاغدا ھىلقى ئايال، بوۋاينىڭ قىزىلدىكى تاماكىنى سىلكىپلا تار-

(دۋامى 138 - بەتتە)

# مەن ئاق بايراق ئەمەس

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

1

كۈمۈش كەبى يالتىراق،
مەرۋايىتتەك پارقىراق
بىر چوققا بار ئاسمانغا مەغرۇر بېشى تاقاشقان،
ئۇنىڭ ئېتى خانتەڭرى، تىيانشانـغا جايلاشقان.
مەشرىقتىن چىقسا ئاپتاپ،
ھەممىدىن ئاۋال باشلاپ
شۇ چوققىنى سۆيىدۇ مەڭزىگە يېقىپ مەڭزىن،
ئۆتۈپ ئۇنىڭ قېشىدىن، غەرپكە ماڭار ئاندىن.
كېچە بولسا تولۇنئاي
ئۆتمەيدۇ ئۇندا قونماي،

يەتتە يۇلتۇز ھەم ھۈلكەر، زۇھەل بىلەن مۇشتەرى،
ئۇنى ئەگىپ ئۆتىدۇ تازىم قىلىپ ھەر بىرى.
ئېرىمەيدۇ قىش - يېزى
ئاق شايىدەك قار - مۇزى،
كۆكرىگىگە تاقاغلىق تەبىئەتنىڭ ئەركىسى —
تاشنى يېرىپ چىققان بىر مۆجىزە قار لەيلىسى.
شۇڭلاشقىمۇ بۇ چوققا
بەزى بولۇپ ھۆرلىقا،
كۆرۈنىدۇ كۆزلەرگە ئاق ئېچىلغان گۈل كەبى،
ياكى باھار كۈنلىرى ئاققۇ قونغان كۆل كەبى.

2

بۇنى بىلمەي بىر جاناپ،
خانتەڭرىگە بىر قاراپ،
دەپ تاشلىدى: «بۇ چوققا يىراقتىن قارىماققا
ئوخشايدىكەن ئەل بولغان قوشۇن تۇتقان بايراققا.»

3

خانتەڭرى بۇنى ئاڭلاپ،
كۈلۈۋەتتى قاقاقلاپ،
دىدى: نەدە چوڭ بولغان بېشى قاپاق جاناپسىز؟
قۇلاق سېلىڭ، قالمىغاي بۇ گېپىڭىز جاۋاپسىز!
دەرۋەقە، ئاق مەن ئۆزۈم،
ساقال - چېچىم ھەم يۈزۈم.
لېكىن، ھەرگىز ئەمەسمەن سىز ئېيتقاندەك ئاق بايراق،
تەبىئىتىم - مىجەزىم ئاق بايراقتىن بەك يىراق.
ئادەم ئاتا ھەم ھاۋا
جەننەتتىن چىققان چاغدا،
تۇنجى تۇغۇلغان ئوغلى مەن ئىدىم بۇ زىمىندە،
بوز ئېچىپ، ئۇرۇق چاچقان يېشىل ۋادى تېرىمدە.
نىرھنىڭ كېمىسى توپاندا،
يول تاپالماي ئازغاندا،
ئاغزىمغا زەيتۇن چىشلەپ بارغان كەپتەر مەن ئىدىم،
ھاياتلىقنىڭ نىشانى — ئاشۇ خەۋەر مەن ئىدىم.
قوش مۆڭگۈزلۈق ئىسكەندەر،
باشلاپ كەلگەندە خەتەر،
ئۇنىڭ ئۆتەر يولىنى توساپ قويغان مەن ئىدىم،
شەرقلىقنىڭ كۈچىنى تونۇتۇپ قويغان مەن ئىدىم.
يىپەك يۈكلىگەن كارۋان
قوڭغۇراق جاراڭلاتقان
ئاشۇ قەدىم يوللاردا ھەم قوروقچى - پاسىبان،
ئاش تۇز بېرىپ كارۋانغا ھەم بولغانىتىم ساھىپخان.

ئەي جانابى مۆھتەرەم،
بىلىپ قويۇڭ شۇنى ھەم،
تارىخ دىگەن كىتاپنىڭ خېتى مەندە پۈتۈلگەن،
نى - نى چېگىش تۈگۈنلەر مېنىڭ بىلەن يېشىلگەن.
قەغەز، كومپاس، مەتبەئە،

دورا دېگەن مۆجىزە،
مەندىن ئۆتۈپ جاھانغا تارالغان ھەم كېڭەيگەن،
مەدەنىيەت بۆشۈگىن ئۆز قولۇمدا تەۋرەتكەن.
دېمەك، تا ئەلمىساقتىن،
بېرى بارمەن ئۇزاقتىن.
شۇڭا بېشىم ئاقارغان، ھەتتا كىيگەن تونۇم ئاق،
لېكىن، ئۆزۈم ئەمەسمەن سىز ئېيتقاندەك ئاق بايراق.

بۇ ھۆر زېمىن ۋەتىنىم،
ئاڭا باغلىق جان، تېنىم.
چاچ - ساقالىنىڭ ئاقلىغى ــ تارىخ قەسىرىنىڭ ھۆلى،
كۆككە تاقاشقان بېشىم شۇ ۋەتەنىنىڭ سەۋۇلى.
قارا بۇلۇت تۇسسىمۇ،
چاقماق كېلىپ سوقسىمۇ،
ئېگىلمەستىن بۇ بېشىم مەغرۇر تۇردى ھەممە ۋاق،
قانداق قىلىپ مەن ئەمدى بولۇپ قالاي ئاق بايراق!
قەلبىم قىزىل چوغ تۇرۇپ،
قىزىل تۇغنى كۆتىرىپ،
كېتىۋاتسام مەيداندا، ناخشام غالىپ ۋە ياڭراق،
قايسى يۈزىڭىز بىلەن مېنى دەيسىز ئاق بايراق!

1984 - يىل، 22 - سېنتەبىر.

(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1985 - يىل 11 - يانۋار سانىدىن).

## ئەينەك

# «ئۇنداق قازانغا، مۇنداق «چۆمۈچ»

(«دەرۋىش مولla... ئىپتقانلىرى» ناملىق ئەدىبىي ئەسلىمىدىن پارچە)

### ئەاقەم ئەختەم

بىزنىڭ يېزىدا ئەمەك (ئەمىردىن)، قەمەك (قەمىردىن) ئىسىملىك ئىككى كىشى بار ئىدى. يېزىدىكى جامائەت ئەمەكنى «ئەپلەشكەن»، قەمەكنى بولسا، «كەپلەشكەن» دەپ ئاتىشاتتى.

ئەپلەشكەن ئوتتۇرا بويلۇق، قەددى-قامىتى كېلىشكەن، چېچەن، چەبدەس، ھەر قانداق ئىشنىڭ ئېپى-جېپىنى بىلىدىغان، كىشىلەرگە كۆيۈمچان، راستچىل، كۆكسى-قارنى كەڭ ھەم ئادىل كىشى ئىدى. يېزا خەلقى ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرى ۋە ئىش-ھەركەتلىرىدىن دائىم رازى بولۇشاتتى.

كەپلەشكەن بولسا سالپاڭ قۇلاق، دوقا ماڭلاي، ئىچى تار، قىتىغۇر، يالغانچى، پىتنىخور ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بارمايدىغان يېرى، كىرمەيدىغان تۆشۈكى، قىستۇرۇلمايدىغان جايى يوق ئىدى.

ئۇ نەگىلا بارمىسۇن يالغان ئېيتىپ، پىتنە-پاسات تېرىپ، كىشىلەر ئارىسىدا ماجىرا تۇغدۇرۇپ يۈرەتتى.

كەپلەشكەن كىشىلەرگە: «كىمكى ماڭا چېقىلسا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆككە سورۇۋېتىمەن» دەپ پوپوزا قىلاتتى. گايىدا ئۆزىچە ماختىنىپ «يۇرتتا مېنىڭسىز ئىش تەۋرىنەلمەيدۇ، مېنىڭ تېخى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ھۈنەرلىرىم بار» دەيتتى. ئۇنىڭ قىلمىشلىرىدىن پۈتۈن يېزىدىكىلەر قاتتىق نارازى بولۇشاتتى.

كەپلەشكەننىڭ 70 ياشتىن ئاشقان، كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىلىك، ئاق كۆڭۈل ئانىسى، يۇۋاش ئايالى ۋە قاتارغا قوشۇلۇپ قالغان بىر قىز، بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇلار مەھەللىدە كىشىلەرنىڭ كەپلەشكەن توغرىسىدا نەپرەت بىلەن سۆزلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ،

ئىگىز سۇپىدىن چۈشۈمەن دەپ يىقىلىپ، بوينى قاتلىشىپ جان ئۈزگەن ئىكەن. بۇ «خۇدا ئۇرسا، خۇداۋەندىكام قىشلاپ ئۇرۇپتۇ» دىگەندەك ئىش ـ دە. ئائىلەڭدىكى ھەممەيلەن ئاناڭنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ نالە قىلىشىۋاتقان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاھۇ ـ زارىغا چىدالماي ھويلاڭدىن قايتىپ چىقتىم.

كەپلەشكەن بۇ كىلىشمەسلىكنى ئاڭلاپ:

ــ ۋاي ئانام، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ دەرتلىرىمنى كىمگە ئېيتارمەن؟ ــ دەپ يىغلىغىنىچە ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ يېتىپ كەلگەندە راستىنلا ھويلىسىنىڭ ئىچى ئادەملەر بىلەن لىق تولغان ئىكەن. خۇشتۇرغان موماي بولسا، سۇپىدا ئولتۇرۇپ:

ــ قىيان ئېقىتىپ ئۆلۈپ كەتكەن، بالام! جەسىدى تېپىلمىغان جىنىم، بالام! ــ دەپ يىغلاۋېتىپتۇ، كەپلەشكەننىڭ بالا ـ چاقىلىرىمۇ مومايغا ئەگىشىپ نالە قىلىشىۋېتىپتۇ.

كەپلەشكەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن دەرۋازا تۈۋىدىلا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. ئانىسى، خوتۇنى ۋە بالىلىرىمۇ ئۇنى كۆرۈپ ياقىلىرىنى تۇتۇشقان ھالدا سۇپىنىڭ ئۈستىدە داڭقېتىپ تۇرۇشۇپ قالدى.

قىرانىڭ ئىچىگە توپلاشقان خولۇم ـ خوشنىلىرى ئىشنىڭ سىرىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ، بىر ـ بىرى بىلەن پىچىرلاشقىلى تۇردى. ئەمدى خۇشتۇرغان مومايمۇ ئەھۋالنى چۈشەنگەن ئىدى.

ــ بالام، ئىش مەن ئېيتقاندەك بولۇپ چىقتىمۇ؟ ــ دىدى ئۇ ئوغلىغا تەنە قىلىپ.

ــ ھەئە، ئانا، ئىش سەن ئېيتقاندەك بولۇپ چىقتى، ــ دىدى كەپلەشكەن ۋە ئەل ـ جامائەت ئالدىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇردى. ھەممەيلەن بىر پەس جىم ـ جىت تۇرۇپ قېلىشتى. شۇ پەيتتە ئەپلەشكەن ھويلىغا كىرىپ كەلدى.

ــ بۇ نىمە قىلغىنىڭ؟ ــ دەپ سورىدى كەپلەشكەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ. ئەپلەشكەن:

ــ «ئۇنداق قازانغا، مۇنداق چۆمۈچ» دىگەن شۇ، ــ دەپ جاۋاپ بېرىپ، ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

ــ «كۆپنىڭ كۈچى، ئاللانىڭ كۈچى»، ــ دىدى خۇشتۇرغان موماي پەس ئاۋازدا.

---

(بېشى 103 ـ بەتتە)

جېپىنىڭ جاھانشۇمۇل ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى يەشمىسىنى ئىشلەش ۋە ئۇنىڭغا مەسئۇل مۇھەررىرلىك قىلىشقا قاتناشتى. ئۇنىڭ كىلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدىكى بىرقانچىلىغان ئىلمىي ماقالىلىرى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ژورناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ ھازىر يەنە «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە مەخسۇس كىتاپ يېزىۋاتىدۇ.

پىشقەدەم شائىرىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپقا ئىگە. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماستىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا كادىرلار تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىي جەمئىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى ھەم جۇڭگو تۈركى تىللار تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو قەدىمقى يېزىقلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

AltunOq

## مەدھىيە ئۈچۈن ھەدىيە

### ئابلىمىت روزى

ھاكىم بەگنىڭ خوتۇنى تۇغقان كۈنى يۇرتتىكى مورىسىدىن ئىس چىققانلىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىگە «خۇش خەۋەر» يەتكۈزۈلدى. ھەر كىم ئۆز ھالىغا يارىشا سوغا - سالام، تارتۇقلار بىلەن كېلىپ، دۇنياغا كۆز ئاچقان بەگزادە بوۋاقنى مۇبارەكلەشتى. يېزىدىكى بىر كەمبەغەل شائىر بۇ ئىشنىڭ سىرتىدا قالماسلىق ئۈچۈن بىساتىدىن لايىق نەرسە تاپالماي، بەگنىڭ ئەسلى - نەسەبى، چىراي - شەكلى، ئەخلاقىي - پەزىلىتى، بايلىق شۆھرىتى ۋە مەرتلىك - ساخاۋىتى ھەققىدە كېچىلەپ ئۇخلىماي ئۇزۇن بىر قەسىدە يازدى - دە، بەگنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، ماۋۇق ياستۇققا يۆلەنگەن بەگ ۋە مېھمانلار ئالدىدا تەنتەنە بىلەن ئوقۇدى:

..........................

بېگىم ئاتمىش ياشىندا،
بەخت قۇياشى باشىندا،
ئەلگە مۇرۇۋۋەت ئەيلەر
ھازار مەجلىس① قاشىندا.

بېگىم شەمسۇقەمەردۇر،
يېقىسۇلغا بەھرۇ - جەر② دۇر،
باسقان يېرلى زەپەردۇر،
دەرگاھى ھەق ئالدىندا.

..........................

قەسىدە بەگنىڭ كۆڭلىگە ياقتى، بۇنى پەملىگەن بەگنىڭ ھەمسۆھبەتلىرىمۇ خوشامەت كۈلكىلىرى بىلەن «ئاپىرىن!» دەپ تەبرىكلەشتى.

---

① ھازار مەجلىس — نۇرغۇن كىشىلەر.
② بەھرۇ - جەر — سۇ، يەر.

قەسىدە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مەمنۇن بولغان بەگ شائىرنى ماختىدى:

— ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى يېزىپسەن. تىلىڭ قېلىچنىڭ بىسىدەك ئۆتكۈر، سۆزۈڭ ئەينەكنىڭ يۈزىدەك تىنىق، مەناسى ئاسماندىن كەڭ، دېڭىزدىن تىرەن. سەنئەت كامالىتىڭ مۇئەللا①، ئالەمنىڭ جىمىكى سۆزمەنلىگىنى ساڭىلا ئاتا قىلغان ئىكەن - دە. نىمە دېگەن ماھارەت، نىمە دېگەن ھەققانىيەت! مېنىڭ پەئلى - ئەئمالىمنى② بىر پۈتۈك ئۇشۇق-كەم ئەمەس، دەل توغرا تەسۋىرلەپسەن. قولىمىز ئارا بولغاندا بىر كېلەرسەن، — دىدى.

بەگنىڭ ماختىشىدىن بېشى ئاسمانغا يەتكەن شائىر تېرىسىگە سىغمىغان ھالدا ئۆيىگە قايتتى. يىزقسۇل شائىرنىڭ بەگنىڭ ئۆزىنى مۇكاپاتلايدىغانلىغىدىن تامايى چوڭ ئىدى. 3 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئىشەككە ئىككى بوش تاغارنى ئارتىپ، بەگنىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ كەلدى. مېھمانلارنىڭ ماختاشلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ ئۆزىنى يەلپۈتۈپ ئولتۇرغان بەگكە سالام بەردى ۋە تازىم بىلەن:

— ساخاۋەت بابىدا يەكتا③ بېگىم. ئۆتكەن كۈنى قولىمىز سەل ئارا بولغاندا بىر كېلەرسەن، دىگەن ئىدىلە. مەرھەمەتلىرىگە نائىل بولۇش ئۈمىدىدە كېلىۋىدىم، — دىدى.

بەگ ئاچچىغىدىن ئۆزىنى زورغا تۇتۇۋالغان ھالدا مۇنداق دىدى:

— ھەي، ھەي! ھەجەپمۇ ئەخمەق شائىر ئىكەنسەن - دە، شۇنچىۋالا گەپتان، سۆز ئويۇنغا شۇنچىۋالا ماھىر تۇرۇپ، ئىلمىي مەنتىقتىن④ قىلچە خەۋىرىڭ يوقمۇ؟... سەن مېنى بىر قەسىدەڭ بىلەن مەدھىيىلەپسەن، مەنمۇ سېنى شۇنچىۋالا چىرايلىق، مۇلايىم سۆزلىرىم بىلەن «ياخشى يېزىپسەن» دەپ مەدھىيىلىدىم. دىمەك ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى مەدھىيىلەشتۇق. بىرگە - بىر بولدىغۇ. تاماخورلۇق بىلەن ئىنئام ئالسەن، دەپ تاغار ئېلىپ كەلگىنىڭ ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟ يوقال، كۆزۈمدىن!

شائىر بەگ ھويلىسىدىن روھى چۈشكەن ھالدا قايتىپ چىقتى.



① مۇئەللا — ھەممىدىن يۇقۇرى، ئەڭ يۇقۇرى.
② پەئلى - ئەئمال — ئىش - ھەركەت، مىجەز - خۇلق.
③ يەكتا — يېگانە، بىردىن - بىر.
④ ئىلمىي مەنتىق — لوگىكا ئىلمى.

# ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر

ئۆز ئالدىغا بىر سىستېما يارىتىشىم كېرەك؛ بولمىسا باشقىلار سىستېمىسىنىڭ قۇلى بولۇپ قالسام بولۇدۇ.

(ۋىليام بلاك)

ھەقىقىي سەنئەت ساھەسىدە تەييارلىق مەكتىپى بولمايدۇ، ئەمما ئەڭ ياخشى تەييارلىق ئۇسۇلى بولۇدۇ، ئۇ بولسىمۇ، مەشھۇر سەنئەتكارلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئەڭ كەمتەر شاگىرتلارچە قىزىقىشتا بولۇشتۇر. بوياق، خۇرۇچلىرىنى ئاشۇنداق ئىزىپ بارىدىغانلار كامالەتكە يەتكەن رەسساملاردىن بولۇپ چىقالايدۇ.

(گېيتى)

ئەگەر شېئىرنىڭ يېزىلىشى دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىخ سۈرۈپ چىقىقىنىدەك تەبىئىي ھالدا بولمىسا، ئۇنىڭدىن كۆرە يازمايلا قويغان تۈزۈك.

(جون كىتىس)

سەنئەتتە رېئاللىققا سادىق بولمىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەننىۋاسى يالغانچىلىق ھېساپلىنىدۇ، ئۇنىڭدا ئاشكارا بولغىنى ئىقتىدار بولماستىن، بەلكى ئىقتىدارسىزلىقتىن ئىبارەت بولۇدۇ.

(بېلىنسكى)

... ئوبدان يېزىلغان ئەسەر كىشىنى زادىلا زېرىكتۈرمەيدۇ، ئۇسلۇپ دېمەك ـــ ھايات دېمەكتۇر. ئۇ ئىدىيىنىڭ ئۆز قېنىدۇر.

(فلوبېر)

باشقىلاردىن ياخشىراق يېزىشنى ھەرگىز شەكىلەن قوغلاشماسلىق كېرەك. باشقىلاردىن ناچارراق يېزىپ قويسىمۇ ھېچۋەقەسى يوق، مۇھىمى، ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە يېزىشتۇر.

(گوركى)

ئۇسلۇپ ئەڭ چوڭقۇر تونۇش ئاساسىغا تىكلىنىشى، شەيئىلەر ماھىيىتىنىڭ ئۇستىگە تىكلىنىشى كېرەك، چۈنكى بىز ئۇنى كۆرگىلى ۋە سەزگىلى بولۇدىغان ئوبرازلار ئارقىلىق تونۇۋالالايمىز.

(گېيتى)

سەنئەتتىكى كونا قائىدىلەرگە ئېسىلىۋېلىشتىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان زىيانلىق نەرسە بولمايدۇ.

(ل. تولستوي)

ئۆزگىچىلىكنىڭ ئەڭ ياخشى ئالامىتى ـــ تېمىنى تاللىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى تولۇق ۋايىغا يەتكۈزۈپ جانلاندۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق ھەممەيلەننى بۇ تېمىدا شۇنچىۋالا جىق نەرسىنى بايقىغىلى بولۇدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانلىقىغا قايىل قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

(گېيتى)

باش قەھرىماننى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئۆزى چۈشەندۈ-

رۇپ، ئۆزى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان قىلىش، يازغۇچىنىڭ ئۆزى باھا بېرىپ ئىپادىلىگىنىگە قارىغاندا، تارىخىي قىسسىگە كۆپ دەرىجىدە يېقىنلىشىدۇ.

(گېنرىخ گېينى)

ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى بىزنىڭ پۇروگىراممىمىزدىكى تەييار پىرىنسىپلارغا قىستۇرما رەسىم قىلىدىغان سەنئەتكار — يارامسىز سەنئەتكاردۇر. سەنئەتكارنىڭ قەدىر - قىممىتى دەل ئۇنىڭ يېڭى نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن بىۋاستە سەزگۈسى ئارقىلىق ئادەتتىكى ستاتىستىكا ئىلمى ۋە لوگىكا ئىلمى كىرەلىشى قىيىن بولغان ساھەلەرگە چۆكقۇرلاپ كىرەلەيدىغانلىقىدا.

(لۇناچارسكى)

شېكىسپىر ئالتۇن ئالمىنى كۈمۈش تەخسىگە سېلىپ بىزگە تەقدىم قىلدى، بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ، دەرۋەقە، كۈمۈش تەخسىگە ئىگە بولدۇق، ئەمما ئۇ تەخسىگە ياكىيۇنلا تىزىپ قويدۇق، تازىمۇ قاملاشمىغان يېرى مانا شۇ بولدى.

(گيوتى)

بىردىن - بىر ھەقىقىي خوشاللىق — ئىجادىيەت خوشاللىقىدۇر. سەن قېرىنداش، قەلەم، ئاياق - كىيىم، بولكا، بالا يەنى ئىنسانىنى يارىتالىشىڭ مۇمكىن. ئىجادىيەت بولمىسا، ھەقىقىي خوشاللىقمۇ بولمايدۇ، مۇقەررەر ھالدا غەم - ئەندىشە، كۆلپەت، ۋىجدانىي ئەيىپلەش ۋە ئارنومۇس ئىزگۈلەرگە قوشۇلۇپ كېلىدىغان خوشاللىقمۇ بولمايدۇ.

(ل. تولستوي)

كەلگۈسى پەقەت ئۇسلۇپقا ئىگە كىشىگىلا مەنسۇپ بولىدۇ.

(ۋىكتور گيوگو)

ئەدىبىي تالانت ئىگىلىرىدىكى ... شۇنداقلا، مېنىڭچە، جىمىكى تالانت ئىگىلىرىدىكى مۇھىم نەرسە ئۆز ساداسى ئىكەن دەپ ئاتىغلى بولىدىغان بىر خىل نەرسىدۇر.

(تۇرگېنېۋ)

مەن زامانىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار شائىرلار بىلەن ئۇستىن - تۆۋەنلىك سېلىشتۇرۇش كويىدا بولۇشقا پېتىنالمايمەن، ئەمما ئالدىنقىلاردىن ھەر قانداقىنىڭ ئىزىغا دەسسەپ مېڭىشىنىمۇ كۆزلىۋم كۆتەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تىل ئۇسلۇبى ياكى شېئىرىي ۋاستىلىرى بولىدىكەن، ئۇلارنى دوراشتىن ئۆزەمنى قاچۇرۇمەن، چۈنكى، مەن شۇنداق دەپ ھېساپلايمەنكى، ئەسىرىم بىر تىپىنگە ئەرزىمىگەن ھالەتتىمۇ، ئۇ بەرىبىر ئۆزەمنىڭ ئەسىرىم - دە.

(شېللى)

كىشىلەر يېزىقچىلىق بىلەن خۇددى نەپەس ئالغاندەك شۇغۇللىنىشى كېرەك. نەپەسنى ھەر دائىم تەكشى ئالغاندىلا، ھەم راۋان، ھەم رېتىملىق بولىدۇ - دە، تەبىئى تۇيۇلىدۇ. مانا بۇ گۈزەل ئۇسلۇپنىڭ سىرى ۋولىدۇر.

(رېنارد)

بىر مۇنچە يازغۇچىلار پېرسوناژلارنى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئۆز ھېكايىسىنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ بارىدۇ ۋە ئادەتتىكى ۋەقەلىكلەرنىمۇ قىزىقارلىق قىلىۋېتىدۇ.

(ئەي ۋۇ)

ئەسەر يازماقچى بولغاندا، بىرىنچىدىن، كۆزىتىش؛ ئىككىنچىدىن، باشقىلارنىڭ ئەسەر-
لىرىنى ئوقۇش لازىم، لېكىن بىرلا ئادەمنىڭ ئەسىرىنى كۆرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ،
ئۇنىڭ ئاسارىتىدە بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. ھەر خىل يازغۇچىلارنىڭ تەجرىبىلىرى-
نى كۆپلەپ توپلاش، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىغىنى قوبۇل قىلىش كېرەك، ئەنە شۇ چاغدىلا،
مۇستەقىل ئىش كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. مېنىڭ تەقلىت قىلىغانلىرىم
كۆپىنچە، چەتئەل يازغۇچىلىرى.

(لۇشۈن)

ئىجادىيەت بەربىر ئىجادىيەت. ئۇنىڭدا خەق نىمىنى دىسە، شۇنى دىگىلى، خەق ماڭ-
غان يولغا ماڭغىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ئىجادىيەت جەھەتتە غەلىتە مىجەزىم بار، ئۇ بولسىمۇ،
ياشقىلار يېزىپ بولغان نەرسىنى زادى قايتىلىماسلىق.

(جاۋ شۇلى)

ئۇسلۇپ شەكىللىنىشنىڭ مۇھىم ئاساسى — يازغۇچىنىڭ مول تۇرمۇشى ۋە كىشىلىك تۇر-
مۇشقا نىسبەتەن ئالىجاناپ ئارزۇ - ئىستىگىدۇر. مول تۇرمۇش ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىنى دى-
گۈزۈپ، ئەسىرىنى تولۇقلايدۇ؛ يۈكسەك ئارزۇ - ئىستەك ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كىشىلىك تۇر-
مۇشقا پايدىلىق بولۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئۇسلۇپ ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆزلىگىدىنلا شەكىللىنىۋېرىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ
يازغۇچىنىڭ ئىدىيىسى، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن ئەبەدىل - ئەبەت بىر گەۋدە بولۇپ
شەكىللىنىدۇ.

ئۇسلۇپنىڭ زىمىنى — تۇرمۇش، يازغۇچىنىڭ ئالغا بېسىش ئىدىيىسى ئۇنىڭ قوبۇل قىل-
غان يامغۇر سۈيى ۋە شەبنەم تامچىلىرىدۇر. ئەگەر يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىدىيىسى تو-
لۇق، جەڭگىۋار، خەلق ئۈچۈن پائال خىزمەت قىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى
گويا تاغ ئارىسىدا ئۆسكەن دەرەخكە ئوخشاش بولۇپ، ئۇسلۇبى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك تۇيۇ-
لىدۇ. بولمىسا يازغۇچى مىڭبىر جاپالىق ئەجىر قىلغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ ئەسىرى گويا پار-
نىكتا قويۇلغان گۈل تەشتىگىلا ئوخشاپ قالىدۇ، خالاس. بوران - چاپقۇنلاردا ئۆسەلىگەنلى-
رى چايكا بولالايدۇ، خالاس. ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى تامامەن ئوخشاش بولمايدۇ.

(سۈن لى)

دەرۋەقە، سەنئەتتە «خاراكتىر» غا ئىگە بولغان ئەسەرلا گۈزەل ھىساپلىنالايدۇ.

(رودان)

كىمكى سەھنە ئەسەرلىرى ئۈچۈن يېڭى ۋەزىيەت ياراتقان بولسا، ئۇ يېڭى ئەسىر
ئاچقان بولىدۇ.

(چېخوپ)

يېڭىچە قىلىپ يېزىش ئۈچۈن، رىئالىست بولۇش كېرەك. ئۆزىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن
نەرسىلەرنى يېزىش كېرەك، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا ئۈزلۈكسىز چۆكۈپ، ئۆزىنىڭ ئاڭلىغان - كۆر-
گەنلىرىنى كۆپەيتىپ بېرىش كېرەك.

يېڭى بولۇشى ئۈچۈن، تەسۋىرلەش جەھەتتە ئەستايىدىل كۈچ چىقىرىش كېرەك. ئەدى-

AltunOq

يېڭى جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشنى ئۇزلۇكسىز بېيىتىپ بېرىش، تەسۋىرلەش ۋە بايان قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ھەقىقىي تۇردە ئىزدىنىشكەن ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۇرۇش كېرەك.

ئەگەر ئاشۇنداق ئاساسىي ماھارەتنى ئىشقا سالمىغاندا، ئاقىۋەتتى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ، خالاس: ياكى بەزى يېڭى شاخ - يوپۇرماقلارنىلا يىغىپ كېلىپ، ئەسەرنى بېزەيدىغان بولىدۇ، ئەمما ئۇزاققا بارالمايدۇ، ياكى جىق نەرسىلەرنى يىققان بولسىمۇ، ئۆز كەچۇرمىشلىرى بولمىغاچقا، قەلەم قۇۋۋىتىنى جارى قىلالماي قالىدۇ - دە، ئاي، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ نەرسىلىرىمۇ «كونا نەرسە» بولۇپ كېتىدۇ، يەنە بەزىلىرى گەرچە قېلىن - قېلىن توپلام بولۇپ نەشر قىلىنغىنى بىلەنمۇ، قارىماققا ھەشەمەتلىك بولسىمۇ، تازا زىغىرلاپ تەھلىل قىلىپ كەلگەندە، خەقنىڭ پىشۇرۇپ قويغان خىش - كېسەكلىرىنى، خەقلەر تىكىپ يېتىشتۇرگەن ياغاچ - دەرەخلەرنى يىغىشتۇرۇپ كەلگەندەكلا بىر ئىش بولىدۇ - دە، ئۇلارنىڭ تەگدىن تولىسى ئىبلان قىلىنغان نەرسىلەردىن ئىبارەت بولغاچقا، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارمۇ يېڭى نەرسىلەر ھېساپلانمايدۇ.

شۇڭا ئەسەرنىڭ يېڭى بولۇشى تەلەپ قىلىنغان ئىكەن، پىرىنسىپ جەھەتتە، دوراش ۋە قايتىلاشتىن ساقلىنىپ، ئاساسەن، ئۆزىنىڭ ئىزلىنىشىگە تايىنىش كېرەك.

(سۇن لى)

ئاللار تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ئۇستىدە ئىزلەنگىنىگە ئوخشاش، سەنئەتكارمۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىن ئادەملەرنىڭ پسىخولوگىيىسى، ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىستىكىسى، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك دەۋردىكى ئاممىنىڭ پسىخولوگىيىسى، خاراكتېرىستىكىسى، ئۇلارنىڭ تىلى، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى ئۇستىدە ئىزلىنىشى كېرەك. ئەستايىدىل ئىزلىنىش ئېلىپ بارماي تۇرۇپ، تازا جاپا چېكىپ كۆچ چىقارماي تۇرۇپ، ياخشى بەدىئىي ئەسەر يېزىپ چىققىلى بولمايدۇ.

(جۇياڭ)

ھازىر ئۆزگىچە ئىجاتچانلىققا ئىگە يازغۇچىلار ئەسلىدە بىرەر يېڭى نەرسە ياراتقانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئىلگىرى تېخى ھېچكىممۇ ئاغزىدىن چىقىرىپ باقمىغاندەك تۇيۇلىدىغان نەرسىلەرنى ئېيتالىغانلىقى ئۈچۈنلا داڭلىقتۇر.

(گيوتى)

ئۇسلۇبنىڭ بولۇش - بولماسلىقى مۇتلەقتۇر، شۇڭا باشقىلارنى دوراپ يۇرمەسلىك كېرەك. ئۇسلۇبنى بەدىئىي جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىك دېگەندىن كۆرە، ئىدىيىۋى كۈچ دېگەن تۈزۈك. ئىدىيە ئېنىق بولسا، بەدىئىي ئۇسلۇب ئېنىق بولىدۇ. سۆزمۇ - سۆز، جۈملىمۇ - جۈملە تەسۋىرلەپ يازغانلىق ئىدىيىنى ئاساس قىلماي، بەدىئىي جەھەتتىلا ئۆگىنىش بولىدۇ، ئۇنداق قىلغاندا مەقسەتكە تولۇق يەتكىلى بولىدۇ. ئاۋال ئېنىق بولۇشنى، ئەتراپلىق ئويلىنىشنى، چۈشىنىشلىك يېزىشنى قوغلىشىش كېرەك.

(لاۋشې)

قىسقىسى، قەدىمقى كىشىلەرنىڭ تەرىپىنى قىلىشاق قىلالايلىكى، لېكىن تەرىپلەشلىرىمىزنى قارىغۇلارچە ئەگىشىشنىڭ مەھسۇلى قىلىپ قويمايلى. ئۆتكەنكىلەرنى ئەسلەش ۋە بىز توغرا باھا بېرىپ كېتەلمەيدىغان قەدىمقى ئەسەرلەردىن لەززەتلىنىش ئۈچۈن، تەبىئەت بەخش

ئەتكەن گۈزەللىككە كۆز يۇمۇۋېلىپ، ئۆزىمىزنىمۇ، تەبىئەتنىمۇ زىيانغا يولۇقتۇرمايلى.

(فولتېر)

ياخشى يېزىلغان ئەسەرلا دەۋردىن ـ دەۋرگە يېتىپ كېلەلەيدۇ. ئەسەر ئۆز ئىچىگە ئالغان بىلىمنىڭ كۆپلىگى، پاكىتلارنىڭ ئاجايىپلىغى، ھەتتا بايقاشلارنىڭ يېڭىلىغى ئۆلمەسلىكىنىڭ ھەقىقىي كاپالىتى بولالمايدۇ؛ ئەگەر ئاشۇ بىلىملەرنى، پاكىتلارنى ۋە بايقاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەرلەردە ئوششاق ـ چۈششەك ئوبېكتىلار ھەققىدىلا سۆزلەنسە، ئۇ ئاپتورلارنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى بولمىسا، تالانت ـ ئىقتىدارى بولمىسا، يۈكسەك دەرىجىدە سىپتىلىق بولمىسا، ئۇ چاغدا، ئۇ ئەسەرلەر ئىز ـ دېرەكسىزلا يوقىلىپ كېتىدۇ، چۈنكى بىلىم، پاكىت ۋە بايقاشلار ناھايىتى ئاسانلا ئەسەردىن ئايرىلىپ چىقىپ، باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ ـ دە، باشقىلار ئۇنى تېخىمۇ ئوبدان يول بىلەن قاملاشتۇرۇپ يېزىپ كارامەت تۈسكە ئىگە قىلىۋېتەلەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەنىزۋاسى تاشقى نەرسىلەر بولۇپ، ئۇسلۇپ ئادەمنىڭ ئۆزىدۇر.

(بوخۇن)

ھەقىقىي بەدىئى ئەسەردە ئوبرازلارنىڭ ھەنىزۋاسى يېڭى بولىدۇ، ئۆزگىچە بولىدۇ، ئۇنىڭدىكى ھېچقانداق بىر ئوبراز باشقا بىر ئوبرازنىڭ تەكرارى بولمايدۇ. ھەر بىر ئوبراز ئۆزىگە خاس بولغان ھاياتى بىلەنلا ياشايدۇ.

(بېلىنىسكى)

بارلىق يازغۇچىلار گېزىگە بىلەن زولاغا ئوخشاش يېزىقچىلىقتا مۇتلەق ھوقۇق بولۇشنى، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھوقوق بولۇشنى، يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەدىئى چۈشەنچىسى بويىچە تەسەۋۋۇر قىلىشنى ۋە كۆزىتىشنى تەلەپ قىلىشقان ئىدى. ئىقتىدار ئۆزگىچە ئىجاتچانلىقتىن كېلىدۇ. ئۆزگىچە ئىجاتچانلىق بولسا تەشەككۇر، كۆزىتىش، چۈشىنىش ۋە ھۆكۈمنىڭ بىر خىل ئالاھىدە شەكلىدۇر.

(مۇپاسسان)

تەييارلىغۇچى: ياسىن. ھاۋازى.

# ئەدەبىي ئاتالغۇلارنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

**گىمن**: (گرېكچە. humnos — تەنتەنىلىك قوشاق) — قەدىمقى گرېتسىيەدە ئەپسانىۋى خەلق قەھرىمانلىرى ياكى تەڭرىلەرنى مەدھىيىلەيدىغان تەنتەنىلىك قوشاق گىمن دەپ ئاتالغان. كېيىنكى زامانلاردا بىرەر ھادىسە، شەخس ياكى ۋەقەلىكنى كۈيلىگۈچى تەنتەنىلىك ناخشىمۇ (مەدھىيىلەرمۇ) گىمن دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. 19 - ئەسىرگە كەلگەندە مىللەت، دۆلەت ياكى سىنىپنىڭ بىرلىكىنى ئۇلۇغلاپ كۈيلىگەن تەنتەنىلىك ناخشىلار گىمن دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

مەسىلەن: «ئىنتېرناتسىئونال» (شېئىرى) كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ، جۈملىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭمۇ گىمنىدۇر.

**گىپېر بولا**: مۇبالىغە دېگەن سۆز.

**گۇمانىزىم**: (لاتىنچە. humanus — ئىنسانىي) — ئىنسانغا مۇھەببەت، ئادەمگەرچىلىك، كىشىگە غەمخورلۇق قىلىش، ياردەمگە مۇھتاج كىشىلەرنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش — ئىنسانپەر - ۋەرلىكتۇر. گۇمانىزىم — 14 -، 16 - ئەسىردىكى ئويغىنىش دەۋرىدە بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئودالىزىمغا قارشى كۈرىشىدە ئىلغار ئىجتىمائىي پىكىرنى ئىپادىلىگەن ئېقىم بولۇپ، ئىلغار بۇرژۇئا ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولغان.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە قەدەر بولغان گۇمانىزىم كىشىنىڭ كىشى تەرىپىدىن ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىنىشىغا ۋە خورلىنىشىغا قارشى نارازىلىق، خورلانغانلارغا نىسبەتەن چوڭقۇر خەيرى - خاھلىق روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەلىشىر ناۋايى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى گۇمانىزىمنىڭ ئۇلۇغۋار نەمۇنىلىرىدۇر.

سوتسىيالىزىم شارائىتىدىكى گۇمانىزىم پۈتۈن دۇنيادىكى ئەمگەكچىلەرنى ئازات قىلىش، ئۈمىتۋار قىلىش روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولىدۇ. بىزدىكى گۇمانىزىم ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم غايىلىرىدىن بىرىدۇر.

**لەپەر**: خەلق قوشاقلىرىنىڭ بىر تۈرى. مەسىلەن: «يار - يار» (ياكى يار سەنەم) لەر لەپەر نامى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. توپلاردا ئېيتىلىدىغان «يار - يار» قوشاقلىرى ناھايىتى قەدىمقى ۋاقىتلاردىن تارتىپلا بار ئىدى. ناۋايى دەۋرىدە مۇنداق قوشاقلار «چەنگى» دەپ ئاتالغان. ناۋايى «مىزان ئول ئەۋزان» دېگەن ئەسىرىدە «چەنگى» نى تەرىپلەپ:

«قايسى چەمەندىن ئەسىپ كەلدى سەبا، يار - يار،
كىم، دامىدىن چۈشتى ئوت جانىم ئارا، يار - يار»

دېگەن بېيىتنى مىسال كەلتۈرۈدۇ.

يېقىنقى زامانلاردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىملىرىدا «يار - يار»، «يار سەنەم» ياكى «هاي - هاي ئۆلەن» نامىدىكى لەپەرلەرنىڭ ئېيتىلىپ كەلگەنلىكى ھەممىيلەنگە مەلۇم.

**لەتىپە:** (ئەرەپچە. لطيفه — گۈزەل، يېقىملىق سۆزدىن) — كۈلكىلىك كىچىك ھېكايە. لەتىپە — خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ئاممىباپ ژانىرلىرىدىن بىرى. نەسىردىن ئەپەندى، موللا زەيدىن، سەلەي چاققان قاتارلىقلارنىڭ لەتىپىلىرىدە جەمئىيەتتىكى ناچار خاھىش، يامان قىلىق، خىيانەتچى، پارىخور، جازانىخور ۋە پەسكەش كىشىلەر پاش قىلىنىدۇ؛ خەلقنىڭ دانالىقى، سەزگۈرلىكى ۋە تەدبىرچانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

**لائۇرىيات:** (لاتىنچە. laBpb laoreatus — دەپىنە دەرىخى بەرگىدىن ياسالغان گۈلچەمبەر) — ئالىم، يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلارغا بېرىلىدىغان پەخرىي ئۇنۋان، يۈكسەك مۇكاپات.

**لىرىكا:** (گرېكچە. lyra — قەدىمقى گرېكلاردا راۋاپقا ئوخشاش مۇزىكا ئەسۋاۋى بولۇپ، ئۇلار شۇ ئەسۋاپنى چېلىپ شېئىر - قوشاق ئېيتىشقان، ئەنە شۇنداق شېئىر - قوشاقلار لىرىكا دېيىلگەن) — بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئېپوس، لىرىكا، دراما قاتارلىق ئۈچ ئاساسىي تۈرىدىن بىرى.

لىرىكا بىرەر ۋەقە، ھادىسە تەسىرىدىن ئىنساندا تۇغۇلغان روھىي ھالەتنى، پىكىر ۋە تۇيغۇلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ، ئاشۇ خۇسۇسىيىتى بىلەن ئېپوس ھەم درامىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ لىرىك شېئىر ياكى لىرىك نەسرىي ئەسەرلەردە گەۋدىلىنگرەك بولىدۇ.

**لىرىك شېئىر:** كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىگە تەسىر قىلىدىغان ھېس، تۇيغۇ، خىيالنى تەسىرلىك ۋە جۇشقۇنلۇق قىلىپ ئىپادىلەيدىغان شېئىرىي تۈر. ئۇ پەقەت شائىرنىڭ ھېسسىياتىنىلا ئاساس قىلىدۇ. لىرىك شېئىرنىڭ باش قەھرىمانى ياكى «مەن»، ياكى شائىرنىڭ ئۆزى بولىدۇ.

**لىرىك قەھرىمان:** لىرىك شېئىردا ئوي - پىكرى، ھېس - تۇيغۇسى ياكى كەچۈرمىشلىرى ئىپادىلەنگەن شەخس ئوبرازى. لىرىك شېئىردا كۆپىنچە شائىرنىڭ ئۆزى باش قەھرىمان بولىدۇ، لېكىن لىرىك شېئىرلاردىكى «مەن» بەزىدە كەڭ خەلق ئاممىسىغا ۋەكىللىك قىلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: ناۋايى لىرىكىلىرىدىكى باش قەھرىمان كۆپىنچە شائىرنىڭ ئۆزىدۇر، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ لىرىكىلىرىدا «يار»، «ئەغيار» قاتارلىقلارمۇ لىرىك قەھرىمان بولۇپ كېلىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يازغان «غەزەپ ۋە زار» ناملىق لىرىكىدىكى «مەن» ئەينى زاماندىكى شىنجاڭ خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، تېيىپجان ئېلىيوپ يازغان «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» دىكى «مەن» مۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**لىرىك چېكىنىش:** ئاپتور نۇتقىنىڭ بىر تۈرى — بەدىئىي ئىپادە قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ بىر خىلى. ئاپتور ۋەقە ۋە ئادەملەر خاراكتېرىنى تەسۋىرلەشتىن چېكىنىپ، ئۆزىدە تۇغۇلغان ھېس - تۇيغۇ ۋە ھاياجاننى لىرىك ئىپادە قىلىشقا ئۆتكەن ئورۇنلار لىرىك چېكىنىش دېيىلىدۇ. ناۋايىنىڭ «خەمسە» سىدىكى داستانلاردا، ئا. س. پۇشكىننىڭ

قاپىيىلىنىدىغان (يەنە ئىككى مىسرادىن تۈزۈلىدىغان) شېئىرلار مەسنەۋىي ــ ئىككىلىك دەپ ئاتىلىدۇ.

كىلاسسىك ئەدەبىياتتا پەقەت سيۇژېتلىق كىچىك شېئىرلارلا ئەمەس، بەلكى چوڭ ـ چوڭ داستانلارمۇ مەسنەۋىي شەكلىدە يېزىلغان. ناۋايىنىڭ «خەمسە» سىنىڭ داستانلىرى مەسنەۋىي شەكلىدە يېزىلغان. يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، نىمشېھىت، ئەلقەم ئەختەم ۋە تېيىپچان ئېلىيوپ قاتارلىق شائىرلار مەسنەۋىي شەكلىدە نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى.

**ماقال:** تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا يارىتىلغان ۋە خەلق دانالىقىنى ئىپادىلەيدىغان قىسقا، كۆپىنچە شېئىرىي شەكىلدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر، چوڭقۇر مەنىلىك ئىبارىلەر. ماقاللار خىلمۇ ـ خىل تېمىلاردا بولۇدۇ، تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك مەسىلىلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ، ئۇ كۆپىنچە نەسىھەت خاراكتېرىدا بولۇدۇ. مەسىلەن:

«يالغانچىنىڭ ئەتىسى تۈگىمەس.»
«ئەقىلدىن ئارتۇق بايلىق يوق.»
«ھورۇنلۇق ــ خارلىقنىڭ ئىشىكى.»
«ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ، مەزىسى يوق ئىشىنىڭ.»

ماقاللار خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمقى شېئىرىي شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا خىلمۇ ـ خىل بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى كەڭ قوللىنىلىدۇ.

تۈزگۈچى: **مەھمۇت زەيدى.**

---

(بېشى 119 - بەتتە)

ۋالدى ـ دە، دەسسەپ ـ دەسسەپ ئېزىۋەتتى.

ــ ھە، ھە، كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، بۇ ماڭا بەك كۆيۈدۇ. تىلسىز بىچارە، ئۆز ۋاقتىدا باينىڭ مالىيىكەن، ئېلىپ قاچقانتىم. ھى ... ھى ... ھى ... ئون سەككىز نەۋرەم بار، خەير، ئۇكا كەتتۇق. بىزنىڭ ئۆي ئاۋۇ كۆرۈنگەن ئالدى ئىككى تۈپ توغراقلىق، چۆرىسى باغلىق ئىگىز دۆڭدە. ياناشىڭدا كىرىپ ئۆتەرسەن، يامغۇرنىڭمۇ ياغىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. تېزرەك ماڭ! دەريادىن ئۆتسەڭلا بىر كىچىك رېمونتخانا بار. ماشىناڭنى ئوڭلاپلا چاپسان ماڭ. يامغۇردىن بۇرۇن بازارغا يېتىپ بارالايسەن. ئەخمەتكە دەپ قوي! بىر كېلىپ كەتسۇن!

ــ ئەخمەت؟! قايسى ئەخمەت؟

ــ بولدى، ئانچە ھولۇقما، ھىلىقى سېنىڭ ئۇستاڭچۇ؟! ئۆزىنى دەپ كىشىنى زىيانغا سالىدىغان! خەپ ـ خەپ، ئوبدان بىر ئەدىۋىنى بېرىپ قويمىسام، ئۇ تۈزكورنى! ــ ئۇ، ئارقىسىغا بۇرۇلدى ـ دە، جىددى ھالدا ماڭا تىكىلدى، ــ يەنە ئېشەك باستۇرۇپ قويما! ئېشەك دېگەن دىخاننىڭ ئوبدان ياردەمچىسى. نىمشقا ئۇنداق لېۋىڭنى چىشلەپلا تۇرۇۋسەن؟!

بوۋاي ئايالىنى قىلتۇقلاپلا كېتىپ قالدى. مەن يەنىلا ئورنىمدا ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم.

(قەشقەر كونا شەھەر مەدەنىيەت يۇرتىدىن چىقىرىلغان «تەنتەنە» ناملىق ژورنالنىڭ 1984 - يىللىق سانىدىن ئېلىندى.)

# شېئىرلار

## ئابدۇللا ئارىپوۋ①

### قول

يىگىت كۆچكە تولدى، يېتىلدى،
بىلەكلىرىنى تولدۇردى مۇسكۇل.
چامىسىدا بىلەك كۈچىنىڭ،
قارشىسىدا ئاسان ھەر مۈشكۈل.
ئۇ خالىسا ئۆيۈل تاشلارنى،
سورۇۋېتەر تۇپراق، كۆل كەبى.
ئەمما يارنىڭ يۈزىدە ئۇ قول
دىرىلدەيدۇ نازۇك گۈل كەبى.

1962 - يىل.

★ ★ ★

تەگلىكتە بۇندىن كېتىپ قالسەن،
يوللىرىمغا قاراپ قالدىڭ سەن،
چاچلىرىڭنى تاراپ قالدىڭ سەن،
ئاتاڭ جاھىل، بۇنى بىلمەن،
بوسۇغاڭغا يولاتماس مېنى.
ئىشەنمەيدۇ يارىڭغا ھەرگىز،
يىراقلارغا ئەۋەتمەس سېنى،
بىللە كېتەر بولساق ئىككىمىز.

بىلەك ئۈزۈك تاقاپتۇ ئاتاڭ،
بۇ، قولۇڭنى باغلاپ قىيغىنى.
بىلەك ئۈزۈك بەندىڭ ئۈزۈلسۇن،
قىسقىچلىك يارنىڭ قولىنى.
سەن دىدىڭكى: «يۇلتۇز بولسامتىم،
ئاسمانلاردىن قارىسام سىزگە.
خەپ، چۈشۈشكە يولمۇ تاپاتتىم،
ئاتام ئاق يول تىلىسە بىزگە».
توختا، كېلەر بىر كۈن، ئاتاڭنىڭ
ھوزۇرىغا قايتىپ بارارمىز.
كەچۈر، دەرمىز، يەتمىسە ئەگەر
ئۆچ جان بولۇپ ئەپۇ سورارمىز،
بىزنى ھېچكىم ئەيىپ ئەتمەس، چېنىم،
غەمكىن بولماس بىز قالدۇرغان نىشان.
سۆيگۈسىدىن بەخت تاپقانلار
يامان ئاتلىق بوپتىكەن قاچان؟...

1963 - يىل.

① ئابدۇللا ئارىپوۋ — بۈگۈنكى ئۆزبېك سوۋېت شېئىرىيىتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ شېئىرىيەت سەھنىسىگە 60 - يىللاردا چىققان ۋە كۆپ ئۆتمەي كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇيدىغان شائىرىغا ئايلانغان. مەن شائىر ئابدۇللا ئارىپوۋ بىلەن 1982 - يىلى يازدا يۇگوسلاۋىيىنىڭ سترۇگا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقارا شېئىرىيەت يىغىنىدا تونۇشقان ئىدىم. يېقىندا ئۇنىڭ «يىللار ئارمانى» شېئىرلار توپلىمىنى ئوقۇپ چىقتىم. توپلامدىكى نۇرغۇن شېئىرلار مەندە چوڭقۇر زوق قوزغىدى. ئەنە شۇ زوق مېنى شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، قەلەمداشلارغا تەقدىم قىلىشىمغا تۈرتكە بولدى.

كىمگىدۇ ئۆزىمىز يېقىپ قالىمىز،
قالىمىز كىمگىدۇ ياقماي ئۆزىمىز.

شۇنداق بىر چاقپىلەك ئىكەن بۇ دۇنيا،
دىمەك نىسپى ئىكەن‌ھەر بىر سۆزىمىز.

1977 - يىل.

## يىللار ئارمانى

كىمگىدۇر ياخشى سۆز قىلدۇق بۇرادەر،
كىمدۇر ئۆمۈر بويى رەنجىپمۇ كەتتى.
تونۇگۇن ياش دەيتتۇق ئۆزنى بىر قەدەر،
بۇگۇنچۇ، بالاغەت پەيتىمۇ يەتتى.

مۇكەممەل كۆرمەكچى بولدۇق دۇنيانى،
بولالمىدۇق ئۆزىمىز بىراق مۇكەممەل.
هەي، يىللار ئارمانى، يىللار ئارمانى،
ئارمان كۆرمىدىم مەن سىنىڭدىن ئەۋزەل.

ئىنسان ئۆز ئۆمرىنى ئويلىسا كۆپ ۋاقت،
قىينايدۇ ئۆزىدىن ئۆتكەن قۇسۇرلار.
كىمگىدۇر ئېيتىلماي قالغان بىر رەھمەت،
كىمدىندۇر سورالماي قالغان ئۆزرۇلەر.

ئىنسانغا تابىئە ئەمەس زامانلار،
تولغاندۇر ئىنساننىڭ قەلبىگە ھەسرەت.
بار پەقەت بەرىگە شۇنداق تەسەللا:
ئۆكۈنۈشنى بىلىش — بۇمۇ چوڭ دۆلەت.

1977 - يىل.

## باھار خاسىيىتى

قاراڭا، باھارنىڭ مەنىسۇدىمۇ يوق،
بىرەر مەھكىمىدىن مائاش ئالمايدۇ.
ئاڭا كار قىلمايدۇ ئالقىش ياكى دوق،
سەپەرگە چىقتىمۇ، كەلمەي قالمايدۇ.

يۇكسەك قەسىرلەرنى پۇركەر چىچەككە،
بىزەيدۇ گادايىنىڭ كۇلبىسىنىمۇ.
ئەزگۇلۇك بابىدا ئۇ پەقەت يەككە،
باقار تەڭ - باراۋەر ھەممىسىگىمۇ.

ئېچىپ قىزىل كۆكۈل دەرىزىسىنى،
قايغۇلۇق دىلدىمۇ كۆلۈدۇ باھار.

ئۆمتۈۋار ئىنسانلار، ئالقىشلاڭ ئۇنى
پەقەت خاسىيەتلىك بولۇدۇ باھار.

1979 - يىل.

★ ★ ★

ھىكمەتلىك گەپلەرگە سالغۇلۇق قۇلاق،
قۇلاق سالغۇلۇقتۇر خەلقنىڭ سۆزىگە.
ئادەملەرنىڭ بار بىر ئادىتى بىراق،
ماقال توقۇشىدۇ ماسلاپ ئۆزىگە.

مەسلەن، ئىت - ۋاپا، دەيدىكەن، ھەيھات،
توقىغان بۇنى ئىت ئىگىلىرى زەپ.
بىراۋنىڭ ئىتىدىن قىلغىن ئېھتىيات،
ئۆزەڭنىڭكى بولسا باشقا گەپ...

1979 - يىل.

## دوستلىرىمغا ئېيتقىنىم

— شائىر ئەلا خايىۋۋا

ئۇنتۇلار دۇنيادا نۇرغۇن نىملەر،
نامراتلىق، مەرتىۋە، شاتلىق، قايغۇلار.

مۇھەببەت دەردىمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتەر،
ئۇنتۇلار يىللار، يوللار، تۇيغۇلار.

قىرىق يىللىق ئاداۋەت ئۇنتۇلار سېكىن،
ئۇنتۇلار ھەتتاكى يۈرەكتىكى دەز.
ياخشىلارنىڭ مېھرى ئۇنتۇلماس لېكىن،
ئۇنتۇلماس ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى قەرز.

1980 - يىل.

★ ★ ★

ئۆمۈر قىسقا ئىدى،
قىسقارتتۇق يەنە،
ئازغىنە بەختنى بۆلۈپ تاشلىدۇق.
ئاقىۋەتتە كۈلپەت قىلدى تەنتەنە،
ئەنە شۇ چاغدىلا كۆزنى ياشلىدۇق.
كەتتى كاچ تەبىئەت يۈز ئۆرۈپ ئەمدى،
باقمىدى، چاپساقمۇ يىغلاپ كەينىدىن.
تىرىك ئات ئورنىغا ياغاچ ئات بەردى،
ۋە ئۆينىمۇ بەردى يەرنىڭ تەكتىدىن.

1980 - يىل.

## «دېيىشىدۇ...»

دېيىشىدۇ: ئىت ھۈرەر،
يۈرۈدۇ كارۋان.
رەنجۇ - بالالاردىن كۆيمىسۇن جېنىڭ.
لېكىن ئەلەم قىلار
بىر ئۆمۈر يىغلاپ
ئىتلار ئارىسىدىن ئۆتسە كارۋىنىڭ.

1981 - يىل.

## دوستۇم مۇراد ھەمرايېۋ خاتىرىسىگە①

كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن،
يەر - كۆك تىلىنغان.
پەرزەنتنىڭ پىغانى پەلەكنى بويلار.
بىر ياندا ئۆزبېكلەر باش ئېگىپ تۇرغان،
بىر ياندا بالام دەپ يىغلار ئۇيغۇرلار.
نىمە قىلغىنىڭ بۇ،
ئاھ دوستۇم مۇراد،
ئۆلۈمدىمۇ ئۆتۈپ ئاپسەن ئالدىغا.
ئۇ ئەھدۇ پەيمانلار بولدىغۇ بەرباد،
يەككە ئۇۋلايدىكەن ئەجەل دائىما.
مىڭلاپ يىل ئۆتسىمۇ ئاسمان قەرىدە،
تاقاراشماس پەلەكنىڭ ئىككى تۇزانى.
خۇش ئىدىم ئۆزبېكنىڭ ھەمدەم باغرىدا،
ماڭا دوست بولغاننىڭ ئۇيغۇر ئوغلانى.

نىمىشقا ياخشىغا قىتتىغىر ھايات،
نىچۇن ياۋ قېلىپ، دوست كېتىدىغاندۇ؟
ئۇلۇغ ئالىم ئىدىڭ، ئۆزەڭ ئېيت، مۇراد
تەبىئەت ئىشنى كىم بەللەيدىغاندۇ؟
نىتەي، جەنازەڭگە كېچىكىپ قالدىم،
تۇيۇقسىز بۇ دەرتتىن قالدىم گاڭگىراپ.
كىمگە خىتاپ قىلاي، مۇراد ئەزىزىم،
باقارمەن قەۋرەڭگە ئەمدى تىكىرقاپ.

1983 - يىل.

## تۆتلىكلەر

ئەركىنلىكنىڭ قەلەمنى ئېلىپ،
سۆيۈپ قويۇڭ ئۇنى مۇلايىم.
شورلۇق ئۆزى يالاڭغاچ قېلىپ،
ئىگىسىگە كىيدۈرەر دائىم.

×

دىمەڭلار: دۇنيانىڭ تەشۋىشى قېلىپ،
ئۆزىنى ھەريانغا ئۇرۇدۇ شائىر.
تاغدەك ئېغىر يۈكنى ئالقانغا ئېلىپ،
قۇشتەك يەڭگىل بولۇپ يۈرۈدۇ شائىر.

① مۇراد ھەمرايېۋ — سوۋېت ئۇيغۇر ئالىمى — فىلولوگ 1983 - يىلى ۋاپات بولغان.

×

بازارغا ئوخشايدۇ ئەسلى بۇ دۇنيا
بازارغا ئوخشايدۇ بۇندا ھەم مەئنى.
ھەر ئىككىسىدە كۆرمىدىم ئەسلا،
مېنىڭ مېلىم يامان دىگەن بىراۋنى.

×

بۇلبۇل ئۆگەي ئىكەن زاغلار ئارىسىدا،
يۈگرۈك سۇمۇ ئۆگەي تاغلار ئارىسىدا،
مۇھەببەت دەردىدە بىمار قەلبلەر بىز،
ئۆگەي بولساق نىمە، ساقلار ئارىسىدا.

×

سەھرا چىغرىيولىدا باشنى ئېگىپ جىم،
كېتىۋاتىدۇ بىرسى، بىلمەسمەن ئۇ كىم.
ئەگەر ئۇ سەن بولساڭ، قېشىڭغا باراي،
ئەگەر ئۇ مەن بولسام، تېز كەل رەپىقىم.

## تەقلىتچى شائىرغا

تەقلىت قىلىۋەرگىن چىدىساڭ ئەگەر،
بۇنىمۇ سەندىكى بىر ھەۋەس دەيلى.
بىراق باش كۆتىرىپ بىر كۈنى مەگەر،
ئەسلى نۇسخە مەن دەپ چىقمىساڭ، مەيلى.

★ ★ ★

ئاپتاپ پېتىپ كەتتى، ئېگىلدى بېشىم،
يۇلتۇزدەك چېچىلدى كۆزۈمدىن يېشىم.
ھىجرىڭدە باغرىمنى يەرگە بېرىسەن،
تۈن بىر لەھەت بولسا، ئاي قەۋر تېشىم.

ئۆزبېكچىدىن: ت.ئېلىيوپ تەرجىمىسى

# نەيرەڭۋاز

(چۆچەك)

بۇنىڭدىن بىر قانچە مىڭ يىللار ئىلگىرى تەكلىماكان چۆللۈكى باغۇ-بوستانلىق بىر گۈزەل ۋادا ئىكەن. ئۇنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە — تارىم دەرياسىنىڭ ياقىلىرىدا بىر-بىرىگە خوشنا كىتەك ۋە زوركىت دىگەن شەھەرلەر بولغان ئىكەن. بۇ شەھەرلەر ئۆزىنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە باياشاتلىقى بىلەن مەشھۇر ئىكەن.

شەھىرى كىتەككە تاھىر خىزىم دىگەن ياش بىر كىشى، شەھىرى زوركىتكە خۇجا ئەكبەر دىگەن مويسىپىت بىر كىشى پادىشالىق قىلىدىكەن. خۇجا ئەكبەرنىڭ قەددى-قامىتى سەرۋىدەك، چىرايى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇنئايدەك، كۆزلىرى بۇلاقتەك، ئاغزى ئويمائىتەك، مەڭزىلىرى ئاناردەك، قىلىقلىرى ئىللىق باھاردەك چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى گۈلنىسا بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ مەلىكە گۈلنىسا دەپ ئاتايدىكەن. مەلىكىنىڭ داڭقى تاھىرخىزىم پادىشانىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ، بۇ مەلىكىگە غايىۋانە ئاشىقى-بىقارار بولۇپ، ئىشقى-پىراقىدا گۈلخان بولۇپ يېنىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بارلىق ۋەزىر-ۋۇزرالىرىنى، ئاقىلۇ-دانىشمەنلىرىنى، يۇرت كاتتىلىرىنى مەجلىسكە چاقىرىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— ئى، ۋەزىرلىرىم، دانىشمەنلىرىم، ئەھلى جامائەتلىرىم، مەن خۇجا ئەكبەر پادىشاغا كۈيوغۇل بولماقچىمەن، بۇ توغرىدا ھەرقايسىلىرىدىن مەسلىھەت ئالماقچىمەن ھەم ياردەم تەلەپ قىلماقچىمەن.

مەجلىس ئەھلى ئىچىدىن خۇجا دىلگىر دىگەن باش ۋەزىر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، تازىم قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئى، ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، سىزگە قۇتلۇق بولسۇن، نىيىتىڭىزگە يېتىشكە ئاللا ئىگەم يار-يۆلەك بولسۇن، ھىلىغۇ خۇجا ئەكبەر پادىشاغا كۈيوغۇل بولماقچىكەنسىز، مۇبادا كۈيىقاپ پادىشاسىغا كۈيوغۇل بولماقچى بولسىڭىزمۇ بىز سىزنى مۇرادىڭىزغا چوقۇم يەتكۈزەلەيمىز.

باشقا مەجلىس ئەھلىلىرىمۇ بىردەكلا «كۆڭۈلدىكى گەپ بولدى» دىيىشىپتۇ.

Altunoq

تاھىر خىزىم پادىشا مەجلىس ئەھلىگە تەشەككۇر بىلدۈرۈپتۇ. مۇزاكىرە ئارقىلىق خوجا دىلگىر باش ۋەزىرنىڭ خوجا ئەكبەر پادىشانىڭ قېشىغا ئەلچىلىككە بېرىشى تەيىن تېپىپتۇ. بۇنى تاھىر خىزىم پادىشامۇ خوپ كۆرۈپتۇ.

خوجادىلگىر يۈز تۆگىگە سوغا- سالام ئارتىپ، خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە زوركەت شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ئاخىرى زوركەت شەھىرىگە يېتىپ كېلىشىپتۇ ۋە خوجا ئەكبەر پادىشانىڭ ھوزۇرىغا كىرىشىپ، ئىززەت- ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلىشىپتۇ.

خوجا دىلگىر ئۆزى ئېلىپ كەلگەن سوغاتلارنى خوجا ئەكبەرنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ ۋە تىزلىنىپ تۇرۇپ، مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي، شاھلارنىڭ شاھىنشاھى، خۇداۋەندىكېرەمنىڭ ئەڭ ئەزىز بەندىسى، پۈتۈن ئالەمنىڭ قۇياش- ئاپتىۋى، جىمى ھاياتلىقنىڭ غەمگۇزارى، پاناھى بولغان پادىشا ئالىلىرىغا خىزمەتكار قۇللىرى بولغان پادىشاھىمىز تاھىرخىزىم ئۆزلىرىگە كۈيوغۇل بولۇش تەلىۋىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىزنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن ئىدى. پادىشاھىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يەردە قويماي، تەلىۋىنى ئاتىلارچە مېھرى- مۇھەببەت بىلەن ئىلىك ئېلىشلىرىنى ئۆتۈنىچىلىك بىلەن سورايمىز.

خوجا دىلگىر سۆزىنى ئاياقلاشتۇرۇپ پادىشانىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ. پادىشا ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئەلچىلەر پادىشانىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن خوشاللىقتا چۆمۈپ، پادىشاغا رەھمەت ئېيتىشىپ، تازىم قىلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، پادىشا ئەلچىلەر شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەتتە ھەممە كىشى شاراپ ئىچىپ، رەققاسلارنىڭ نەپىس ئۇسۇللىرىنى كۆرۈپ، نەغمىكەشلەرنىڭ يېقىملىق، شوخ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ، ھوزۇر قىلىپ، كۆڭۈل ئېچىپتۇ.

پادىشا بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەلىكە گۈلنىسانى نۇرغۇن سوغا- سالاملار بىلەن تاھىر خىزىم پادىشانىڭ شەھىرىگە يولغا سېپتۇ. ئۇلار يەنە ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، شەھىرى كىتەك دائىرىسىگە يېتىپ كېلىشىپتۇ. ۋەزىر خوجا دىلگىر ئۆزلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىك خۇش خەۋىرىنى تاھىر خىزىم پادىشاغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن خەۋەرچى ئەۋەتىپتۇ. مەلىكە گۈلنىسانىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان تاھىرخىزىم پادىشا پۈتۈن شەھەر خەلقىنى باشلاپ يول ئۇستىگە چىقىپتۇ. ئۇلار شەھەر سىرتىدا بەختلىك ئۇچرىشىپتۇ. شەھەر خەلقى ناغرا- سۇنەيلەرنى چېلىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ، بۇ خوشاللىق ئۇچرىشىشقا قىزغىن تەنتەنە قىلىشىپتۇ ھەم پادىشا بىلەن مەلىكىنى گىلەم ئۇستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ قىرىق كېچە- كۈندۈز توي بولۇپتۇ. توي مەرىكىسى تۈگىگەندىن كېيىن، پادىشا بىلەن گۈلنىسا بەختلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ بەختلىك كۈنلىرى ئۇزاققا بارماپتۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى گۈلنىسا ئاتا- ئانىسىنى، سۆيۈملۈك دىيارىنى سېغىنىشقا باشلاپتۇ. ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، چىرايى سارغىيىپتۇ. پادىشا ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ئەجەبلىنىپ بىر كۈنى:

— ئەزىزىم، سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. گۈلنىسا پادىشاغا مالاللىق كەلتۈرۈپ قويماسلىق نىيىتىدە:

— ھېچنەرسە بولمىدى، — دەپ، راست گېپىنى ئېيتماپتۇ.
گۈلنىسا بىر كۈنى خىزمەتچىلىرىنى چاقىرىپ:
— ئۇستا بىر رەمبال تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.
خىزمەتچىلەر شەھەر بازىرىغا بېرىپ رەمبال ئىزلەپتۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە شەھەرى كىتەككە باشقا بىر يۇرتتىن داغىلە ئىسىملىك بىر دەججال كېلىپ قالغان ئىكەن. ئۇ، ھەربىر گېپىدە بىسمىللانى، خۇدانى، پەيغەمبەرلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، ئۆزىنى ناھايىتى تەقۋادار قىلىپ كۆرسىتىدىكەن. ئۇ قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئاغزىدا بىرمۇ چىشى يوق ئىكەن ۋە كۆزىدىن توختىماي ياش ئېقىپ تۇرۇدىكەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ بىر قاراپلا كىشىنىڭ ئىچكى سىرىنى بىلىپ ئالالايدىكەن.

رەمچى ئىزلەپ چىققان خىزمەتچىلەر كوچا دوقمۇشىدا ئەنە شۇ داغىلەگە يولۇقۇپتۇ. ئۇلار داغىلەنى پادىشانىڭ مەلىكىسىگە رەم سېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشىپتۇ. داغىلە بۇنىڭدىن خوشال بولۇپ، خىزمەتچىلەر بىلەن بىرگە مەلىكىنىڭ ھەرىمىگە يېتىپ كېلىپتۇ. ئۇ مەلىكىنى كۆرۈش بىلەنلا:

— ئەسسالام، مەلىكەم! مەن خىزمىتىڭىزگە تەييار بولۇپ كەلدىم، — دەپ تازىم قىلىپتۇ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قۇتقا①، خۇش كەپلا، — دەپ قارشى ئېلىپتۇ مەلىكە.

خىزمەتچىلەر مەلىكىنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە داستىخان يېيىپ، داغىلەنى مېھمان قىپتۇ. ئۇ قوسىقى تويغاندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ بەختىنى تىلەپ ئۇزۇن دۇئا قىلىپتۇ.

دۇئادىن كېيىن مەلىكە گۈلنىسا:
— ئى، قۇتقا! مەن سىلىنى رەم سالدۇرغىلى چاقىرغان ئىدىم، — دەپتۇ.
— مەلىكە سەنەم، سىزنىڭ ھاجىتىڭىزنى ئورۇنلاشقا مەن تەييار، — دەپتۇ داغىلە.

— ھەي، قۇتقا، — دەپتۇ مەلىكە كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، — مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ھۆرمەتلىك ئاتا - ئانامنى، سۆيۈملۈك دىيارىمنى كۆرەلمىدىم، سېغىنىش پىراقىدا ساراڭ بولۇپ كېتىۋاتىمەن، سىلى رەم سېلىپ، ئاتا - ئانامنىڭ، يۇرتۇمنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى ماڭا دەپ بەرسىلە، خىزمەتلىرى ئۈچۈن سىلىنى خۇش قىلغۇدەك ھەق بېرەتتىم...

— بولۇدۇ مەلىكەم، سىز ھەق بەرمىسىڭىزمۇ مەن بۇ ئىشلارنى ئەلۋەتتە قىلىمەن...

داغىلە تورۋا ئەيياردىن ئالا - يېشىل تاشلىرىنى ئېلىپ ئەپسۇن ئوقۇپتۇ ۋە تاشلارغا ھۈرۈپ، گىلەم ئۈستىگە چېچىپتۇ. ئۇ تاشلارغا تازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، مۇنداق تەبىر ئېيتىپتۇ:

— ھەي، مەلىكەم، ھۆرمەتلىك ئاتا - ئانىڭىز، سۆيۈملۈك دىيارىڭىز ئۆزىڭىز كۆرگەندىكىدەك ئامان - ئېسەن ئىكەن، ئۇلارمۇ سىزنى كېچە - كۈندۈز سېغىنىدىكەن، كۈندە دىگۈدەك يولىڭىزغا قارايدىكەن. سىز ئۇلاردىن ھەرگىز غەم يىمەڭ، خۇدايىم سىلەرنى پات - يېقىندا كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلىدىغاندەك قىلىدۇ. ئەمما... — داغىلە گەپنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ قويۇپتۇ.

① قۇتقا — لوپنورلۇقلار قېرى ئاياللارنى ھۆرمەتلەپ «قۇتقا» دەپ ئاتايدۇ.

— قۇتقا، نېمە بولدى... گەپىڭنى ئاخىرىنى ئېيتمىدىڭغۇ؟ — مەلىكە گۈلنىسا تەقەززا بولۇپ سوراپتۇ. ئۇنىڭ چىرايلىرىنى غەمكىنلىك قاپلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن داغىلە ئىچ ئاغرىتقان بولۇپ:

— مەلىكەم، ئاخىرىنى ئېيتماي دېگەن ئىدىم. سوراپ قالدىڭىز، سىزدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، كۆڭلىڭىزگە ئازار يەتمىسە، رەمگە چۈشكەن بىر ئىشتىن سىزنى خەۋەردار قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

— ئېيتسىلا قۇتقا، مەن سىلىدىن تىلەي...

— ئەي مەلىكەم، ئۆزىڭىز شۇنچىلىك چوڭ بىر پادىشانىڭ قىزى ئىكەنسىز، تاھىر خىزىم پادىشا سىزنى ئارزۇلاپ نىكاھىغا ئاپتىكەن، ئەمدى كېلىپ، سىزدىن... — داغىلە گەپنى يەنە توختىتىۋاپتۇ.

— ھە، ئەمدى كېلىپ قانداق قىلغۇدەك؟! — دەپ سوراپتۇ مەلىكە ئالدىراپ.

— مۇشۇ كۈنلەردە پادىشانىڭ سىزدىن كۆڭلى سوۋۇغىلى تۇرۇپتۇ. پات - يېقىندا سىزنى تالاق قىلىپ تاشلاپ، باشقا بىرسىگە نىكاللىنىدىغاندەك قىلىدۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مەلىكە گۈلنىسانىڭ دىمى سىقىلىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قېيىپتۇ. ئاچچىقىغا پايلىماي «شور پېشانەم!» دەپ پېشانىسىگە ئۇرۇپ، روھەك تۈۋىگە كېلىپتۇ ۋە ئاسمانغا قاراپ مۇنداق بىر كۇبلېت شېئىر ئوقۇپتۇ:



ئى، خۇدايىم، تۆپىمىزدە تۇرۇۋسەن،
ھەربىر ئىشنى ئۆزەڭ ئېنىق كۆرۈۋسەن.
بىرەر يامان ئىش قىلمىدىم ئالدىڭدا،
نىچۈن مېنى بۇنچە دەرتكە قويۇۋسەن؟!

شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، كۆزلىرىدىن ھەسرەت ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. داغىلە مەلىكىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدانغانلىقىدىن خوشال بولۇپتۇ ۋە ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە:

— ئەي مەلىكەم، غەم - قايغۇ، ئاچچىق، كۈندەشلىك بىلەن ئۆزىڭىزنى قىينىماڭ! پادىشانىڭ يامان غەرىزىنى بىلىشكە قادىر بولغان قۇتقىڭىز، بۇ ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالالماسمۇ؟! — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەلىكە ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي قۇتقا، مەن پۈتۈن ئىقلىمغا داڭقى كەتكەن خوجا ئەكبەر پادىشانىڭ قىزى بولىمەن، ئەمدىلىكتە تاھىر خىزىم پادىشانىڭ كۆڭلى مېنىڭدىن سوۋۇپ، باشقا بىرسىگە بۇ-

زۇلۇدىغان بولسا، ماڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خورلۇق يوق، ئەل ئالدىدا تاشلاندۇق خوتۇن بولۇپ ئولتۇرغىنىمدىن ئۆلۈۋالغىنىم مىڭ ياخشى. ئەگەر قوللىرىدىن كەلسە، بار ئامالنى ئىشقا سېلىپ، بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئالسىلا، مەن سىلىنىڭ بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت يەتـ لىكۈدەك مال ـ دۇنيا بېرەي ...

ــ بولۇدۇ، ــ دەپتۇ داغىلە، ــ ئايال كىشى ئاجىز نىمە، بىر ـ بىرىگە قۇياش بولمىسا بولامدۇ؟ سىز خاتىرجەم بولۇڭ، گۈل چىرايىڭىزنى سولدۇرماڭ، ماڭا بىرلا نەرسىنى تەييارلاپ بەرسىڭىز بولدى، قالغان ئىشنى ئۆزەم توغرىلايمەن.

ــ ئۇ قانداق نەرسە؟! ــ سوراپتۇ مەلىكە.

ــ ئۇغۇ ئانچىلىك چوڭ نەرسىمۇ ئەمەس، پادىشا ئۇخلاپ قالغاندا تۇيدۇرماستىن، ئىتـ تىك ئۇستۇرا بىلەن ساقىلىدىن بىر تالنى كېسىۋېلىپ ماڭا بەرسىڭىز، ئىش پۈتتى دىگەن گەپ، پادىشانى ئايىغىڭىز تېگىدە قۇرۇتتەك ئۆمىلەيدىغان قىلىۋېتىمەن ... ھى ... ھى ... ھى ...

ــ بولۇدۇ.

مەلىكە ئۇنىڭغا بۇگۈنكى خىزمىتى ئۈچۈن 1000 تىللا ئىنئام قىلىپتۇ. داغىلە تىللانى ئېلىپ، مەلىكىنىڭ بەختى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ خوشلىشىپ قايتىپتۇ. ئۇ، مەلىكىنىڭ قېشىدىن چىـقىپ دەرۋازا ئالدىدا بىردەم چۆگىلەپ يۈرۈپتۇ، ئاندىن مەلىكىگە تۇيـدۇرماي، دەرۋازىـدا تۇرغان خىزمەتچىلەردىن ئۆزىنىڭ پادىشا بىلەن كۆرۈشىدىغانلىغىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. خىزمەتچىـ لەر ئۇنىڭ تەلىۋىنى پادىشاغا يەتكۈزگەندىن كېيىن، پادىشا كىرىشكە ئىجازەت بېرىپتۇ.

ــ ئى، ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، ــ دەپتۇ داغىلە كىرگەن پېتى پادىشانىڭ ئايىغىغا يىقىـ لىپ، ــ كەمىنە قۇلىڭىز دۆلىتىڭىز سايىسىدا ياشاۋاتقان ئاددى بىر رەمچى بولۇمەن. سىزنىڭ ئامانلىغىڭىز بىزدەك ئاجىز، مۆمىن بەندىلەرنىڭ بەختى، مەن كېچە ـ كۈندۈز خۇدادىن سىزنىڭ ئامانلىغىڭىزنى تىلەپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىمەن، بۈگۈن سىزنىڭ كەلگۈسى ھاياتىڭىز توغرىسىدا بىر رەم سېلىپ بېقىش نىيىتىدە ھوزۇرىڭىزغا كەلدىم ...

ــ قېنى، كارامىتىڭنى كۆرسىتىپ باققىن! ــ دەپتۇ پادىشا.

داغىلە رەم سېلىپ بولغاندىن كېيىن، پادىشاغا مۇنداق دەپتۇ:

ــ ئى، ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، سىزگە يالغان ئېيتاي دىسەم دىلىم، راست ئېيتاي دىسەم تىلىم كۆيۈۋاتىدۇ.

ــ ھە، ئەھۋال قانداق بولسا راستلىق بىلەن ئېيت!

ــ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز! ...

ــ كەچتىم، ئېيتە! ...

داغىلە تىترەك ئارىلاش، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە مەلىكىڭىز ھاياتىڭىزغا قەست قىلىدىكەن ...

بۇنى ئاڭلاپ پادىشانىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگۈرۈپتۇ ۋە:

ــ قانداق قەست قىلىدىكەن، تېز ئېيت! ــ دەپتۇ.

داغىلە تېخىمۇ ھىلىگەرلىشىپ، قورقىنان بولۇپ:

— مەلىكىمىز سىز ئۇخلىغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، بوغۇزلىۋېتىدىغاندەك قىلدى، — دەپتۇ.

— راست ئېيتىۋاتامسەن؟!

— رەمگە شۇنداق چۈشتى، پادىشاھى ئالەم.

— يالغان چىقىپ قالسىچۇ؟!

— كاللام بىلەن جاۋاپ قىلىمەن.

پادىشا دەرغەزەپكە كېلىپ:

— جاللات! — دەپ توۋلاپتۇ.

قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان ئىككى جاللات تەييار بولۇپتۇ. پادىشا ئۇلارغا:

— بۇ قېرىنى دەرھال زىندانغا تاشلاڭلار! — دەپتۇ.

جاللاتلار ئۇنىڭ پۇت-قوللىرىنى يەرگە تەككۈزمەي ئاپىرىپ قاراڭغۇ زىندانغا سولىۋېتىپتۇ.

پادىشا تۈگىمەس خىياللارغا پېتىپ قېلىپ، ئاخىرىدا مەلىكىنى سىناپ بېقىش قارارىغا كېلىپتۇ. پادىشا شۇ كۈنى ئورددىن ھەرەمگە بالدۇر قايتىپ، مەلىكە بىلەن بىرگە بولۇپتۇ. كەچلىكى بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يەپتۇ، شاراپ ئىچىپ كۆڭلىنى ئېچىپتۇ. كېيىن كۆرپىگە سوزۇلۇپ يېتىپتۇ ۋە ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ، مەلىكىنىڭ ھەركىتىنى كۆزىتىشكە باشلاپتۇ. مەلىكە پادىشانى ئۇيقىغا كەتتى، دەپ ھىساپلاپ، پادىشانىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭ ساقى-لىنى تۇتۇپ، ئەمدى كېسەي دەپ تۇرۇشىغا پادىشا كاپ قىلىپ مەلىكىنىڭ قولىنى تۇتۇۋاپتۇ. مەلىكە قورققىنىدىن بىر چىقىراپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ.

— جاللات! ... دەپ ۋاقىراپتۇ پادىشا.

پادىشانىڭ ئالدىغا ئىككى جاللات يۈگۈرۈپ كىرىپتۇ. پادىشا ئۇلارغا:

— ماۋۇ بەدنىيەت قاتىل خوتۇننى ئاپىرىپ زىندانغا تاشلاڭلار، زىندانغا تاشلانغان داغىلەنى بوشىتىپ، دەرھال مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

جاللاتلار مەلىكىنى سۆرىگەن پېتى ئاپىرىپ زىندانغا تاشلاپتۇ ۋە ھايال بولماستىن داغىلەنى ئېلىپ كىرىپتۇ. پادىشا ئۇنى كۆرۈش بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ.

— ھەي قۇتقا، — دەپ شاھ، — ئۇقۇشماسلىقتىن مەن سېنى زىندانغا سالدۇرۇپ، رىيازەت چەكتۈرۈپتىمەن، سەن بۇنى ھەرگىز كۆڭلىڭگە ئالما، سەن مېنى بىۋاپا مەلىكىنىڭ سۇيىقەستىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار قىلمىغان بولساڭ، ئاللىقاچان ھالاك بولغان بولار ئىدىم. مەن ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇمەن، ئەمدى سەن قالغان ئۆمرىڭدە كوچىلاردا قېقىندى-سوقۇندى بولۇپ يۈرمەي، مېنىڭ دۆلىتىمدە خالىغىنىڭچە ئەركىن ياشا!

پادىشا خىزمەتچى خادىملارغا داغىلەنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىزمىتىگە ئادەم قويۇشنى تاپشۇرۇپتۇ. ئەتىسى پادىشا ئوردا ئالدىدىكى كەڭ مەيدانغا ئىگىز دار ياستىپتۇ، جاكاچىلار ئارقىلىق پۈتۈن خەلقنى يىغدۇرۇپتۇ.

جاللاتلار مەلىكە گۈلنسانى يالاپ ئېلىپ كېلىپتۇ. ئۇنى كۆرگەن شەھەر خەلقى ھەيران قېلىشىپتۇ. كىشىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتىرىلىپ، تەرتىپ بۇزۇلۇشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا پادىشا پەشتاققا چىقىپ، مۇنداق جاكالاپتۇ:

— خالايىقلار! مۇنۇ قارانىيەت خوتۇن، مېنى قەتلى قىلىشقا ھەركەت قىلغان چېغىدا قولۇمغا چۈشتى. بۈگۈن بۇ قارانىيەت، قاتىل خوتۇننى دارغا ئېسىشنى جاكالايمەن. كىمكى ماڭا

AltunOq

قەست قىلماقچى بولۇدىكەن، مانا مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالدۇ، بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىڭلار، تۆۋە قىلىڭلار!

كىشىلەر ئورۇنلىرىدا تۇرالماي دولقۇندەك مەۋج ئۇرۇپ چايقىلىپتۇ. پادىشا جاللاتلارغا: ئېسىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلىپتۇ.

جاللاتلار مەلىكىنى دارنىڭ ئاستىدىكى شىرەنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ، بوينىغا سىرتماق سېلىپ، شىرەنى تېپىپ ئۆرۈۋېتىپتۇ. مەلىكە داردا بىردەم تىپىرلاپ جان بېرىپتۇ.

داغىلە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ زور مۇۋەپپەقىيىتىدىن خوشال بولۇپتۇ. ئۇ كۆڭلىگە ئۇنىڭدىنمۇ زور شۇملۇقلارنى پۈكۈپ، زورىكىت شەھرى تامان سەپەر قىلىپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، داغىلە خۇجا ئەكبەر پادىشانىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىدا قارىلىق كىيىملەر بىلەن پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ ئوردا دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقان قاراۋۇللار-نىڭ ئالدىغا كېلىپ بېيىت ئوقۇپ يىغلاپتۇ:

ھەي، قاراۋۇل ياش باللار،
يوللىرىمنى توسماڭلار،
بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدىم،
پادىشا ئالدىغا باشلاڭلار،
ۋاي دەردىم، قانداق قىلاي؟ ...

قاراۋۇللار ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ:

— ھەي، قۇتقا، يىغاڭنى توختات! بېشىڭغا نىمە دەرت چۈشتى، بىزگە تېز ئېيت! —دەپتۇ.

داغىلە يىغلاپ تۇرۇپ:

— بېشىمغا چۈشكەن دەرتنى پادىشاغىلا ئېيتىشىم كېرەك. مېنى تېز پادىشا ئالدىغا باش-لاڭلار، — دەپتۇ.

داغىلەنىڭ تەلۋى خۇجا ئەكبەر پادىشاغا يەتكۈزۈلۈپتۇ. پادىشا خەۋەرچىلەرگە:

— ئۇنى ئېلىپ كىرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلىپتۇ.

خەۋەرچىلەر داغىلەنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. داغىلە پادىشانى كۆرۈش بىلەنلا يەنە بېيىت ئوقۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ:

پادىشا خۇجا ئەكبەر،
ئەي، دانا چىۋەر رەھبەر.
كۆكتە ئۈچتى بىر يۇلتۇز،
ئۇندىن كەلدىمۇ خەۋەر؟

ۋاي دەردىم، قانداق قىلاي؟ ...
ھەمرايىمدىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ.
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن،
ئالدىڭىزدا زارلىنىپ.
ۋاي دەردىم، قانداق قىلاي؟ ...

پادىشا خوجا ئەكبەر داغىلەنىڭ بۇ ھالىدىن بىر يامانلىق بولغانلىقىنى سېزىپ، تەن-لىرى شۈركىنىپ، يۈرەكلىرى جىغىلداپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ داغىلەنى يىغىدىن توختىتىپ سوراپتۇ:

— ھە، نېمە دادىڭ بار؟

ئۆزلىرىگە بىر خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئىدىم، پادىشاھى ئالەم.

— قېنى، ئېيت!

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ئاندىن ئېيتىمەن.

— ھە، كەچتىم، ئېيت!

—كۈيئوغۇللىرى تاھىر خىزىم ئۆزلىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، قىزلىرىنى دارغا ئېسىپ قەتلى قىلدى، — دەپ گەپنى تامام قىلىپتۇ.

پادىشا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھوشىنى يوقىتىپ، ئورنىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قاپتۇ، ئۇ بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، ھوشىنى تېپىپ:

—بۇ گېپىڭ راستمۇ؟ — دەپتۇ.

— راست بولمىسا، خەلقى-ئالەم ئالدىدا شەرمىسار بولۇپ كېتەي.

— ئۇنداق بولسا، بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزۈشكە نېمە سەۋەپ بولدى؟

— ئى، ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، مەن مەلىكىلىرىنىڭ قېشىدا خىزمەت قىلىپ، ئۇنىڭ ياخ-شىلىقىنى كۆپ كۆرگەن ئىدىم. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ماڭا كۈن چىقىلغاندەك، يۇلتۇزلار ئۈزۈلۈپ چۈشكەندەك ئېغىر تۇيۇلدى. مەلىكىگە بولغان ساداقىتىمنى ئاقلاش ئۈچۈن سىلىنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. قېرى بولسامۇ چۆمۈلدەك ئۆمىلەپ، شۇنچە ئۇزۇن مەنزىلنى بېسىپ، ئاخىرىدا نىيىتىمگە يەتتىم، ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق.

پادىشا داغىلەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ھۆرمىتى ئېشىپتۇ. ئۇ، خىزمەتچىلەرنى چاقىرىپ قۇتقىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

پادىشا قىزىنىڭ بىھۇدە ئۆلۈپ كەتكىنىگە قاتتىق ئېچىنىپتۇ. قىزى ئۈچۈن تاھىر خىزىم-دىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇ دەرھال ھەممە ۋەزىر-ۋۇزرالىرىنى، ئاقىلۇ-دانىشمەن-لىرىنى، بارلىق لەشكەر باشلىقلىرىنى مەجلىسكە چاقىرتىپتۇ. مەجلىستە مۇزاكىرە ئارقىلىق، تاھىر خىزىم ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىش قارار قىلىنىپتۇ. شۇندىن كېيىن، پۈتۈن لەشكەرلەر جىددى جەڭ ھازىرلىقىغا كىرىشىپتۇ. داغىلە ئۆزىگە قاراۋاتقان خىزمەتچىلەرگە تۇيدۇرماي ئوردىدىن قېچىپ چىقىپ، شەھىرى كىتەك تەرەپكە يول ئېلىپتۇ. ئۇ كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ شەھىرى كىتەككە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۇتتۇرلا تاھىر خىزىم پادىشانىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. پادىشا ئۇنى كۆ-رۈپ ناھايىتى خوشال بولۇپتۇ ۋە:

— قۇتقا، ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈنمىدىڭ، نەلەردە يۈرۈۋاتىسەن؟ — دەپ ئەھۋال سوراپتۇ.

داغىلە پادىشاغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ تازىم قىپتۇ ھەم مۇنداق دەپتۇ:

— ئى، ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم! ماڭا قىلغان مېھرى-شەپقەتلىرىگە مىڭ رەھمەت، غېرىپ قۇتقىلىرى دەرگاھلىرىدا تۇرۇپ، شانۇ-شەۋكەتلىرىگە داغ چۈشۈرۈشنى مۇناسىپ كۆرمەي كو-چىغا چىقىپ كەتكەن ئىدىم. كۈن پاتقان يەردە تۈنەپ، تاڭ سەھەردە تۇرۇپ، ھەربىر نا-مىزىدا سىلىگە دۇئا قىلدىم. بۈگۈن سىلىنىڭ مۇبارەك دىدارلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، ئامان-

ئېسەنلىكلىرىنىڭ قانداقلىغىنى بىلىش مەقسىدىدە رەم سېلىپ باققان ئىدىم، رەمدە بىر شۇم
خەۋەر ئايان بولدى. شۇنىڭدىن سىلىنى خەۋەردار قىلغىلى كەلدىم.

تاھىر خىزىم سەل جىددىلىشىپ:

— تېز ئېيت، ئۇ قانداق شۇم خەۋەر؟! — دەپ سوراپتۇ.

داغىلە مۇنداق دەپتۇ:

— رەمدە قېيناتىلىرى خوجا ئەكبەر پادىشانىڭ سىلىگە قارشى ئەسكەر تارتىپ كېلىد-
ۋاتقانلىغى ئايان بولدى، سىلىغۇ دۇنيادا تەڭداشسىز غالىپ پادىشا، شۇنداق بولسىمۇ دۈش-
مەننى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ.

تاھىر خىزىم پادىشانىڭ داغىلەگە بولغان ھۆرمىتى ئېشىپ، ئۇنى ئۆزىگە باش مەسلى-
ھەتچىلىككە تەيىنلەپتۇ. داغىلە ھۆرمەتلىك ئادەمگە ئايلىنىپتۇ.

قېيناتىسىنىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىغىدىن ساراسىمىگە چۈشكەن تاھىر خىزىم پادىشا
شۇ كۈنى ۋەزىرلىرى بىلەن لەشكەر باشلىقلىرىنى يىغىنغا چاقىرىپتۇ. يىغىندا خوجا
ئەكبەر پادىشانىڭ جازا يۈرۈشىگە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى مۇزاكىرە قىلىنىپتۇ. يىغىندىن
كېيىن، تەييارلىق ئىشلىرى ئىشلىنىشكە باشلاپتۇ. شۇ ئارىلىقتا خوجا ئەكبەر پادىشانىڭ لەش-
كەرلىرى شەھەر ئەتراپىغا باستۇرۇپ يېتىپ كەپتۇ. پادىشا شەھەر دارۋازىلىرىنى مەھكەم
بېكىتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۆزى باش بولۇپ لەشكەرلەرنى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىپتۇ. داغىلە ئۇ-
نىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپ بىللە بولۇپتۇ. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كېچە-
كۈندۈز جىددى جەڭ باشلىنىپتۇ، ھېچقايسىسى بىر - بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشا
شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ يېتىپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. سىرت بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن
شەھەرى كىتەك خەلقى ھەر جەھەتتىن قىيىنىلىشقا باشلاپتۇ. لەشكەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ
جەڭگىۋارلىغى ئاجىزلىشىپتۇ. مۇشۇ پەيتتە خوجا ئەكبەر پادىشا ھۇجۇمنى تېخىمۇ كۈچەيت-
تىپتۇ. تاھىر خىزىم پادىشانىڭ لەشكەرلىرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، زىيان بارغانسېرى كۆ-
پىيىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تاھىر خىزىم پادىشا قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ، داغىلەنى
پىنھان جايغا چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— قۇتقا، سەن مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بالايى - ئاپەتلەرنى كۆرۈۋاتىسەن، شەھەر خەۋپ
ئىچىدە قالدى، مەن قانداق قىلسام بولىدۇ، بىر مەسلىھەت كۆرسەت!

داغىلە تورۋا ئەييارىدىن ئالا - بۇلىماچ تاشلىرىنى ئېلىپ رەم سېلىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— دۈشمەنلەرنىڭ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىدىغان ۋاقتىغا ئاز قاپتۇ. سىلىنىڭ غەلىبە
قازىنىشلىرىدىن ئۈمىت يوق...

تاھىر خىزىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھوش - كاللىسىنى يوقىتىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ
ھالنى كۆرگەن داغىلە پادىشاغا:

— پادىشا بولغان كىشى خەۋپ - خەتەر ئالدىدا گاڭگىراپ قالماسلىغى، بەلكى ئۇنى يېڭ-
گىدىغان ئىشەنچتە بولۇشى لازىم، — دەپ نەسىھەت قىلىپتۇ. تاھىر خىزىم:

— قۇتقا، قانداق قىلىمەن، ماڭا تېزدىن بىر يول كۆرسەت! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— پادىشاھى ئالەم، كۆڭۈللىرىگە مالال كەلمىسە، ئاخىرقى قېتىم بېرىدىغان بىر مەس-

لىھەتىم بار، شۇنى سىلىگە ئېيتىپ باقاي.

— بولىدۇ، ئېيت!

— سىلى پادىشالىقنى ۋاقىتلىق ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەرسىلە، بىرىنچىدىن خۇداغا، ئىككىنچىدىن پۇقرالارغا، لەشكەرلەرگە تايىنىپ جەڭ قىلىپ باقاي، تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ جەڭدە غەلىبە قىلىپ قالسام، جەڭدىن كېيىن پادىشالىقنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، ئۇۋاقىتتا شەھىرى كىتەككىلا ئەمەس، زوركىت شەھىرىگىمۇ پادىشا بولىلا.

ئاپەتتىن تېزرەك قۇتۇلۇپ، تېنچلىقنا ئارام ئېلىشنى كۆزلەپ يۈرگەن تاھىرخېزىمغا بۇ مەسلىھەت ياغدەك يېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشالىقنى داغىلىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئالتۇن تاجىنى بېشىدىن ئېلىپ ئۆز قولى بىلەن داغىلەنىڭ بېشىغا كەيدۈرۈپ قويۇپتۇ. داغىلەنىڭ پادىشا بولغانلىقى پۈتۈن شەھەر خەلقىگە جاكالىنىپتۇ. داغىلە پادىشا بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى بىر يەرگە يىغىپتۇ. ئاندىن ئوتتۇرىغا چىقىپ خالايىققا مۇنداق دەپتۇ:

— پۇخرالىرىم، ئەر - ئايال، قېرى - ياش قېرىنداشلىرىم، مەن سىلەرگە ئوچۇق - ئاشكارا جاكالايمەنكى: ھازىر ھەممىمىزنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئانىسى، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جانجان ۋەتىنىمىز دۈشمەنلەرنىڭ قامالى ئىچىدە تۇرماقتا. بىزگە كېلىدىغان خەۋپ - خەتەر قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىغىدەك قالدى. ئاتا - بوۋىلىرىمىز «ئاتا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى - روھىڭ سامان بولماس» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىككى يول تۇرۇپتۇ. بىرى، دۈشمەنلەرگە ئەل بولۇپ، قۇللۇقتا سارغىيىپ ياشاش؛ يەنە بىرى، دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىپ، ۋەتەنىنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى ساقلاپ، ئەركىن - ئازادە ياشاش. بىز قايسى يولدا ماڭىمىز؟ قېنى، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟

داغىلەنىڭ سۆزلىرى خالايىقلارغا تەسىر قىلىپتۇ. ئۇلار بىردەكلا:

— بىز كېيىنكى يولدا ماڭىمىز، — دەپ جاۋاپ قايتۇرۇشۇپتۇ.

خەلقنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغان داغىلە تۆمۈرنى قىزىغىدا سوقۇش ئۈچۈن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— ئەلۋەتتە كېيىنكى يولدا مېڭىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە شۇنداق مۇراجەت قىلىمەنكى: ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ دۈشمەنلەرگە قارشى قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بىز چوقۇم مەقسىدىمىزگە يېتەلەيمىز.

خالايىقلار بۇنىڭغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپتۇ. داغىلە ۋەزىرلەرنى، دانىشمەنلەرنى، لەشكەر باشلىقلىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ شەھەر مۇداپىئەسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. خىزمەتتە بوشاڭلىق قىلغان باشلىقلارنىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا يېڭىدىن باشلىق تەيىنلەپتۇ. ئۆلگەن لەشكەرلەرنىڭ ئورنىغا پۇخرالاردىن يېڭى لەشكەر ئېلىپ تولدۇرۇپتۇ. قىسقىسى، ھەر تەرەپلىمە تەييارلىقلار ياخشى ئىشلىنىپتۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە، خوجا ئەكبەر پادىشانىڭ بىر قانچە قېتىملىق شىددەتلىك ھۇجۇمى چېكىندۈرۈلۈپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشا شەھىرى كىتەكلىكلەرنىڭ بۇنداق كۈچىيىپ كېتىشىدىن ھەيران قېلىپتۇ. ئۇ، ھۇجۇم

قىلىشنى توختىتىپ، شەھەرگە بولغان قامالنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە باشلاپتۇ. شەھەرگە سىرتتىن بىرەر قۇشنىمۇ كىرگۈزمەپتۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. شەھىرى كىتەك خەلقىنىڭ يەيدىغان ئوزۇق - تۈلۈگى، قالايدىغان ئوتۇنى، ئىچىدىغان سۈيى قالماي، زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپتۇ. بۇ قىيىنچىلىقلار ئۇلارنى ئۇرۇش قىلىش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپتۇ. مۇشۇ پەيتتە خوجا ئەكبەر پادىشا ئەسكەرلىرىنى قايتا تولۇقلاپ شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، شەھىرى كىتەكنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشا داغىلەنى ئەسىر ئېلىپتۇ. ئۆزىگە خەۋەر ئېلىپ بارغان بۇ دەللىنىڭ ئەمەلىيەتتە پادىشا بولۇۋالغىنىدىن ھەيران قېلىپتۇ. تاھىر خىزىمنىمۇ ئىزلەپ تېپىپ قولغا ئاپتۇ. ئاچ - زارلىقتا قالغان شەھىرى كىتەك خەلقىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تارقىتىپ بېرىپ، دەردىگە دەرمان بولۇپتۇ. يۇرت ئىچىدە تېنىچ - ئامانلىق ئورنىتىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خوجا ئەكبەر پادىشا جاكاچىلار ئارقىلىق پۈتۈن خەلقنى بىر يەرگە توپلاپتۇ. تاھىر خىزىم بىلەن داغىلەمۇ بۇ يەرگە كەلتۈرۈلۈپتۇ، ئاندىن كېيىن خالايىق ئالدىدا سوراق باشلاپتۇ:

— ئەي ئاسىي قاتىل! مەلىكە گۈلنىسانى نېمىشقا دارغا ئاستۇرۇدۇڭ!؟ — پادىشا تاھىر خىزىمدىن سوراپتۇ. تاھىر خىزىم تىترەپ تۇرۇپ، بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن داغىلە سوراق قىلىنىپتۇ. داغىلە ئۆزىنىڭ قىلمىشىنى مۇنداق بايان قىلىپتۇ:

— مەن ھازىر بىر قېرى كالا، قېرى كالا پىچاقتىن قورقمايدۇ. مېنىڭ كۆرۈدىغان كۈنۈم ئەمدى مەشەگىچە. مەن پۈتۈن سىرنى ئاشكارىلاي: مەن كىچىگىمدىن تارتىپ پىتنە - پاسات تارقىتىپ، كىشىلەرنى بالايى - ئاپەتكە دۇچار قىلىشنى كەسىپ قىلىپ كەلدىم. بىر كۈندە بىرەرسىنى ئالداپ، بالايى - ئاپەتكە دۇچار قىلمىسام كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ. بىر كۈنى مەلىكە گۈلنىسا رەھىم سېلىپ بېرىشكە مېنى چاقىردى، — دەپ ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئىقرار قىلىپتۇ.



Altunoq

خوجا ئەكبەر پادىشا، تاھىر خىزىم پادىشا ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى يۇقۇرىدا بولغان كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ ھەممىسى داغىلەنىڭ سەۋدەۋى بىلەن بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا نەپرەت بىلدۇرۇپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشا ئەل ئىچىدىكى مۇشۇنداق يامان شۇمپەيلەرگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، داغىلەنى نەق مەيداندا دارغا ئېسىشنى بۇيرۇپتۇ. داغىلە دارغا ئېلىنىپتۇ، بۇنىڭدىن پۈتۈن شەھەرى كىتەك خەلقى شادۇ - خۇراملىققا چۆمۈپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشا ئەل ئالدىدا تاھىر خىزىمغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن سېنى ئەقلى - ھۇشى جايىدا دەپ ئويلىمىغان ئىدىم، تازا ئۇچىغا چىققان دۆت ئىكەنسەن. خەير، ئاتا - بالا بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا گۇنايىڭدىن كەچتىم. سەن قىلغاننى مەن قىلماي، مۇندىن كېيىن ئەقلى - ھۇشۇڭ بىلەن ئىش قىلارسەن. مەن سېنى بۇ شەھەرگە قايتا پادىشا قىلىپ تەيىنلەيمەن، ئادىللىق بىلەن ئىش قىلىشىڭنى، يۇرتنى گۈللەندۈرۈپ، گۇنايىڭنى يۇيۇشىڭنى ئۈمىت قىلىمەن.


تاھىر خىزىم ئۆزىنىڭ گۇنايىنى تونۇپ، قېيناتىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ھۆكرەپ يىغلاپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشا ئۇنى ئورنىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— خەلقىڭنى رازى قىلساڭلا، مەن سەندىن رازى! — دەپتۇ.

— بولىدۇ، دادا، مەن بۇندىن كېيىن سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن، — دەپتۇ تاھىر خىزىم پادىشا. بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن تاماملىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، خوجا ئەكبەر پادىشا زورىكىت شەھىرىگە قاراپ يول ئېلىپتۇ. تاھىر خىزىم پادىشالىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، شەھەرى كىتەكنى قايتا گۈللەندۈرۈشكە بەل باغلاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **ناسىر شادەي.**

خاتىرىلەپ رەتلىگۈچى: **شېرىپ مۇسا.**




# مەسەللەر

زۇنۇن قادىر

## ھەسەل ھەرە بىلەن كۆك چىۋىن

يازنىڭ ئىسسىق بىر كۈنى يايلاقتا،
گۈللەر ئېچىلىپ، خۇشپۇراق چاچقاندا،
ھەسەل ھەرە گۈل كاساسىغا قوندى،
تۇمشۇغىنى شەربەت سېرى سۇندى.
كۆك چىۋىنمۇ كېلىپ قوندى ياپراققا،
ھېچنىمە تېپىتالماي يۈرۈپ ھەر ياقتا.
ئاخىرى كەلدى ھەسەل ھەرە قېشىغا،
نەزەر سالدى ئۇنىڭ ئىشىغا.

«نىمە باركەن، بۇرادەر، ئۇ يەردە؟
ھەجەپمۇ لېۋىڭنى تامشىپ كەتتىڭ ـ ھە!»
سورىدى ھەيران بولۇپ كۆك چىۋىندىن.
«خالىساڭ سەنمۇ كېلىپ تېتىغىن»—
دېدى كۆك چىۋىنگە ھەسەل ھەرە.
لېكىن تېپىتالمىدى چىۋىن بىچارە،
تاتىلاپ گۈل چىنىسىنى تىتتى،
پۈتىدىن چۈشكەن قەقەشنى يۇتتى.
ھەرىنىڭ ئىشىغا يەتتى نۇقسان،
باشقا گۈلگە قاراپ ئۇچتى چاپسان.
چىۋىنمۇ قوغلاپ بېرىپ قېتىلدى،
ۋالاقلاپ يۈرۈپ، ئاغزى ئېچىلدى:
«ماڭا قارا، بۇرادەر ھەرىجان!
تىنماي ئىشلىسەڭ قالامدۇ دەرمان؟
يۈزلەپ گۈلگە قونساڭ نىمە پايدا،
مېنىڭ كەسپىمدەك ئاسان ئىش قايدا؟»
ھەرە دېدى: «ئاساندىن نىمە لەززەت؟
بىلەمسەن ئەمگەكنىڭ تۈۋى راھەت!
سەندەك تەييار راھەت ئىزلىمەيمەن،
قېزىپ جۆھەردىن ھەسەل ياسايمەن.»
چىۋىن دېدى: «مەن سەندەك كەزمەيمەن،
ئەتراپقا بىرلا نەزەر تاشلايمەن،
كۆرۈمەن ـ دە، ئېشەكنىڭ يېغىرىنى،
تېپىپ چىقىرىمەن پۈرىغىنى.
قانداق لەززەتلىك، ئۇنى بىلەمسەن؟
يۈر، سەنمۇ بېرىپ تېتىپ كۆرمەمسەن!»
«ياق» دېدى ھەرە، قۇسقۇسى كەلدى،
ئۇ مەينەتچىلىكنى تېتىشتىن يىرگەندى.
چۈنكى ئۇ گۈلدىن تېتىيدۇ شەربەت،
خۇشپۇراقلاردىن ئالىدۇ لەززەت.
ئىشلەيدۇ ھەرە گۈل ـ گۈلستاندا،
ھەسەل ياسايدۇ باغۇ ـ بوستاندا.
چىۋىن ئۇچۇپ «نىمە كارىدۇر گۈلنىڭ؟
يېغىرنىڭ ئۈستىگە قونسىلا بولدى.
نىمە كارى يەرگە تۆكۈلسە خۇنىنىڭ،
ئۇنىڭ قوسىقى تويسىلا بولدى.»

چىۋىنگە ئوخشاشلار بار جاھاندا،
ھەممىشە يىغىننىلا كۆرۈدۇ؛
باشقىلارنىڭ ياخشى يېرىنى كۆرمەي،
يامان يېرىنىلا ئىزلەپ يۈرۈدۇ.

1985 - يىل، 2 - ئاي.

## كېپىنەك بىلەن ھەرىلەر①

گۈللەر ئېچىلغان باھار تېڭىدا،
شۇنچە رەڭمۇ-رەڭ، شۇنچە چىرايلىق.
گۈل چىنىسى يوپۇرماقلاردا
يالتىرار شەبنەم خۇددى مەرۋايىت.
چىقتى كېپىنەكخان ساياھەتكە
شايى، ئەتلەس، كىمخاپلار كىيىپ.
ھەرىلەرمۇ كەلدى گۈلزارلىققا،
دۇتار، تەمبۇر، غىجەكلەر چېلىپ،
گۈل-گۈلىستاندا قىزىپ كەتتى توي،
كېپىنەك ئۇسۇل ئويناپ كەتتى، قوي!
ئۇچرىشىپ قالدى بۇ بىر بەزمىدە،
كېپىنەك بىلەن بىر سېمىز ھەرە.
ھەر ئىككىسى تۇمشۇغىنى ئەپلەپ،
گۈل چىنىسىگە تىققان ئىدى كەپلەپ.
يەتمىدى تۇمشۇغى شۇندا شەربەتكە،
ئۇچرىدى ئۇلار شۇ چاغ غۇربەتكە.
«نىمە قىلىپ يۈرۈسەن، بوغۇساق؟»—
دەپ سورىدى كېپىنەك چالۋاقاپ.
«ۋاي تاۋى نازۇك، ئۇقمىغانمىدىڭ؟
مەن بولۇمەن گۈل ھەرە دېگىنىڭ
گۈللەر ئارىلاپ ھەسەل يىغىمەن،
ھەممىگە شۇنداق خىزمەت قىلىمەن.»
«ۋاي چىرايلىق ئاشىق، يوڭلۇق ئەخمەق،
ھەسەل ماڭىلا ئۇچرايدىغۇ نەق-نەق.
شەربەت ئىچىپ، ھەسەل يالايمەن،
گۈللەر ئارا شۇنداق ئوينايمەن.
كىيىمەن ئەتلەس، كىمخاپتىن چاپان،
سەيلە قىلىمەنغۇ مەن ھەرقاچان.
بىلىپ قوي ئەخمەق!»—دېدى كېپىنەكخان،
سەكرەپ كەتتى تېرىكىپ ھەرىجان.
بۇزۇلدى باشقىلارنىڭ ئەيشى،
شۇنداقلا قالدى يەۋاتقان ئېشى.
سېمىز ھەرە چىقتى ئوتتۇرىغا،
ھەسەل ھەرىمۇ كەلدى بۇ قورغا.
«ئاڭلىدىڭمۇ، كېپىنەكنىڭ دېگىنىنى؟
ھە، يامان ئېيتىدۇ يېگىنىنى»—
دەپ سۆز باشلىدى سېمىز ھەرە،
جىم بولۇپ قالدى كېپىنەك بىچارە.
ھەسەل ھەرىگە سېمىز قىلدى چاقچاق:
«كۆردۈڭمۇ ئۇ شۇنداق ماختانچاق.
ھەسەل، ھەسەل بىلەمسەن ئۇنى؟
نىكتار② بىلەن ياسايدۇ بۇنى.
گۈل چىنىسى ئىچىدە بار شىلىم،
ئەنە شۇنى ھەسەل قىلار بىلىم.
ئۇ قانداق تاتلىق، قانداق مېزىلىك،
كىم بىلىدۇ ھە، بۇنى مەنچىلىك؟»—
ھىجايدى ھەسەل ھەرە بۇنىڭغا!
سېمىز ئاچچىقلاپ دېدى ئۇنىڭغا:
«زاڭلىقنى كىم قويدى ساڭا ئاۋاق؟!
ئۆمرۈڭدە ھەسەل كۆرگەنمىدىڭ، ئاخماق!»
چاۋاك چالدى كېپىنەك نايناقلاپ،
«ئاۋاق، ئاۋاق!» دېدى ئۇ قاھقاھلاپ.
«ھەسەل ئىلىمنى سېمىز ھەرىجاندىن،
ئاۋاق، ئوبدان ئاڭلاپ ئۆگەن ئاندىن!»
ھەسەل ھەرە ئىشقا ماڭدى ئالدىراپ،
مۇنداق دېدى كېپىنەكخانغا قاراپ:
«ھەي چىرايلىق، نايناق كېپىنەكخان،
كۆرۈنگەننى دېمەڭ ھەسەل ھەرىجان!»

① بۇ مەسەل 1948 - يىلى يېزىلغان نۇسخىسى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەندى.

② نىكتار — گۈل چىنىسى ئىچىدىكى شىرنە.

# مەسەل ۋە ھەجۋىي شېئىرلار

ئۆمەرجان روزى

## چۈمۈلە بىلەن چېكەتكە

تۈگەپ ئاياز، يېتىپ كەلدى گۈزەل ياز،
چېكەتكىلەر ئېتىزلاردا چېلىپ ساز.
باشلىۋەتتى تاماشانى، سەيلىنى،
ئىش ۋە ئەمگەك تارتىمىغاچقا مەيلىنى.
ئېتىزلاردا تەييار داننى يېيىشىپ،
«جاپا چەكمەي ياشايمىز توق» دېيىشىپ،
يۇرۇشەتتى يايراپ كەڭرى ئېتىزدا،
چىرىلدىشىپ بۇغدايلىقتا ئېگىزدا.
بىر كۈنىسى ئۇچرىدى چوڭ «كارۋان»غا،
نە كارۋانكى، تىپ چۈمۈلە پالۋانغا.
چۈمۈلىلەر قاتارلىشىپ بەس ـ بەستە،
ئىشلىمەكتە ئىدى قىزغىن ھەۋەستە.
ئالدىرايتتى ئۆزىگە ئۆي سالماققا،
ھەم يەم توشۇپ، يۈگۈرۈشۈپ ھەر ياققا.
ئويلاپ ئۇلار يازدا قىشنىڭ غېمىنى،
ئىشلىشەتتى ئالماي بىردەم دېمىنى.
بۇنى كۆرۈپ چېكەتكىلەر كۈلۈشتى،
زاڭلىق قىلىپ تېخى مۇنداق دېيىشتى:
«ھەي ھاماقەت ، چۈمۈلىلەر ـ گالۋاڭلار،
چۈشكەنمىدى سىلەرگە يا ئالۋاڭلار؟
جېنىڭلارنى قىينايسىلەر نىمانچە؟
بىخارامان راھەت سۈرمەي قانغىچە.
بىلمەيسىلەر بىزدەك ئويناپ كۈلۈشنى،
ئېتىزلاردا تەييار داننى يېيىشنى.
يوقكەن ھەرگىز سىلەرنىڭ دىت ـ پەمىڭلار،
ئەجەبمۇ دۆت ئىكەنسىلەر ھەممىڭلار.»

چۈمۈلىلەر ئاڭلاپ بۇنى كۈلۈشتى،
سۆزنى قىسقا قىلىپ مۇنداق دېيىشتى:
«ھەي ئەقىللىق، چېكەتكىلەر، ئاڭلاڭلار،
مەيلى ماختاپ ئۆزەڭلەرنى داڭلاڭلار،
سىلەر ئوخشاش ياشاش بىزگە نومۇس ـ ئار،
سىلەردە يوق ئىنساپ، نومۇس بىزدە بار.
دۆت ۋە ئەخمەق بىزلەرمۇ يا سىلەرمۇ؟
كېلىپ قالار ئايرىلدىغان كۈنلەرمۇ!»

ئايلار ئۆتۈپ يېتىپ كەلدى پەسلى قىش،
چۈمۈلىلەر سەزمەيتتى ھېچ غەم ـ ئەندىش.
چۈنكى بولغاچ ئىللىق ئۆيى ياتقۇدەك،
ئۇلۇغ ـ ئۇششاق كەڭ ـ كۇشادە پاتقۇدەك.
يېيىشكە ھەم تەييار ئىدى ئاش ـ يېمى،
يوق ئىدى قىش ۋەھىمىسىدىن ھېچ غېمى.
ئەمما لېكىن چېكەتكىلەر ھالىغا ۋاي...
تاپالمىغاچ باش تىققۇدەك پانا جاي.
يۈرۈشەتتى نالە قىلىپ ـ چىرىلداپ،
قار ـ شىۋىرغان داللاردا دىرىلداپ.
ئىزلىشەتتى يېرىقلارنى ـــ كامانى،
بولمىغاچقا ياتقۇدەك ئۆي ـ ماكانى.
قاپلاپ كەتكەچ ھەممە يەرنى قېلىن قار،
قالدى ئۇلار پارچە دانغا بولۇپ زار.
چېكەتكىلەر ساقلالمىدى بۇندا جان،
ئەسقاتمىدى كېيىن قىلغان پۇشايمان.

## شەمشاتنىڭ پاجىئەسى

يول تۆپىسىدە بىر تۈپ شەمشات
ئاسمان ـ پەلەك ئۆسۈپ كەتكەن.
ياز كۈنلىرى سايىدىشىپ
ئۆتتۇشەتتى ئۆتكەن ـ كەچكەن.

غولى يېغان، يەتمەيتتى چېۆڭ
ئىككى ئادەمنىڭ غۇلىچى.
سايە تاشلار پاتمان يەرگە،
گويا كۆككە يەتكەن ئۇچى.
قىلىشاتتى نەغمە ـ ناۋا،
تىپ ـ تىپ قۇشلار شاخلىرىدا.
بوپ كېتەتتى ئاستى بازار،
يازنىڭ دىمىق چاغلىرىدا.
ئۆتكۈنچىلەر ماختىماستىن
ئۆتۈشمەيتتى بۇ شەمشاتنى.
پىچاق، بەكە بىلەن ئاتا
ئۇيۇشاتتى ھەر خىل خەتنى.
بىرسى ئويسا: «بۇ ئالەمدە
مۇنداق شەمشات تېپىلمىغاي!»
بىرى ئۇيار ئىدى ماختاپ:
«دەرەخلەرنىڭ شاھى بولغاي!»
بىرى ئويسا: «بۇ شەمشاتنىڭ
بۇ يىل يۈزگە تولدى يېشى».
بىرى ئويغان: «بۇ شەمشاتنىڭ
تاقاشقۇسى ئايغا بېشى».
بىرى ئويسا ماختاپ ئۇنى:
«يۇرتنىڭ كۆركى ـ زىننىتى» دەپ،
بىرى ئويار ئىدى: «شەمشات ـــ
سايىسى جان راھىتى» دەپ.
«ياشا شەمشات!»...دەپ بەزىلەر
خەتلەر ئويۇپ قويۇپ كەتكەن.
ھەممە يېرى ئۇنىڭ شۇنداق
مەدھىيىگە تولۇپ كەتكەن.
يىللار ئۆتۈپ خەت ئويۇلغان
يەرلىرىگە يىلىم ئويۇپ.
كۆپ ئۆتمەستىن ئاشۇ شەمشات
قوۋزاق تاشلاپ كەتتى قۇرۇپ.

## تامچە

**مەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا**

تاشنىڭكى ئۈستىگە چۈشكەندە تامچە،
دەپتۇ تاش «يۈزۈمنى يۇماقچىمۇ سەن؟!
سەن تېخى ئەيىنەيدەي مۇشۇ ھالىڭغا،
ھە تېخى، بېشىمنى چەكمەكچىمۇ سەن!»
تاش ھەرگىز تامچىغا قىلماپتۇ پەرۋا
ئارىدىن بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتۈپتۇ.
تامچىمۇ توختىماي ئېقىپتۇ شۇنداق،
تامچىلاپ ئاخىرى تاشنى تېشىپتۇ.

## ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇرپاندا ئېچىلغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مۇھاكىمە يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



يىغىن قاتناشچىلىرى شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلدى.




ھەرقايسى ژۇرناللارنىڭ مۇھەررىرلىرى سۆھبەتتە.



يىغىن قاتناشچىلىرى ئۈزۈمچىلىك يېزىسىدىكى بېيىغان ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلدى.

سۈرەتلەرنى ئەرشىدىن توختى تارتقان.




# تارىم

塔里木（维吾尔文，文学月刊）

TARIM (in Uiqhur A monthly Literature jornal)

1985 - يىل 5 - سان (289 - سان)، 28 - يىل نەشرى

تۈزگۈچى: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى (ئېلانچۇن نومۇرى: 24784)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارى-
لىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

چەتئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو نەشرىيات تاشقى سودا باش شىركىتى
(بېيجىڭ 614 - خەت ساندۇقى).

o· p· Box 614, Beijing, China

باسما تاۋاق: 10، ژۇرنال نومۇرى: 66 — 58، باھاسى: 0.50 يۈەن.

قەرەللىك ژۇرنال نومۇرى: **356**

定价：0.50元